I207.915/50

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

# ئەدەبىياتىمىز نېمە دەيدۇ

21500015181

مىللەتلەر نەشرىياتى

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئاز سانلىق
مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىلمى بويىچە قۇرۇلۇش تۈرى
新疆师范大学中国少数民族语言文学学科建设项目

بۇ كىتابىمنى بالىلىقىمدا ئوتلۇق
قوشاقلىرى ۋە ساماۋى چۆچەكلىرى
بىلەن قەلبىمدە ئەدەبىيات ئىشتىياقىنى
ئويغاتقان مەرھۇمە مومام پاتەمخان
ئارىپ ھاجى قىزىنىڭ پاك روھىغا چەك-
سىز ھۆرمەتتە بېغىشلايمەن

— ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ئابدۇبەسىر شۇكۇرى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەممە بەدد-
ئىي تەركىبلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۇلار ئۇستىدە ئىزچىل
ئەمەلىي ئىزدىنىۋاتقان، مۇئەييەن ئىلمىي نەتىجىلەرنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ كەلگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق ھۆرمەت ۋە ئېتىراپىغا
ئېرىشكەن تالانتلىق تەتقىقاتچىدۇر. مەن ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەر
خىل مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان، يېڭىچە ئىلمىي پىكىر ۋە
كۆزقاراشلىرىغا تويۇنغان ئىجادىي ماقالىلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئو-
قۇپ كەلدىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى سۆيۈنۈش
ئىچىدە ئوقۇپ چىقىپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ھەقىقەتەن ئۆزىگە
خاس ئالاھىدە ئىلمىي پەللە يارىتالىغىنى تېخىمۇ ئەمەلىي ھالدا
چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مېنىڭچە توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ ئىلمىي ئىز-
دىنىش نۇقتىسى يېڭى، مۇھاكىمە دائىرىسى كەڭ، پىكىر ۋە
كۆزقاراشلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى رې-
ئال ئەھۋالى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر ئىجادىي ئىلمىي
ئىزدىنىش دېيىشكە بولىدۇ. توپلامغا كىرگەن ماقالىلەر تۆۋەندى-
كىدەك روشەن ئىلمىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) ئاپتور يۇقىرى نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشكە ۋە مىللىي
ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە چوڭقۇر ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە بولغانلىق-
تىن ئۆز مۇھاكىمىلىرىدە ئەركىن ۋە ئازادە بولۇپ، مەسىلىلەر-
نى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئانالىز قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى مەزمۇن
جەھەتتىن مۇئەييەن كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈرگەن.
نەتىجىدە ئۇنىڭ ماقالىلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر دەۋرلىك تە-

رەققىياتىنىڭ ھەممە زۆرۈر ئىلمىي مەسىلىلىرى بىلەن تەبىئىي
ھالدا باغلانغان.

(2) ئاپتور بۇ ماقالىلىرىدە باشقىلارنىڭ تەييار بايان ۋە
خۇلاسىلىرى كەينىدىن ئەگەشمەي، ھەرقانداق تەسىرات ۋە ئۆز-
لەشتۈرمە پىكىرلەرگە بېرىلمەي، ھەممىنى مىللىي ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ
مۇستەقىل ئىلمىي ئىزدىنىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مۇئەييەن
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان ئىجادىي پىكىر ۋە كۆزقاراشلىرىنى
بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇ ھەممە نەرسىگە ئۆزىگە خاس ئىلمىي يول
بىلەن ياندىشىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى،
ھەرقايسى تۈر، ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى، ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي گەۋدىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتـ-
قان كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە يېڭى ئىجادىي پىكىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ماقالىلەرنى ھەرقانداق كىشىنى قا-
يىل قىلىدىغان روشەن ئىلمىي خاسلىققا ئىگە قىلغان.

(3) ئاپتور ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھۋالى ھەق-
قىدىكى مۇھاكىمىسىدە ئەدەبىياتىمىزدا ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئى-
گە بولغان بىرمۇنچە ئاپتورلارنى نۇقتىلىق قەلەمگە ئېلىپ، ئۇ-
لارنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتىنى چوڭقۇر ھالدا ئىلمىي مۇھاكىمە
قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە تۆھ-
پىسىنى دەل ۋە توغرا يورۇتۇپ بەرگەن. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاب-
دۇخالىق ئۇيغۇر، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، مەمتىمىن
ھوشۇر، ئالىمجان ئىسمائىل، مۇھەممەت خېۋىرگە ئوخشاش
تۆھپىكار ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى باھا ۋە
خۇلاسىلىرىنى ئومۇمىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ
بەدىئىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئورتاق ئىلمىي يەكۈنى دېيىشكە
بولىدۇ.

(4) توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنىڭ پىكىر يوللىرى



ئېنىق ۋە راۋان، قۇرۇلمىسى ئىخچام ۋە يىغىنچاق، مۇلاھىزىلى-
رى ئېنىق ۋە روشەن، بايانلىرى جانلىق ۋە تەرتىپلىك بولۇپ،
ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئالاھىدە بىر خىل سېھرىي
كۈچكە ئىگە. مېنىڭچە بۇ ئاپتورنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئاسا-
سىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ئەدەبىي تەتقىقات يېزىقچىلىقى بىلەن ئىز-
چىل شۇغۇللىنىپ، ئۆزىگە خاس يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى يېتىلدۇر-
گەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

مەن ئابدۇبەسىر شۈكۈرىنىڭ بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى ئەدە-
بىي تەنقىدچىلىكنىڭ ھەممە زۆرۈر ئىلمىي تەرەپلىرىنى ئۆزىدە
تولۇق گەۋدىلەندۈرگەن، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى
يېڭى تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغان قىم-
مەتلىك ئىجادىي ئەمگەك ھېسابلايمەن.

مۇھەممەد پولات

2006 ـ يىل 25 ـ نويابىر

# ئىچىدىكىلەر


شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكلىرى ھەققىدە ...... 1

قۇياش ۋە چۆچەك ...... 16

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ۋە مۇھەممەت پولات ...... 23

بىزدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ...... 40

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ بەزى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ...... 58

ئەزىزانە شەھەردىكى بىر ئۇچقۇنىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ... 67

غورا خىياللار ...... 85

يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ...... 99

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى بوشلۇقلار ... 120

«ئوۋ تاماشىسى» دىن تۇغۇلغان ئوي ...... 140

ئەسلىم ئەينىكى، ۋەسلىم تارىخى ...... 146

پاكىز سەھرانىڭ بىغۇبار ناخشىسى ...... 164

سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ئىنسانىي ھېسسىياتنىڭ يارقىن ئوبرازى ...... 174

پىنھان ئىشق گۇلخانلىرى ...... 185

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىلىدىكى پروزا سەھىپىسىگە بىر نەزەر ...... 195

بىر ئوبزورنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم ...... 213

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھەققىدە يەنە ئىككى ئېغىز گەپ ... 222

پىنھان قەلب سىزغان سۈرەتلەر .................... 242
ئىزگۈ تىلەك .................................... 252
ئورال ساداسى .................................... 258
ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ئەدەبىي
تەرجىمىچىلىكىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم ...... 265
«مۇھەممەت بىشر چىڭۋاڭ» رومانى ھەققىدە بەزى
قاراشلىرىم .................................... 294
«ئانا يۇرت» رومانىدا مۇختەر باي ئوبرازى ............ 305
يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ رومانچىلىق ئىجادىيىتى
توغرىسىدا ...................................... 312



# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكلىرى ھەققىدە

كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-
دىن ئىبارەت بۇ ئاجايىپ سىيما 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىمىزدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە بايراقدار ئورۇندا
تۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ئىزدەنگەن بەزى تەتقىقاتچى-
لار بىردەك شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشتىكى، بۇ شائىر ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۆزىنىڭ ئۆل-
مەس شېئىرلىرى بىلەن يېڭى يول ئاچقان بولسا، بىز بۈگۈن
ئەدەبىيات نەزەرىيە كىتابلىرىمىزدا زىكرى قىلىدىغان ئىجادىيەت
مېتودى جەھەتتە ھەقىقىي چىن رېئالىزم (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ
رېئالىزمى ئەلۋەتتە ئىنقىلابىي رېئالىزم) نى ئىستىللىق پەللىسى-
دە تۇرۇپ ياراتقان دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە
ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ شائىر شېئىرلىرىدىكى
پىكىر ۋە مەزكۇر پىكىرلەرنىڭ زامان ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە
خېلى چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق مۇھاكىمىلەر بولۇندى. مەن بۇ
ئاددىي يازمامدا يەنە شۇ دېيىلىپ بولغان گەپلەرنى تەكرارلاپ
ئولتۇرماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر-
لىرىدىكى بەدىئىي دىتلار توغرىسىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلى-
شىشنى ئىستەيمەن.

خۇددى ج. خ. جىبران ئېيتقىنىدەك «شېئىر — ئىپادە
قىلىنىدىغان پىكىر ئەمەس، بەلكى يارا ئېغىزىدىن ياكى كۈلكە
ئېغىزىدىن ئۇرغۇپ چىققان ناخشىدۇر». ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شې-

ئىرلىرى ھەقىقىي رەۋىشتە يارا ئېغىزىدىن چىققان ناخشىدۇر. شائىر 30 ـ يىللاردىكى دەھشەتلىك ئۇيغۇر پاجىئەسىدىن ئۆرتىنىپ، قەلبى پۇچىلاندى. مانا شۇ دەھشەتلىك يارا ئېغىزى شائىرغا ھەسرەتلىك ناخشىلارنى ئېيتقۇزدى. شائىرنىڭ «ئۇيغۇر» تەخەللۇسىنى ئىشلىتىشىنىڭ ئۆزىلا دەل شۇ يارا ئېغىزىدىن چىققان ئوتلۇق نىدا ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا مەزكۇر تەخەللۇسنىڭ ئۆزىلا قالتىس شېئىر ئىدى، شۇڭا شائىرنىڭ ھەربىر شېئىرى ۋە ھەربىر مىسراسىدىن ئۆز خەلقىنىڭ دەرد ـ ئەلىمى، پاجىئەلىك ھايات تىنىقىنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇ ئۆزى ھەقىقىي ئىنسان ئىدى، بىزنىڭ كلاسسىكلارنىڭ ئادىمىيلىكنى ئۆلچەيدىغان تارازىلىرى ئاجايىپ يۈكسەك ئىدى، شۇڭا ئەلىشىر نەۋائى تەلقىنلىرى ئادىمىيلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

نەۋائىچە ئادەم سىياقىدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەم ئەمەس، ھەقىقىي ئادەمنىڭ ئۆز خەلقى غېمىدىن باشقا غېمى بولمايدۇ، بۇ تۇرقىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھايات كەچۈرمىشى بىزگە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئادىمىيلىككە خاس پەزىلىتى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ ئىنسانىي ئەركى ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشى ئۈچۈن شېئىرىيەتنى شەمشەر قىلىپ، جەڭگە كىرگەن شىر يۈرەك ئەزىمەت. شائىر شەمشىرىنى تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن خەلقىنىڭ جانلىق تىلىنى شېئىر تىلى قىلىپ ئىشلەتتى. مىلادىيە 14 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا ئورتاق ئەدەبىي تىل نورمىسى بولۇپ كەلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى (يېقىنقى



زامان ئۇيغۇر تىلى) تاكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەۋرىگىچىلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. خەلقئارادىكى كۆپلىگەن تۈركولوگ، ئالىملارنىڭ بىردەك ئېتىراپىچە، بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان مەزكۇر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىدىن 5 ـ ئەسىرگە (500 يىلغا) يېقىن ئايرىلىپ قالغانىمىش ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىدىن نەچچە ئېرا مابەينىدە يىراقلاپ كەتكەنىمىش. ئەلۋەتتە، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قاراشقىمۇ قارشى. چۈنكى، دېمىسىمۇ جانلىق تىلدىن نەچچە يۈز يىل ئايرىلىپ قالغان بىر ئەدەبىي تىل چوقۇم باشقا تىلغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ ساھەدىكى تەتقىقات ئۆزىنىڭ يولى بىلەن مېڭىۋەرسۇن، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەسرىمىزنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كىتابىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلى بىلەن مۇئەييەن پەرق شەكىللەندۇرگەنلىكى بىزگە ناھايىتى روشەن بولدى. شۇنداق بىر شارائىتتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پۈتۈن ئاۋام ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان ئۆز دەۋرى جانلىق تىلىنى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللاندى. شائىرنىڭ ھەممە شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق ئاممىباب ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلى بىلەن جۇلا قىلىدۇ.

شېئىرىيەت، ھېكمەتنى لىرىك بىلىش ۋە ھېكمەتنى لىرىك تۇستە سەنئەتلەشتۈرۈش بىلەن ئاجايىپ سەنئەت. شېئىرنىڭ سەنئەتلىك قۇۋۋىتىمۇ لىرىك قۇدرەتكە باغلىق بولىدۇ، شېئىر لىرىكىدىن ئىبارەت. شۇنداقكەن، شېئىردىكى ئىدېئالمۇ تەبىئىي لىرىكىلىشىدۇ. لىرىكىلەشكەن ئىدېئال تىل ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادىلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى بۇ يەردە تىلنىڭ ئۆزىمۇ لىرىكىلىشىپ كېتىدۇ. تىلنىڭ لىرىكىلىشىشى ئادەتتىكىچە بولماي بەلكى ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدە بولىدۇ، شېئىرىيەتنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى شائىردىن پەۋقۇلئاددە بەدىئىي تەپەككۇر، يېتەرلىك بەدىئىي تىل نورمىسى ۋە ئاجايىپ بەدىئىي دىت تەلەپ قىلىدۇ،

شۇڭا شائىر بولۇش ئىستىكىدە ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن تالاي جاپا-
كەشلەر شېئىرىيەتنىڭ بۇ داۋىنىدىن ئاشالماي ئۆزلىرىنى بىھۇدە
ئاۋارە قىلىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى مانا بۇ
جەھەتتە ئۈلگىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. قاراڭ، بىز شائىرنىڭ «ئۇي-
غۇر قىزى» ناملىق لىرىكىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئەي قەمەر، قاراشىڭدا مەن ھەيرەتتە قالدىم ئۇشبۇتۇن،
ماھى رۇخسارىڭ سېنىڭ ئون تۆت ئىكەن تولغان بۇ كۈن.

ئول قۇياش تارلىق قىلىپ، چاچقانى راست ئوخشايدۇ ياغ،
شۇ سەۋەبتىنمۇ يۈزۈڭدە بار ئەجەب پۈتمەس بۇ داغ.

ئۇشبۇ داغدىن گۈل يۈزۈڭگە يەتمىدى ھېچبىر زەرەر،
بۇ ئەسەر بىر مەڭ بولۇپ، ھۆسنىڭنى ئارتتۇردى مەگەر.
. . . . . .
ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كۆڭلى كەبى بىر سىر قارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ سالدى كۆڭۈلگە جىق يارا.
. . . . . .
تەۋرىنىپ كەتسەڭ ئەجەب يەلپۈنەدۇر بۇ ساچلىرىڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ ئاقۇر قان - ياشلىرىم.

قاتتى قالدى قارىغان يەردە سېنىڭ بۇ شائىرىڭ،
تىلىسەڭ قىلغىل مۇسۇلمان، تىلىسەڭ مەن كاپىرىڭ.

بۇ شېئىرنى بىز باشتىن - ئاخىر تويۇنغان لىرىك تىل
قۇچىقىدا ئوقۇپ چىقىمىز، لىرىك تىل ئادەتتە بىز كۆپ تىلغا
ئالىدىغان ئوبرازلىق تىلدۇر. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ دەسلەپ-
كى ئىككى مىسراسىلا ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا كىشىنى ھەيران



قالدۇرىدىغان تولۇن ئايدەك چىرايىنى زاھىر قىلىدۇ، كەينىدىنلا
شائىر لىرىك چالغىتىشقا ئىشتىراك قىلىپ بەلگىلىك ئەقلىي
ھېكمەت ئۈچۈن مەيدان ھازىرلايدۇ. شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا زىيا
چەشمىسى بولغان شۇنچە قۇدرەتلىك قۇياشمۇ بۇ ماھتابانغا ھە-
سەت قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى داغلىدى. ئەمما بۇ پۈتمەس داغ
ئۇنىڭ گۈل يۈزىگە ھېچبىر زەرەر يەتكۈزەلمىدى، ئەكسىچە بىر
مەڭ بولۇپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى. ئەمدى ئۇنىڭ چاچلىرىچۇ؟
ئۇنىڭ چاچلىرى خۇددى ئۇنىڭ رەقىبلىرىنىڭ كۆڭلىدەك قارا.
ئاشۇ چاچلارنىڭ ھەربىر يەلپۈنۈشى شائىرنىڭ ئۈمىدلىك قان -
ياشلىرىغا ھامىي. شائىر بۇ ھالدا قارىغىنىچە ئوبيېكتتىن شۇنچە
تۆۋەن بولغان يەردە قېتىپلا قالدى، ئەمما شائىرنىڭ تەپەككۇرى
قاتمىغانىدى. ئەمما شائىر تەپەككۇرى لىرىك ھېكمەت خۇلاسىسى-
گە ئورۇن بەردى، يەنى شائىرنى نېمىلا قىلسا خاھ مۇسۇلمان،
خاھ كاپىر، بۇنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇ بىر قان ياش ھامىيسى
ماھتابان ئىگە. شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك تۇيغۇسىنى ئەنە شۇنداق
يۇقىرىقىدەك يارقىن ۋە ئوبرازلىق شېئىرىي تىلدا بەردى، ئاشۇ
تۇيغۇنى مۇبادا بىز مانا ھازىرقىدەك (مۇشۇ قۇرلىرىمىزدا ئېيتى-
لىۋاتقاندەك) بايان قىلىپ كۆپايىلەنسەك، ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ
مىسرالىرىدەك بەدىئىي ۋە ئەقلىي نىشانغا يېتەلمەيمىز، ئوبراز-
لىق تىل دېگىنىمىز مانا شۇ. ئوبرازلىق تىلنىڭ قۇدرىتى دېگى-
نىمىزمۇ دەل مانا شۇدۇر. خۇددى بىرەر مىللەتنىڭ مىللىي تىل
لۇغەت سوستاۋىدىن «ئوبرازلىق سۆزلەر» نى ئايرىپ بەرگىلى
بولمىغىنىدەك، ئوبرازلىق تىلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ
كونكرېت كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ھازىرقىدەك ئۇ-
سۇلدا كۆزەتكەندە ئۇ ناھايىتى ئېنىق زاھىر بولىدۇ.
بىز ئادەتتە نەزەرىيە كىتابلىرىدا شېئىرىيەت تىلى يېقىم-
لىق، جەزىبدار، گۈزەل بولۇشى لازىم، دەپ كۆپ سۆزلەيمىز.
بۇ، ئادەتتە شائىر تەپەككۇرىدا تاۋلانغان ھېكمەتنى دەل، جانلىق

ۋە ئىخچام ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئىجتىمائىي تىلنى كۆرسىتىدۇ. ھېكمەت قانچە چوڭقۇر ھەم ۋەزىنلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى دەل ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىل بولمىسا، ھېكمەتنىڭ ئۆزىگە خاس جەلپكارانە مەنىۋى ئالەمنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بەدىئىي ئىجتىمائىي تىلنىڭ غايەت قۇدرىتى شۇ يەردىكى، گېزى كەلسە ئۇ ھايات جاننى مۇردىغا، مۇردىنى ھاياتلىققا ئايلاندۇرالايدۇ. ئەمما شۇ نۇقتا ئېنىقكى، ھەقىقىي تىل سەنئەتكارى بولغان شائىر ئىجادىي تىلنىڭ بۇ خاسىيىتى ئۈچۈن زارىقىپ بىھۇدە ئەجىر قىلمايدۇ. ئۇ دەبدەبىلىك قۇرۇق گەپلەردىن، لۇغەت فوندىدىكى قاتار مەنىداش سۆزلەردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. شائىر ئۆز پىكرى ۋە ئۆز پىكرى ھەقىقىتىنىڭ ئوقۇرمەن مەنىۋى دۇنياسىدا ئەينەن تەسىرات ۋە تەسىرلىك تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئاممىباب تىلنى دەل جايىدا توغرا ئىشلىتىپ، ئۇنى يەنىمۇ بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان ئىجتىمائىي تىلغا ئايلاندۇرالايدۇ. بىز شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىنى كۆرەيلى:

ئەي يارىم، ھىجرىڭدە كۆڭلۈم ئىنتىلىشنى ئىستىمەس،
مەن خىتاب قىلسام ۋەتەنگە ئىزلىنىشنى ئىستىمەس.

ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

ئۇ ئۇزۇن، بۇ قىسقا دەپ ھاۋىشىپ يۈرىدۇ بەزىلەر،
ئوغرى تەگسە ئۆيىدە مالغا ئىز تېپىشنى ئىستىمەس.

ئېھتىياجاتى ئۈچۈن سەن بىر كېڭەش بەرسەڭ ئەگەر،
بىز بىلۈرمىز دەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى ئىستىمەس.



ھام[1]نىڭ ئەۋلادى بۇ كۈن قۇللۇقتا بىرى قالمىدى،
ئۇيغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس.

باشقىلار پويىز، پاراخوتتا ساياھەتلەر قىلۇر،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىش ئاسان ئەمەس.

ئىزدىدى ھۇما قۇشنى كۈندە كۆكلەرگە قاراپ،
ئىزدىگەنلەر بېشىغا ھۇما قونۇشنى ئىستىمەس.

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب ئىڭرايدۇ ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.

ئابدۇخالىق قىل سۆبات، ئىزدە سىراتىلمۇستەقىم،
بۇ سۆبات بارىدا كۆڭلۈم ئۇ ھۇمانى ئىستىمەس.

30 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر پاجىئەسىنىڭ يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر پۈتۈن ھاياتىي مەنزىرىسىنى شائىر مانا مۇشۇ ئون كۇپلېت شېئىرى بىلەنلا ناھايىتى يارقىن، تولۇق ۋە دەل سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا غەپلەت بۆشۈكىگە مەھكەم تېڭىلغان ئۇيغۇرنىڭ مەنىۋى كېسەللەر ئاسارىتىدە بەك خەتەرلىك ھالدا ياتقانلىقى، دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ زامانىۋى ھاياتقا ئاللىبۇرۇن قەدەم قويۇپ قۇللۇقتىن ئازاد بولغانلىقى، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ بولسا داۋالىنىشنىمۇ ئىستىمەي، مىنىشكە بىر قوتۇر ئېشىكىمۇ يوق ھالدا كۆڭۈل چىدىغۇسىز دەرىجىدە ياشاۋاتقانلىقى گەۋدىلىنىدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى ئوقۇغۇچىنىمۇ گويا ئاشۇ مۇھىتقا ئېلىپ بېرىپ، شۇ

[1] ھام — ياۋروپادىكى مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئازابلىق ھايات مەنزىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇرمەن ئاشۇ ئازاب-
لىق ھاياتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.
ئەسلىدە بىر ياخشى شېئىر قايناق ھېسسىياتنىڭ ھېچ توسال-
غۇسىز راۋان ئۇرغۇپ چىقىشىدىن بارلىققا كېلىدۇ. شۈبھىسىز-
كى، يۇقىرىقى شېئىر دەل ئەنە شۇنداق شېئىردۇر.
تىلنىڭ ئەڭ مۇنبەت ۋە ئەڭ باي زېمىنى ئىجتىمائىي ھايات-
نىڭ قاينام تاشقىنلىق ئەمەلىيىتىدۇر. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن پېش-
قەدەم ئەدىبلەر نۇرغۇن نەسىھەتلەر قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ
ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، كېيىنكىلەر ئۇچۇن قىم-
مەتلىك تەجرىبىلەرنى قالدۇرغان. بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز
خەلقنىڭ تاۋلانغان، ئوبرازلىق تىللىرىدىن ناھايىتى ئۇنۇملۇك
پايدىلانغان، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدىكى ھەربىر مەقالا-
تىدىن يۇزلەپ خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى تاپالايمىز. مەسى-
لەن، ئەلىشىر نەۋائى بەزى ئۆزىدىن باشقا، بولۇپمۇ ئۆزىدىن
بىلىملىكلەرگە دائىم نەشتىرىنى سانجىپ تۇرىدىغان پەزىلەتسىز
ئادەملەر تەنقىدىي سەھىپىسىدە كېتىۋېتىپ مۇنداق ئىككى مىسرا-
نى تىزىدۇ:

كىمكى فەلەك سارى ئاتار تاشنى،
تاش ئىلە ئازۇردە قىلۇر باشنى.

«ئاسمانغا تاش ئاتساڭ، بېشىڭنى يارار» ، «ئاسمانغا تۈكۈر-
سەڭ يۈزۈڭگە چۈشەر» دېگەن خەلق ماقالىنى شائىر دەل جايىدا
ئىشلىتىش بىلەن نۇرغۇن قۇرۇق گەپنىڭ سەھىپە بۇلغىشىدىن
ئۆزىنى تارتىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىمۇ بىرمۇنچە
ئاتىلار سۆزلىرى بەك جايىدا ئىشلىتىلىپ، تىلنىڭ بەدىئىي نور-
مىسىنى ئارتتۇرغان. شائىرنىڭ «بىۋاپا» ناملىق شېئىرىدا مۇن-
داق مىسرالار بار:



. . . . . .
ئەي شامال، غېرىب سالامىنى يەتكۈزسەن ھامان،
ئىشقىڭدا ئاز قالدى جان كۆپ ئانچە غاپىل بولمىغاي.

ئابدۇخالىق ئوتتا كۆي يا سۇدا ئاق، ۋەسلىگە يەت،
چىن يىگىت ئېيتقان سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانمىغاي.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پارچىلىرى ئىچىدە مۇنداق
پارچىلار بار:

سەن ئۆلۈك دەمسەن مېنى،
مەن ئۆلمىدىم تېخى تىرىك.
بىر مىسال بار: «ئىشەنگەن —
تاغ ئارا ياتماس كېيىك» .
. . . . . .

جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلالماي، ئۆتمەكتە ئۆمۇرلەر تامام،
«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» يا يەتمىدى مېنىڭ چامام.

مىسلى كۆزىدىن تېڭىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۇزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىلىڭ چىدام.

شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرىدا ئاتىلار سۆزلىرى دەل جايىدا
ئىشلىتىلىپ، بەدىئىي تىلنىڭ جەزبىدارلىقى ۋە ھاياتىي كۈچى
تېخىمۇ يۇكسەك بىر بالداققا كۆتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ فولكلور-
غا، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن-
لىكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ناھايىتى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئاب-
دۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بەزى شېئىرلىرى خەلق قوشاقلىرىنىڭ بە-
دىئىي ئۇسلۇبىغا بەك يېقىن بولۇپ، ئوقۇغۇچىدا يەڭگىل تىل

زوقى قوزغايدۇ. شائىرنىڭ «ئۈمىد تەبەسسۇمى»، «ئاچىل»، «يەجۇجى ـ مەجۇجى»، «ئىنتىزارلىق» ۋە «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرىدىن بىز خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۈچلۈك ھىدىنى پۇرايمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تىلى پەۋقۇلئاددە خاسلىققا ئىگە، يەنە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاجايىپ قويۇق ئىچكى مەنىگە تويۇنغان. ئاتاقلىق ئوبزورچىمىز مۇھەممەت پولات ئەپەندىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىري تىلىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، ئىچكى مەزمۇنغا باي، ئىپادە قىلىش كۈچى كۈچلۈك بولۇپ، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ئىرادىسى بىلەن مەردلىك ۋە جاسارەت يالقۇنىغا تولۇپ تاشقان، ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىدا ئىسيانكار شائىرنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۈكسەك ھاياتىي غايىسى ئايان.»[①]

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ ئىسيانكارانە روھنى بىز ئۇنىڭ ئوبرازلىق تىلىدىن ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

شېئىر ئۆزگىچە بىر خىل سەنئەت. ئۇنىڭ باشقا ژانىرلاردىن ئۆزگىچىلىكى شۇ يەردىكى، شېئىر شەكىل يېقىدىن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، مەزمۇن يېقىدىن مۇئەللىپ ھېكمىتىنى ئاجايىپ يۈكسەك تۇيغۇ ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇپ يېڭى ئاھاڭدارلىقنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى پەۋقۇلئاددە باي ھېس ـ تۇيغۇ ماكانىغا ئايلىنىدۇ. قەلب ھېسسىياتى كۆۋەجەپ تېشىپ تۇرمىغان كىشى، مەيلى ئۇ قانچىلىك دەرىجىدىكى تىل ماھىرى بولسۇن ھەرگىزمۇ ھارارەتلىك مىسرالارنى تىزىشقا قادىر بولالمايدۇ، شۇڭا ھەقىقىي شائىرلار گاھىدا ئۆز ھېكمىتى بىلەن بىرگە شام بولۇپ كۆيىدۇ، گاھىدا چەشمە بولۇپ تاشىدۇ. شائىرلار

① مۇھەممەت پولات: «ئەدەبىيات ۋە دەۋر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 88 ـ بەت.



گاھىدا ئۆز ھېكمىتى بىلەن بىرگە يالقۇن بولۇپ ئۆرتەنسە، گاھىدا دېڭىز بولۇپ قىرغاقلارغا سوقۇلىدۇ. بىزنىڭ كۆپلىگەن كلاسسىك شائىرلىرىمىز مانا شۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنى دەشتلەرگە سۈرگۈن قىلغان، بولۇپمۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەمەلىي ھايات تارىخى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇلار مەنىۋى ئىشق ئوتىدا ئۆزلىرىنى فانى ئەيلەيدۇ. ئالايلى، قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئەنە شۇنداق شائىرلىرىمىز جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۆزبېكنىڭ ياش تەتقىقاتچىسى ئىبراھىم ھەققۇلوف مۇنداق دەيدۇ: «... ئەھمەد يەسەۋى ھېكمەتلىرىنى ئوقۇغاندا ئىختىيارسىز مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: خۇدا ئىنسان بارلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي زوھراتى، خۇدا دىلدا ياشايدۇ، بۇ دىل ئىلاھى جەزبە كەسىپ ئەتمىكى ئۈچۈن ئاللائىنايىتىللا تۆپتىن يېڭىلىنىدۇ، مانا شۇندا قەلب دائىرىسىدىكى ئىنقىلاب سادىر بولىدۇ، بۇ ھەقىقىي ئىشق. ئادەم ھەق ۋە ھەقىقەت دەردىدە ئۆرتىنىپ ئۆتمىكى كېرەك، شۇ ۋەزىپىنى قاي دەرىجىدە ئوبدانراق بىلىشىگە قاراپ ئادىمىيلىكنى ئېنىقلاش مۇمكىن... ئەگەر كىشىدە ئىشق بولمىسا ھەتتا سەلتەنەت ساھىبى سۆپىتىدە داۋراڭ سالغىنىدا ھەم ئۇ قۇرۇق جەسەتتۇر. چۈنكى ئىشقسىزلارنىڭ ھەم جېنى يوق، ھەم ئىمانى يوق. ئىشققا يەتمەك — ئوتقا چۈشمەك.»[①]

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئىشقىدا كۆيۈپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرىشىپ، ياش ھاياتىنى مۇشۇ يولغا بېغىشلىغان ھەقىقىي مەرد جان ئىگىسى ئىدى. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا باشتىن ـ ئاخىر بىر غايىبانە يار (ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە تەققاسلانغان يار) نىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىدۇ:

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇر ۋە شېئىرىيەت»، غۇلام غوپۇرى نامىدىكى نەشرىيات 1991 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 136 ـ بەت.

ئەي، ماڭا ئوتلار سىلىپ ئەقلىمنى ئالغان قايدىسەن؟
بىشىمغا غەم ياغدۇرۇپ، كويلارغا سالغان قايدىسەن؟

بارمىدى يا، بىر ئۈچۈك، يالغۇز ماڭا يەتتى كۈچۈك،
يوقلىمايسەنغۇ كېلىپ، تۈنلەر بالىجان قايدىسەن؟

بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمراھ بولۇش ئار كەلدىمۇ؟
دەردى دەۋران ئۈستىگە ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن؟

سەنسىز زۇلمەتتۇر جاھان، نۇر ئىمەر سەندىن قاچان؟
سەن ئۈچۈن تىكىلدى جان، بولمامسەن قالقان، قايدىسەن؟

(شائىرنىڭ «قايدىسەن» ناملىق شېئىرىدىن)

شائىر شېئىرلىرىدىكى بۇ غايىۋى بەدىئىي ئوبراز شېئىرنىڭ بەدىئىي ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. شائىر قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان بۇ مەنىۋى ئوت ئوقۇرمەن قەلب دۇنياسىغىمۇ تەبىئىي تۇتىشىدۇ، گىيوتى شۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەت ئىلاھلىققا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئۇنى بىۋاسىتە بىلىۋېلىشىمىزغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. بىز ئۇنى پەقەت ئەكس نۇر، ئوخشىتىش، سىمۋوللارنىڭ ئىچىدىلا كۆرەلەيمىز.» شېئىرىدىكى بەدىئىي ئوبرازمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇنى بىز پەقەت سىمۋول ۋاستىسى بىلەن ناھايىتى ياخشى قوبۇل قىلىمىز. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى بۇ ھال كىشىنى تولۇق قايىل قىلىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا شائىرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى قاندۇرالايدىغان كەڭ سەھنىسىمۇ دەل بەدىئىي ئوبراز سەھنىسىدۇر. شائىر دۇنيانى بىلىش جەريانىدا ئىنتايىن نازۇك ۋە ئوتلۇق ھېسسىيات ئالىمىگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بارلىقنى سەنئەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىمكان تۇغۇلىدۇ، بۇ چاغدا



شائىرغا ھېچقانداق كۈچ توسالغۇ بولالمايدۇ، ئۇ ئۆزىنى ھەرقانداق جايغا قويالايدۇ، ئۇ سۇلتان بولالايدۇ، ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىپ زەبەردەس جەڭچىدەك جەڭگە كىرىدۇ.

. . . . . .

كۈنۈتۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چوقان بىلەن.

مەن زىرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭچۇ، ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلىچنى بوياپ قان بىلەن

(«كۆڭۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرىدىن)

ھەقىقىي شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتىغا يەنە كېلىپ چىن مىللىي روھ جان بېرىدۇ، مىللىي ئەقىدىنىڭ ھاياتىي كۈچى بولمىسا، ئۇ ھالدا شېئىر ھارارەتسىز گەپلەر تىزمىسىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا گوگول «ھەقىقىي مىللىيلىك ساپانى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى خەلقتىكى روھنىڭ ئۆزىدە» دەيدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھېسسىياتى ھەقىقىي رەۋىشتىكى خەلقنىڭ ھېسسىياتىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ھېسسىياتى خەلقنىڭ ھېسسىياتى بىلەن تەبىئىي بىرلىكنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چىن ھېسسىيات ئوقۇغۇچى قەلبىنى ئاجايىپ كۈچلۈك لەرزىگە سالىدۇ. شائىر يەنە ئاشۇ پاجىئەلىك ئۇيغۇر ھاياتىغا ئۈمىد بىلەن نەزەر سالىدۇ. ئىنقىلابىي شائىرلا ھەر ۋاقىت ئۆز خەلقىگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە روھ بېرىش ئۈچۈن قەلەمنى

قورال قىلىپ توختاۋسىز كۈرىشىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ نادامەتتە، قاشاقلىقتا قالغانلىقى بىلەن كۆپ ھەسرەت چەكسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۈمىد مەشئىلىنى ئۆچۈرمەيدۇ.

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
نە بولدى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن.
. . . . . .

دېمەك، بۇ مىسرالىرىدا شائىر ئوقۇرمەنگە چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ھەقىقىي تەنقىدىي رېئالىزم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەلىمىگە مەنسۇپتۇر. ئەمما شائىرنىڭ ئىجادىي مېتودىنى خاس ۋە نوقۇل ھالدىكى رېئالىزملىق ئەدەبىيات مېتودى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى رېئالىزم لىرىك تەسەۋۋۇرلار قۇچىقىدا جانلىنىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك تەسەۋۋۇرى ئۇ تەشنا بولۇۋاتقان بىر بۈيۈك غايىۋى ئوبرازنى لىنىيە قىلىپ، گاھ ئازابلىق نەرە تارتسا، گاھ ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان ياڭراق خىتابقا ئورۇن بېرىدۇ:

. . . . . .
ئايرىلىپ سەندىن ئىسسىت! ۋەيرانە بولدى خانۇمان،
باغلىرىم دەپسەندە بولدى، چەيلەندى، يېدى قاۋان،
ھەممە يەرگە يامرىبان، بەرمەس ئارام يىلان - چايان،
مىسلى بولدى بىر قىيامەت، كۆز ئالدىمدا بۇ جاھان،
كەل جېنىم ھالىمغا باق، نەچارە ۋە نەدۇر ئامال،
قاتتى باشىنىڭ ئىچى - تېشى، ئىشقىڭدىمەن ئاشىقتە ھال.



ئەي بۇرادەرلەر كۆرۈپ ھالىمنى، ھاڭ - تاڭ قالمىغىل،
نېمە بولدى بۇ جاھان دەپ سۆزلىمەي ھاڭۋاقمىغىل،
كەلسە قولدىن مەرھەمەت قىل، تاشقا ئوخشاش قاتمىغىل،
ۋىجدانىڭنى ئاخىرى پۈتمەس ئازابقا سالمىغىل،
ئابدۇخالىق، خانۇمانىڭنى بېزەت، قولۇڭغا ئال،
«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» قوپ باھار سازىنى چال،

(شائىرنىڭ «ھىجران» ناملىق شېئىرىدىن)

مانا بۇ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا باشتىن - ئاخىر بىردەك ئىزچىللىقنى ساقلاپ كېلىۋاتقان لىرىك تەسەۋۋۇر. بۇ ھەقتە شائىر ۋە يازغۇچىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم مۇنداق دېگەنىدى: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن رېئالىست شائىر بولسا، رېئاللىقنى غايىۋى ئىستەك - ئارزۇلار بىلەن قاينام - تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى جەھەتتىن رومانتىك شائىر ئىدى.»[1]

«قىل باھار»، «پىغان»، «باردۇر»، «ئويغان» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ ئالىيجاناب يۈكسەك غايىۋى ئىنتىلىشلىرى ئاجايىپ قويۇق لىرىكا ئىچىدە چاقناپ تۇرىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى مانا شۇنداق يۇقىرى بولغاچقا تارىخنىڭ ۋە دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ خەلقىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ھەم خەلق ناخشىلىرىغا تېكىست بولۇشقا مۇشەررەپ بولۇپ كەلمەكتە. ئەلۋەتتە، شائىر شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ھەرقايسى نۇقتىلاردىن تېخىمۇ ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش زۆرۈر.

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 237 - بەت.

# قۇياش ۋە چۆچەك

— يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

مەلۇمكى، قۇياش سامانيولى سىستېمىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن بىرى. ئۇ ھەقتە ئىنسان بالىسى ئۇزۇن ئىزدىنىش تارىخىدىن يەكۈنلىگەن ئالەمشۇمۇل ئاسترونومىيىلىك نەتىجىلەر ناھايەت بارلىقنى، ھايات قانۇنىيەتلىرىنى سەنئەتلىك بىلىشكە تۈپتىن ئوخشاشمايتتى. ئەڭ دەسلەپكى ئىنسان بالىلىرىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە تەبىئەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەتراپىدىكى جانىۋارلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىقى ئۈچۈن غايەت زور قۇدرەتكە ئىگە بولغان بەھەيۋەت تەبىئەت بارلىقلىرىغا نەزەر تىكتى. شۇڭا سوتسىئولوگلار بۇنى تۇنجى بىلىش دەپ خۇلاسىلىدى. مانا شۇ دەسلەپكى بىلىشلەرنىڭ ئۆزىلا بۇ جانلىقلار تائىپىسىگە ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ۋە سېھىرلىك تونلارغا ئورانغان پاكىز ھەم ساددا ئىستەك، خىياللارنى ئاتا قىلدى. خۇددى ئەنگلىيە سوتسىئولوگى ۋە دىنشۇناسى ف. مەكس موللېرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق خىياللىرى ئۇلارنىڭ مۇنبەت ئېتىقاد تۇپرىقىدا بىخلىدى ۋە كۆكلىدى. بىز ئۇنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۈگۈن بىز بىلگەن ئەڭ قەدىمكى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى سەمىمىي ھالدا ئېتىراپ قىلىمىز.»[1]

[1] ف. مەكس موللېر: «دىنىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 - بەت.



شۇنداق، ئىنسان بالىسىنىڭ قۇياش ھەققىدىكى خىياللىرى تولا قەدىمىي زامانلاردىن باشلانغان. شۇڭا ئۇ ئىنسانلارنىڭ شېرىن ئىستەكلىرى، گۈزەل تۇيغۇلىرى، ئەخلاق نورمىلىرى، ھېكمەت ئۆرنەكلىرىگە ۋە ھاياتنى بىلىش يولىدىكى ئەقلىي بەدىئىي مېھنەتلىرىگە مەڭگۈلۈك رىۋايەت ھەم موتىف بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاجايىپ سېھىرلىك ئەپسانە - چۆچەكلەر تارقالدى. ۋاقىت ئۆتتۈۋېرىدۇ. نەققاشلار ۋە قارىنلار مەرمەر تاشلارنى چوڭقۇر ئويۇپ يازغان خانلار ھەققىدىكى مەدھىيەنامىلەرمۇ قار - شۇۋىرغان ھەم بورانلارنىڭ يالىشى بىلەن ئۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نام - نىشان، نەسەب - دەستۇرلىرىمۇ ئېرالار تەرىپىدىن زېمىنغا دەپنە ئېتىلىدۇ. قەدىمىي قەلئە ۋە شەھەرلەرنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ. ئەمما ئاشۇ چۆچەكلەر، ئاشۇ سېھىرلىك چۆچەكلەرلا خۇددى قۇياشتەك ياشاپ قالىۋېرىدۇ.

مەن «قۇم باسقان شەھەر»نى كۆردۈم. مەن ئۆزۈمنى فولكلورنىڭ توپان دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەن نوھنىڭ كېمىسىدە ھېس قىلدىم. ئۇيغۇرنىڭ ھىدى، ئۇيغۇرنىڭ قېنى ۋە ئۇيغۇرنىڭ بىر ئاجايىپ كەچمىش تارىخى ئۇرغۇپ جانلىنىپ تۇرغان چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى ساياھىتىم ماڭا روھ بەردى. راستىنى ئېيتسام، ئۆزۈممۇ سەزمىگەنىدىم. بۇ ساياھەت ماڭا يەنە پاكىز ۋۇجۇد، ئەقىل، ئەقىدە، ۋىجداننى بەرگەندەك، يەنە قانداقتۇر ئۆز ۋۇجۇدۇمدا بولمىغان نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بەرگەندەك، شەرق مۇتەسەۋۋۇپ ۋە ئەللامەلىرىنىڭ بەزى مەكتەپلىرىدە تولۇقسىز بولسىمۇ ئوقۇتقاندەك قىلاتتى. قايسىبىر ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسىنىڭ «بەدىئىي ئەدەبىيات ھېچ نەرسە دېمەي تۇرۇپ ھەممىسىنى ساڭا دەپ بېرەلەيدۇ» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

سۈپۈرگە تولا ئاددىي نەرسە ئىدى. لېكىن خۇددى مۇئەللىپ ئۆزى ئېيتقاندەك، ئۇ تازىلىق ئۈچۈن كەم بولسا بولمايتتى. «قۇم باسقان شەھەر» (بىغەملەر شەھىرى) دە ئۆسكەن، بىر

قوتۇر ئىشەكتىن باشقا ھېچبىر روزغارى ۋە دۇنياسى بولمىغان
بۇ ئەركىن سەيياھنىڭ — جاھانكەزدىنىڭ ئىسمى سۈپۈرگە ئى-
دى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋە ئەقىل تاپقان ماكانى،
يەنى قۇياشتەك يورۇق، سۆيۈملۈك ۋە مىننەتسىز ماكانى بىغەم-
لەر شەھرىدىن چىقىپ سەيياھ بولدى. سۈپۈرگە يەنە قۇياشنى
ئۆزىگە نام ـ نىشان قىلغان قۇياش شاھىنىڭ ئاستانىسىگە باردى.
ئۇ بۇ شەھەردە ئادەملەرنىڭ ئۆز نەپسى ـ بالاسىنىڭ ئارغامچىسىدا
ئۆز پۇت ـ قوللىرىنى مەھكەم باغلىشىۋالغانلىقلىرىنى چۈشەن-
دى. ئۇ بۇرۇنقى كىتابلاردىكى گەپلەرنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلدى. چۈنكى ئادەم ئاتىنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان خۇدا،
ھەيكەلنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن روھقا ئەمر قىلىۋىدى، روھ
نەپس بىلەن ئەسلا چىقىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قاتتىق ئېتى-
راز بىلدۈرگەن ئەمەسمىدى. تۇنجى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بول-
غان نەپسانىيەت دېگەندەك روھنى بۇلغىدى. ئۇنى ناپاك قىلدى.
كېيىن كۈچلۈكلەر، ئاجىزلار بولدى، سۇلتانلار بولدى، پۇقرا-
لار بولدى. كۈچلۈكلەر ۋە سۇلتانلار ئۆز ئىگىلىرىنى ئۇنتۇپ
ئۆزلىرىنى ياراتقۇچى ئىگە ئورنىدا بىلدى. مانا بۇ ئىنسانىيەت
پاجىئەلىك تارىخىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ئىدى. بۇلارنى سۈپۈرگە
بىلەتتى. ئۇ يەنە شۇنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلەتتىكى، خۇدا تۇنجى
ئادەمگە پىكىر قىلىشى ئۈچۈن ئەقىل، سۆيۈشى ئۈچۈن يۈرەك،
ياخشىنى ياماندىن ئايرىشى ئۈچۈن ۋىجدان، توغرا ئەمەل قىلىشى
ئۈچۈن مۇستەقىل ئىرادە، سۆز قىلىشى ئۈچۈن تىل، ئېتىقاد
ئۈچۈن روھ بەرگەنىدىغۇ؟ . . . ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمىگەن ئادەم
خۇدانى سۆيۈشنى بىلمىگىنىدەك، خۇدانى سۆيۈشنى بىلمىگەن
ئادەممۇ ئۆزىنى سۆيۈشنى بىلمەيدۇ.

سۈپۈرگە ئۆزىنىڭ ئەركىن، ھۆر، قانداقتۇر ھەر خىل
پاسىللاردىن مۇستەسنا بولغان، تەڭسىزلىك بولمىغان بىغەملەر
شەھرىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تولۇق چۈشەندى. ئۇ ئۆز يۇر-



تىغا شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ ئىنتىلدىكى، ئۇنىڭ قاششاق ئېشى-
كى شۇ مىنۇتلاردىلا ئۇنىڭ خىيالىدەك قاناتلىنىپ ئۇچۇپ، ئۆز
شەھرىگە يەتكەن بولسا.

ئۇنىڭ جەننەتتەك گۈزەل شەھرىنى شەيتانلىق، ئىبلىسلىق
قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ياۋلار دەپسەندە قىلدى. ئۇنىڭ مەدەنى-
يىتى بۇنداق خورلۇققا يول قويمايتتى. چۈنكى ئۇ بۇ خورلۇقنىڭ
خۇدا ئالدىدىمۇ پۈتمەس گۇناھ ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.
لېكىن، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ ھەقىقىتىنى كىچىكىپراق بولسىمۇ
چۈشىنىدىغان يانتاق ئاقسالىدەك كىشىلەر كۆپرەك بولغان بول-
سىمۇ ـ ھە؟!

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئاق ئۆلەمبەردىخان ياكى چىن
تۆمۈر باتۇرنىڭ ھەققانىي سۆزلىرىنى مەختۇمسۇلا دەل ۋاقتىدا
چۈشەنمىگەنىدىغۇ. مانا شۇ بىر ئاددىي چۈشەنمەسلىك، شۇ بىر
ئاددىي بىلمەسلىك، قىسقىسى نادانلىق قانداق چوڭ بالايىئاپەتلەر-
گە سەۋەب بولمىدى دەيسەن؟! بۇ ئاددىي نادانلىق يەتتە باشلىق
يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ تاپىنىنى تېشىپ ھالال قېنىنى شو-
رىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنداق، سۈپۈرگىنىڭ شەھرى ياۋلار
تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى. ئەقىدە بۇلغاندى. ھەممە نەرسە
ئۆز رېتىدىن، ئۆز رىتىمىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ پاكىز شەھەر-
نىڭ ئادەملىرى ئەمدى شەيتانىي سۈپەتلەرنىڭ بارچىسىنى ئۆزىگە
تولۇق يۇقتۇرۇپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇلار بايلىق، مەنسەپ ۋە شەھۋەت
ۋەسۋەسىسى بىلەن قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىشقىلىپ
ئىنسانىي خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تەرك ئېتىشقا يۈز-
لەندى. قاراڭلار، رومانىنىڭ «چۆل ئوغلى» قىسمىدىكى ئۆمەرباي
بىلەن باراتبايغا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قوۋم كىشىلىرى ئىكەن-
لىكىنى ئەمەس، بەلكى بىر قورساقتا يېتىپ، بىر ئانىدىن ئاپى-
رىدە بولغانلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇشتى.

بىغەملەر شەھرىنى قۇم باستى. ئۇ خارابىلىككە ئايلاندى.

ئۇنىڭ ئىزىنى تېپىش مۇمكىنچىلىكىلا قالدى. بۇ شەھەردىن
قېچىپ قۇتۇلۇپ قالغانلار بولسا جىن ـ شاياتۇنلارغا ئايلىنىپ
كەتتى. دەل مۇشۇ چاغدا تولىمۇ يارقىن بىر روھ پارلاپ قالدى.
ئۇ كۆكتىكى قۇياشتىن نۇسخا ئالغانىدى. قۇياش ئۆلمەيدىكەن،
ئۇ روھمۇ ئۆلمەيدۇ. شۇنداق، بىغەملەر شەھىرىنى قۇم باستى.
بۇ شەھەرنىڭ هايات قالغان ئادەملىرى جىن ـ شاياتۇنلارغا ئايلان-
دى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىگە خاس نەغمە ـ ناۋالار قىلىشىدۇ.
«بۆرىنىڭ هۇۋلىشى، كېچىدە چىققان بوراننىڭ گۇركىرىشى،
ئاننىڭ پەريادى، نارەسىدىلەرنىڭ يىغىسى، نائىلاجلارنىڭ نالى-
سىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كۈينىڭ لەرزىدە ئادەملەر ئەسەبىي-
لەرچە سەكرىشىپ، باشلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، ياقىلىرىنى يىر-
تىشاتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۇچۇن نە قۇياش. . . نە ئۆزلىرىنىڭ
هايات ـ ماماتلىقى، ھەممە نەرسە ئۇنتۇلغاندەك قىلاتتى. . . »
ئەمما روھ تېخى ئۆلمىگەنىدى. بۇ روھ ئەڭ ئاخىر بوۋاقلار
قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىغا باشقىدىن يېپيېڭى بىر شەھەر بىنا قى-
لىشقا ئاتلاندى. چۈنكى، بوۋاقلار قەبرىستانلىقى كېيىنكى ئەۋ-
لادقا تارىخ ساۋىقى، بىغۇبار روھ، پاكىز قەلب، پۈتمەس هاياتي
كۈچ ئاتا قىلاتتى.

«قۇم باسقان شەھەر» ئوقۇرمەنلەرگە خۇددى بۇرۇننىڭ بۇ-
رۇنىسىدىكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدەك يەڭگىل ۋە قىزىقارلىق
تۇيۇلىدۇ. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىيا-
تى، رومان مۇئەللىپى ئۆزى ئېيتقىنىدەك ئەجدادلىرى ئۇلارغا
سۆزلەپ بەرگەن، ئەجدادلىرىغا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى سۆزلەپ
بەرگەن بەدىئىي هايات تارىخىدۇر. شۇڭا ئۇ بىر مىللەتنىڭ
تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتقان مىللىي قان سۈپىتىدە شۇ مىللەتنىڭ
كەچمىش تارىخىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا شۇ مىللەتنى هاياتي
كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ھەقىقەتنى تولۇقى بىلەن
چۈشەنگەن ئۆز تومۇرىدىكى قاننىڭ قانداق قان ئىكەنلىكىنى بىل-



گەن ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئەقىل ھەم ۋىجدان بىلەن ياندىشىشنى
ئۆزىگە بۇرچ قىلغان قەلەم ئىگىلىرىلا ئۆز خەلقىنىڭ باي ۋە
رەڭدار فولكلورىدىن يېڭىدىن يېڭى بەدىئىي پىكىرلەرنى تېپىپ
چىقالايدۇ. ئۇنى روھ ۋە ئەقىل ماكانى قىلىشنى بىلىدۇ. بېلى-
نىسكى شۇنداق دەيدۇ: «بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە روماننىڭ
ۋەزىپىسى — كۈندىلىك هاياتتىن ۋە تارىخىي ۋەقەلەردىن پارچە،
تاسادىپىي نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن
يادروسىغا، جانلىق ئىدىيىسىگە كىرىش، تاشقى، تارماق ۋەقە-
لەرنى روھ ۋە ئەقىل ماكانى قىلىشتۇر. رومان بەدىئىيلىكىنىڭ
دەرىجىسى ئاساسىي ئىدىيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ۋە ئايرىم خۇسۇسى-
يەتلەردە ئۇ ئىدىيىنى تەشكىل قىلغان كۈچكە باغلىقتۇر.»[1]

«قۇم باسقان شەھەر»دە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چۆچەكلەرگە
خاس هايات كارتىنىلىرى جانلىق روھ ۋە ئەقىل ماكانى قىلىن-
غان. قىممەتلىك ئىدېئاللار پارچە هادىسىلەرنىڭ كۈچلۈك يادرو-
سى قىلىنغان.

مېنىڭ بىلىشىمچە، هازىر رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزدە
پەۋقۇلئاددە يۈكسىلىشلەر بولۇۋاتىدۇ. رومانچىلىقىمىز مەيلى تې-
ما جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتە بولسۇن، ياخشى
ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاپتورلىرىمىز ئۇقۇم-
لاشقان تېرمىنلار دۆۋىسىدىن، ئادەتتىكى تاشقى هادىسىلەر بايانى
ئىسكەنجىسىدىن ئۆزلىرىنى پەيدىنپەي قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال
بەدىئىي پىكىر قىلىشنىڭ ۋە هاياتىي كۈچى قۇدرەتلىك بولغان
تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىۋاتىدۇ.
يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق
رومانىنى بىز مانا شۇ ئەقلىي ئىزدىنىشلەرنىڭ ئەڭ شېرىن مېۋى-
لىرىدىن بىرى، دەپ هېسابلىساق ئارتۇق كەتمەس دەيمەن.

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتاب، 3 ـ بەت.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» رومانى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، ئاپتور مىللەت ۋە تارىخ ئۆزىگە يۈكلىگەن مەنىۋى ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي ئويلانغان. ئۇ بۇ مەسىلىنى فولكلورنىڭ قايناق ۋە رەڭدار قۇچىقىدا جانلاندۇرۇش يولىنى تاللىۋالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ نۇرغۇن ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۈنلىمەي ۋە كۈچىمەي تۇرۇپ ئوقۇرمەننىڭ قەلبىگە سىڭدۇرگەن. ئۇ يەنە ئوقۇرمەنگە جىددىي كېرەك بولىدىغان قىممەتلىك نەرسىنى ئويناق ۋە زىددىيەتلىك ساماۋى چۆچەكلەرنىڭ قۇچىقىدا غىل - پال كۆرسىتىپ، ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. رومان بەزىدە (بولۇپمۇ ئىككىنچى قىسىم) يەنى ئۈچ ئاكا - ئۇكا قىسمىدا ئېچىنىشلىق ھايات قىسسىلىرى بىلەن كىشى قەلبىنى ھەسرەتكە سالىدۇ. ئەمما بۇ ھال يەنە رومانىنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا غىل - پال كۆرۈنگەن يېڭى ۋە نەۋقىران بولغۇسى تارىخنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن جانلىق دەرسلىك بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ زالىم قوللارنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن ئۆچۈرۈۋەتكەن تارىخ بەتلىرىنى تولۇقى بىلەن ئوقۇپ چۈشىنىۋېلىشقا ئىمكان بېرىدۇ. ئۇلار شۇنداق خۇلاسىنى قىلىشىدۇ. قۇياش ئۆلمەيدۇ، چۆچەكلەر ياشايدۇ. چۆچەكلەردىكى روھ بىغەملەر شەھىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرىشىدۇ.

رومانىنىڭ ئۇتۇقى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە، يەنە كېلىپ مەزكۇر رومان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر رومانچىلىقىمىزنىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك يېڭى ئىزدىنىش ئۈلگىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ.



# ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ۋە
# مۇھەممەت پولات

ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى تەنقىد ۋە تەتقىقاتچىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ھەقىقىي رەۋىشتە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تەنقىد 80 - يىللاردىن باشلاپ گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا، بەدىئىي ياقتىن تېز يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى. تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولىنى كونكرېت دەرىجىلەر بىلەن، ۋەزىن بىرلىكى بىلەن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاپتورلار قوشۇنى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ يېتىلىشىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە زور رول ئوينىغانلىقىنى قىياس قىلمىقىمىز ئانچە تەس ئەمەس. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى نەتىجىلىرىگە ئىككى ئامىل چوڭ سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئەدەبىي تەنقىدتۇر. ئىككىنچىسى، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى، بولۇپمۇ چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدۇر. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ باردۇر. ئەمما ئۇ سەۋەبلەر بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ماھىيەتلىك ئىچكى ئۆزگىرىشلىرىگە نەزەرىيىۋى تەنقىدتەك بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا ئەسلىدىلا نەزەرىيىۋى ئەدەبىي تەنقىد بەك كېيىن باشلانغان، راستىنى ئېيتقاندا ھازىرغىچىلا بىرقەدەر ئاجىز ھالقا بولۇپ كې-

لىۋاتقان بىر ساھەدۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تەنقىدچىلىكى-
مىز ناھايىتى ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ،
جاپالىق ۋە ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ دەسلەپكى قەدەم-
دىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات مۇھىتىنى ھەمدە مەلۇم ساندىكى تەن-
قىدچىلەر قوشۇنىنى شەكىللەندۇردى. بۇ ئالاھىدە قەدىرلەشكە
ئەرزىيدىغان تولىمۇ قىممەتلىك نەتىجە بولدى. بىز مانا شۇ قىم-
مەتلىك نەتىجىنىڭ تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق پەخىرلىك تەن-
قىدچىمىز مۇھەممەت پولات ئەپەندىنىڭ پەۋقۇلئاددە تۆھپىسىدىن
سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز.
مۇھەممەت پولات ئەپەندى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز تەنقىد-
چىلىكىگە ئاساس سالغان ئەدەبىي ئوبزورچىدۇر. شۇنداقلا ئۇ
ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىدە ئەڭ ئالدىنقى
قاتاردا تۇرىدىغان ئوبزورچىدۇر. بۈگۈنكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتى نەزەرىيىۋى تەنقىدچىلىكىنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ ھەر-
بىر قەدەم باسقۇچى ئۇنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلىرى
بىلەن ئىلمىي ۋەزىن ھەم مەنىۋى ھاياتىي كۈچ تاپتى. ۋىجدانەن
ئېيتقاندا، مۇھەممەت پولات ئەپەندى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە كى-
رىشكەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچىلا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ
ئىلمىيلىقى جەھەتتە بولسۇن، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرلۇقلۇقىدا
بولسۇن، مۇستەقىل ۋە ئادىللىقىدا بولسۇن، ئوبزور تىلى ۋە
ئۆلچىمى جەھەتتە بولسۇن ئىزچىل باشلامچى تۆھپىكارلىق رولى-
نى جارى قىلدۇرۇپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى دەۋر
تەنقىدچىلىكىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىۋى مۇھىتىنىڭ تىكلىنىشى
ئۈچۈن ھەممىدىن زور تۆھپە قوشتى.
20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ رۇس ئەدەبىياتى
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ھازىرقى
زامان ئەدەبىياتىغا ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. شۇنى
ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەينى چاغلاردا زور تەسىرگە ئىگە



بولغان رۇس ئەدەبىياتى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا
ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە سىستېمىسىدا ئۆزىنىڭ
سالماقلىق ئورنىنى تىكلەپ بولغانىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن
كېيىن ئۇ يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن
ماركسىزملىق ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگىچە خاراكتېرلەن-
دى. بۇ تارىخىي دەۋردە ئۇلاردىن بېلىنسكىي، دوبرىيلوبوف،
چېرنىشۇسكىدەك نەزەرىيىچىلەر ۋە تەنقىدچىلەر مەيدانغا كېلىپ،
بىر پۈتۈن رۇس مىللىي ئەدەبىياتىنى يېڭىچە ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قىلدى. ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن رۇس مىللىي ئەدەبىياتى ھەققىدىكى
نەزەرىيىۋى مۇھاكىمىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلق-
لەر ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر چاغداش (ھازىرقى بۈگۈنكى
دەۋر) ئەدەبىياتىغا روشەن تەسىر كۆرسەتتى. بۇ تەسىر ئەدەبىيات ـ
سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىنلا بولدى.
ئەسكەرتىش: رۇسلاردىمۇ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات باشقا مىل-
لەت ئەدەبىياتلىرىغا ئوخشاش ئۈچ نۇقتىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ.
بىرىنچىسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى (Теотйя Лйтература) دۇر.
ئىككىنچىسى، ئەدەبىياتشۇناسلىق (Поетйка) دۇر. ئۈچىنچى-
سى، بەدىـئىـيە ئىلـمى (Лйтература Веденийе) دۇر. ئۇيغۇر
كلاسسىكلىرىدىمۇ ئومۇمىي «ئەدەبىيات» نىڭ نەزەرىيىسى،
كونكرېت ئەدەبىياتشۇناسلىق ھەققىدە «ئىلمىي بالاغەت» ياكى
«ئىلمىي فەساھەت»، ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى گۈزەللىك قاتلاملىرى
ھەققىدە «ئىلمىي بەدئىيە» (تەقتەيى ئەدەبىي) بولغانىدى.
بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى بارلىق مىللەت ئەدەبىياتلىرى ئۈچۈن
ئورتاق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بولسىمۇ، ئەمما قالغان ئىككىسى
ناھايىتى كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەسىلىلەردۇر.
شۇڭا بىر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى «ئىلمىي بالاغەت» بىلەن «ئىل-
مىي بەدئىيە» نى يەنە بىر مىللىي ئەدەبىياتقا تەتبىقلاش مۇمكىن
ئەمەس. دېمەكچىمەن، بىزگە رۇس ئەدەبىياتىدىن ئەدەبىياتنىڭ

نەزەرىيىۋى قاراشلىرى كىرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ Поетика ۋە Литература Ведениие قىسمى كىرەلمىدى ھەم كىرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات پەقەتلا مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىدا شەكىللىنىشى كېرەك. ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئەنە شۇ رۇس ئەدەبىياتىنىڭ بىلىنىسكىي باشچىلىقىدىكى تەتقىقاتچىلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەزەرىيىسى بىلەن ئەڭ پىششىق ۋە ئەتراپلىق تونۇشقان، رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىنى ئەڭ ياخشى ئۆگەنگەن تەتقىقاتچىمىزدۇر. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىمىزنى ئۇ سىستېمىلاشتۇرۇپ بەرگەن، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرغان نەزەرىيە قورالى بىلەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىمىزگە نەزەر تىكىپ كەلمەكتە. بۇ ھال چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەزەرىيە تەتقىقات ساھەسىدىكى يېڭىچە ئەنئەنىنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇھەممەت پولات 1970 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا مۇھەببەت بىلەن كىرىشىپ، كەينى ـ كەينىدىن «قىسقىراق يازايلى، ياخشىراق يازايلى»، «يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزدىكى بەدىئىي يۈكسىلىش» قاتارلىق ئەدەبىي تەنقىد ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى تەنقىد ساھەسىدىكى بەزى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇپ، خېلى زور تەسىر پەيدا قىلدى. 1981 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى، شۇنداقلا چاغداش ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى تۇنجى ئوبزورلار توپلىمى «قىسقىراق يازايلى، ياخشىراق يازايلى»نى نەشر قىلدۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىز تەتقىقاتىدا مەخسۇس ئەدەبىي تەنقىد ئەسىرى (كىتابى) بولماسلىقتەك چوڭ بوشلۇقنى تۇنجى بولۇپ تولدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاس مۇشۇ ساھە تەتقىقاتى بىلەن تىنىمسىز ۋە ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىپ 150 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزور ھەمدە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» (1985 ـ يىل)، «كىتابخانلىق تەسىراتلىرى» (1987 ـ



يىل)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» (1990 ـ يىل، خەنزۇچە)، «ئەدەبىيات ۋە دەۋر» (1991 ـ يىل)، «ئەدەبىيات — چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى» (2000 ـ يىل)، «رېئال ھاياتىمىزنىڭ كىچىكلىتىلگەن بەدىئىي سۈرىتى» (2003 ـ يىل)، «كېلىڭ، ئەدەبىيات ھەققىدە سۆزلىشەيلى» (2004 ـ يىل) قاتارلىق سەككىز پارچە تەتقىقات كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەربىر پارچە ماقالىسى ۋە كىتابى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدچىلىك ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ ماڭدى، ئەدەبىياتىمىز تەتقىقاتىدا نەزەرىيىۋى ئەندىزە شەكىللەندۈردى. شۇڭا چاغداش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

مۇھەممەت پولات ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدلىرى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلمىي بىلىملىرىگە تويۇنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھەربىر ئوبزورى باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل ھالدا دەل شۇ نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى ئۇتۇق ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىنتايىن ئىنچىكە ھەم ئەتراپلىق ئوپېراتسىيە قىلغان. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدە مۇھاكىمە قىلىنغان ھەرقانداق ئەدەبىي ھادىسە يۈكسەك ئېستېتىك بەدىئىي ئۆلچەم تارازىسىغا سېلىنىپ، مۇئەللىپ ۋە ئوقۇرمەننى ھەقىقىي قايىل قىلالىغۇدەك ئىلمىي نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەر بىلەن يورۇيدۇ. بۇ ھال تەنقىدچى ماقالىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇھاكىمە ئۆزگىچىلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇھەممەت پولات ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتلىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەربىر ئەدەبىي ھادىسىگە ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى، ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويىدى. كونكرېت، ئىنچىكە تەھلىل بىلەن

بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مۇكەممەل ئىلمىي نەزەرىيىسىنى ئورگانىك
بىرلەشتۇردى. كونكرېت تەھلىللەردىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە
خاس ئومۇمىي تەرەققىيات يولىنى تاپتى ۋە مىللىي ئۆزگىچىلىكى-
نى خۇلاسىلىدى. ئۇنىڭ تەنقىدلىرى بەدىئىي ئەسەرنىڭ تىلىدىن
سۆزىتىغىچە، ئۇ ئەكس ئەتتۇرگەن ئەقلىي بەدىئىي پىكىردىن
ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگىچە ھەممىنى ئەتراپ-
لىق يورۇتۇپ، تەتقىقاتىمىزدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ھەقىقىي
ئىلمىي تەنقىدنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. مۇھەممەت پولات ئەپەن-
دىنىڭ مۇھاكىمىلىرى ناھايىتى تەرتىپلىك يوسۇندا بولدى. ئۇ
ئۆز تەتقىقاتلىرىدا چاغداش (ھازىرقى ۋە بۇگۈنكى دەۋر) ئەدەبىيا-
تىمىزدىكى تۆھپىكار ئەدىبلەر ھەققىدە سىستېمىلىق توختىلىپ
ئۇلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ھەربىر ئەسىرىنىڭ كونكرېت
مۇھاكىمىسىدىن، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتە يېتىلىش جەريا-
نى، ئىستىقبالى، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئورنى ۋە بىر پۈتۈن
ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىگىچە ھەممىسىنى
كۆردى. ئالايلى، تەنقىدچىنىڭ «زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار
شائىرى»، «زۇنۇن قادىر ئىجادىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلى-
رى»، «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژلار تەسۋىرى»
ناملىق ماقالىلىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىر، زوردۇن
سابىر قاتارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ ھەم-
مە ساھەلىرى ۋە ھەممە باسقۇچلىرى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلى-
نىش بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئىجا-
دىيەت ئەمەلىيىتىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەلگىلىك تەرەققىيات تا-
رىخى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلەندى.

مۇھەممەت پولات ئەپەندى ئەسەرلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈر-
گۈزگەندە ھەر ۋاقىت ئورتاقلىق ئىچىدىكى خاسلىقنى، ھەربىر
خاسلىقنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىگە تەڭ ئېتىبار بىلەن قارىدى.
ئالايلى، ئۇنىڭ «شائىر ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا ۋەتەن-



پەرۋەرلىك تېمىسى» ناملىق ماقالىسىدە شائىر لىرىكىلىرىدىكى
لىرىك بەدىئىي كارتىنىنىڭ بىر تېمىنى يورۇتۇشتىكى ئورتاق
سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان بولسا، «‹سا-
ۋاب›، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىككە ئىنتىلىشنىڭ بەدىئىي مېۋىسى»
ناملىق ماقالىسىدە يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ساۋاب» ھې-
كايىسىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ھېكايىچىلى-
قىمىزدىكى ئالاھىدە كونكرېت بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇھا-
كىمە قىلىنىدۇ.

مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئىزچىل ھالدا چاغ-
داش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلەرنى نىشان قىل-
دى. ئەدەبىياتىمىزدا مەيدانغا چىققان ھەرقانداق بىر يېڭى ئىجا-
دىي ئەسەر ياكى ھادىسە ھەممىدىن ئاۋۋال مۇھاكىمە نۇقتىسىدىن
ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولدى. مەسىلەن، ئۇ «ئىزدەنمە ھېكا-
يىلەر»، «گۇڭگا شېئىرلار»، «ئەدەبىي ئاخباراتچىلىق»، «رو-
مانچىلىق قىزغىنلىقى» ھەققىدە ماقالىلەر يېزىپ، ئەڭ قىممەت-
لىك ئىلمىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى
ئىجادىي ئىزدىنىشلەرنىڭ مېۋىلىرىدىن بولغان «قۇم باسقان شە-
ھەر»، «ئانا يۇرت»، «ئوربىتا» قاتارلىق ئەسەرلەر توغرىسىدا
ئەڭ ئاۋۋال مۇھاكىمە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەدەبىي
ئىجادىيىتىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىدى.

تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات چاغداش ئەدەبىي ئىجادىيىتى-
مىزدىكى ھەممە تۈرلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ
مۇھاكىمىلىرى بىرەر ئەدەبىي ژانىرغا مەركەزلىشىپ قالمىدى.
بەلكى، شېئىرىيەت، پروزىچىلىق، دراماتورگىيە، ئەدەبىي ئاخ-
باراتچىلىق، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش تەت-
قىقات ئېلىپ باردى. ئۇ «زۇنۇن قادىر ئىجادىيىتىنىڭ بەزى
خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ دراماتورگىيە ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى

بولغان زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» دراملىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان بولسا: «يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق — شېئىرىيەتنىڭ ھاياتى» ۋە «شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تېما ۋە مەزمۇن» ناملىق ماقالىلىرىدە شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋال ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق كىتابىدا پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى رېئال ئەھۋالى ھەققىدە ئەتراپلىق تەنقىد يۈرگۈزگەن بولسا، «بىزارلىق ئىچىدىكى ئويلار» ناملىق تەنقىدىي ماقالىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ھادىسە «ئاخبارات ئەدەبىياتى» نىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە ئوتلۇق تەنقىد ئېلىپ باردى. ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدىمۇ ئىلمىي تەتقىقاتلارنى قىلدى. مەسىلەن، ئۇ «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا بىر نەزەر»، «ساغلام، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد يېڭى ئىجادىي ئەدەبىياتنى يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى»، «يېڭى دەۋر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز» ناملىق ئىلمىي مېھنەتلىرىدە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىلىرى تېخى ياش ھالەتتىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ئىلمىي ۋە پاكىز مەنىۋى مەيدان ھازىرلاپ بەردى. قىسقىسى، ئۇ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەممە تۈرلەرنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلدى.

ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدلىرىدە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ كونكرېتلىق ۋە دەللىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەڭ يۈكسەك ئىلمىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەھلىللىرى كونكرېت



بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن دەللىككە ئىگە. ئۇ ھەربىر مۇئەللىپنىڭ ئىجادىي ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە، ھېچبىر ھېسسىي رەڭنى ئارىلاشتۇرماي دەلمۇدەل كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتتە تىنىمسىز يۈكسىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئۇ مۇھاكىمىلىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، تېيىپجان ئېلىيوف، قەييۇم تۇردى، ئەخەت تۇردى، ئوسمانجان ساۋۇت، خالىدە ئىسرائىل، بۇغدا ئابدۇللا، سەمەت دۇگايلى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، قۇربان بارات، مەمتىمىن ھوشۇر، ئارسلان، مەھەممەتجان سادىق، ئىمىن ئەخمىدى، پەرھات جىلان، جالالىدىن بەھرام، مۇھەممەت باغراش، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، قاسىم سىدىق، ئابدۇقادىر جالالىدىن قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كونكرېت ئاپتور ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىنچىكە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئۇلاردا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇتۇقلارنى دەل كۆرسىتىپ ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىگە خاس ئىلمىي بۇرچىنى ئادا قىلدى. ۋىجدانەن ئېيتقاندا ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئاپتور ئۆز ئەدەبىياتى ۋە ئۆز يازغۇچىلىرى ھەققىدە بۇنچىلىك كەڭ ۋە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزەلمىدى دېسەك، قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ دەپ قارايمەن. مانا بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن دەل مۇشۇ بىرلا تەنقىدچىمىز تولۇق چىقالىدى.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ جىمى پىكىر ۋە نەزەرىيەۋى قاراشلىرى رۇس ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئەمەس. ئۇ باشقا مىللەت ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي ئېستېتىك قاراشلىرىنى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى ياخشى ئۆگەندى، ئۆگەنگەندىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆگەندى. ئەمما،

شۇنى روشەن ھېس قىلالايمىزكى، مۇھەممەت پولات ئەپەندىنىڭ
بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى قاراشلىرى، بارلىق پىكىر ۋەزنى
ۋە نەزەرىيىۋى سىستېمىسى شۈبھىسىزكى مىللىي ئەدەبىياتىمىز-
دىن كېلىدۇ. ئۇ ھېچبىر چەت ئەل تەنقىدچىسى ياكى باشقا
مىللەت ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدچىلەر كەينىدىن راھىشلارچە ئەگە-
شىپ ماڭمىدى. شۇنداقلا باشقا مىللەت ئەدەبىياتى يەكۇنلىگەن
بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىلمىي خۇلاسىلىرىنى قارىغۇلارچە زورلۇق
بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا تاڭمىدى. ئۇ ئالدى بىلەن يۈكسەك
ئىلمىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا تۇرۇپ، گەرچە ھالسىز ۋە نىم-
جان بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىزگە بېرى-
دىغانلىرىنىڭ، ھەرقانداق دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە باشقا مىللەت
ئەدەبىياتلىرىنىڭ بىزگە بېرىدىغانلىرىدىن كۆپ ئارتۇق ۋە قىم-
مەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا ئۇ ھەقى-
قىي نەزەرىيە تەتقىقاتچىسىغا خاس ئىلمىي مېتودىكا بىلەن مىللىي
ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي مۇھىتىغا كىرىپ تۇرۇپ مۇھاكىمە
ئېلىپ باردى. ناھايەت ئۇنىڭ تەنقىدلىرىنىڭ ئىلمىيلىقى ناھايى-
تى يۇقىرى، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىش كۈچى
تولۇق، يېتەرلىك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق نەزەرىيىۋى ئېس-
تېتىك قاراش ۋە پىكىرلىرىنى ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ
نەق ئۆزىدىن ئېلىپ، ئىلمىي يەكۇنلەر پەللىسىگە كۆتۈردى. مانا
شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدلىرى كونكرېت ۋە يەككە
تەتقىقاتلارغا ھەمدە ئومۇمىي نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى-
گە كەڭ ئورۇن بېرىپ، بىر پۈتۈن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ
تولۇق كۆرۈنۈشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قەلەمگە ئالالىدى. ئۇ
ھەربىر تەتقىقاتىدا مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگىلا خاس بول-
غان ئەڭ قىممەتلىك تەرەپلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال ھېسابقا ئالدى.
ئۇنىڭ قارىشىچە مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ چىقىش يولى، يەنى
ئۇنىڭ مەملىكەتكە ۋە دۇنيا يۈزلىنىشىمۇ پەقەتلا مىللىي ئەدەبى-



يات زېمىنىنى ئىككى پۇتتا مۇستەھكەم دەسسەش ئاساسىدا راۋاج-
لىنىش بىلەنلا روياپقا چىقىدىغان مەسىلە ئىدى. ئۇ مىللىي
ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان بىر تەرەپلىمە ۋە يۈزە مەسىلىلەرگە ھەممىدىن مۇكەممەل
جاۋاب بەردى.

تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئۆز ۋۇجۇدىدا ھەقىقىي ئىلمىي
ئەدەبىي تەنقىدچىدە بولۇشقا تېگىشلىك تەنقىدچىلىك ئەخلاقىنى
يېتىلدۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدلىرىدە ئەزەلدىن ئە-
سەرنى كىمنىڭ يازغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، بەلكى ئەسەرنىڭ
قانداق ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشتى. شەخسىي غەرەزلەردىن
تەلتۆكۈس خالىي ھالدا ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ باردى. بۇ تەرەپ
ئۇنىڭ پەقەت ئىلمىي پرىنسىپلارغىلا ھۆرمەت قىلىدىغان ھەقىقىي
ئىلمىي خادىم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تولۇقى بىلەن دەلىللى-
دى. بۇ ھەقتە توختالغاندا، بىز، تەنقىدچىمىزنىڭ يازغۇچى
قەييۇم تۇردىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» رومانى ھەققىدىكى ئەدەبىي
تەنقىدىنى ۋە خاتىرە ئەدەبىياتى ھەققىدە يازغان «بىزارلىق ئىچى-
دىكى ئويلار» ناملىق ئەدەبىي تەنقىدىنى مىسال قىلىپ كۆرسەت-
سەكلا يېتەرلىك بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ تەنقىدلەر يەنە شۇنى
چوڭقۇر چۈشەندۈرىدۇكى، مۇھەممەت پولات ئەپەندى ئۆز تەنقىد-
لىرىدە ئىلمىي ھەقىقەت ۋە ئىلمىي ئادالەتتە ئىزچىل چىڭ تۇ-
رۇپ، ئىلمىي پرىنسىپلارنى يېتەكچى قىلىدىغان ئەقىدىسىگە تەۋ-
رەنمەي سادىق بولۇپ كەلدى. ئۇ ھېچبىر ماقالىسىدە يەڭگىللىك
بىلەن ئىلمىي پرىنسىپلاردىن چەتلەپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە
تەنقىدلەشتەك بىنورمال ھادىسىلەرگە ئىمكان بەرمىدى. گېپى
كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، يۇقىرىقى ماقالى-
لەر تەنقىدچىمىزنىڭ ھەقىقىي تەنقىدچىگە خاس تەنقىدچىلىك
جۈرئىتىنىمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا تولۇق يېتىلدۈرگەنلىكىنى تولۇق
ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ جەھەتتىنمۇ مۇھەممەت پولات ئەپەندى تەن-

قىدچىلىك تارىخىمىزدىكى ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ ئەزىمەتتۇر. ھەقىقىي ئەزىمەت ھەقىقەتكە ئاشنا ئادەمدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ تەنقىدچىلىكىمىزدىكى بۇ پەزىلەتلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتكە سادىق ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەدەبىياتىمىزدا نەزەرىيىۋى تەنقىد ھاۋاسىنىڭ تېخىچىلا دېگەندەك يېتەرلىك ۋە ساپ بولماي، ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئىلمى بولالماي كېلىۋاتقان شارائىتىدا ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك تەنقىدچىلىك پەزىلەتلىرى تېخىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرىمىزغا ئايلانماقتا.

تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن تەتقىقاتچىدۇر. بۇ ھەقتە تەنقىدچىنىڭ خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇھاكىمىلەر» ناملىق ئەسىرىگە تەنقىدچى چېن بەيجۇڭ باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئوبزور ئوبيېكتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، باشقىلارغا ئەگەشمەي، ئەسەرلەر قانداق بولسا شۇنداق باھالاپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەنقىد ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن، يازغۇچى قەييۇم تۇردىنىڭ ‹كۈرەشچان يىللار› رومانى، ياش يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ھېكايىلەر توپلىمى ‹ساۋاب›، ھەققىدىكى ئوبزورلىرىدا ئاپتور بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن مۇئەييەنلەشتۇرۇش بىلەن بىللە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ سەمىمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى يوشۇرماي ئوتتۇرىغا قويغان. كۆپلىگەن ئەدەبىي ئوبزورلار ماختاش دەستۇرىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقان شارائىتتا بۇنداق قىلىش ئاپتوردىن بەلگىلىك جاسارەت ۋە پاراسەت تەلەپ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرىنىڭ سۆزى) راست، چېن بەيجۇڭ ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ھەقىقەتەن ئۆزىگە خاس تەنقىدچىلىك



ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن. مېنىڭچە ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىن كۆزىتىشكە بولىدۇ:

(1) مۇھەممەت پولات تەنقىدلىرىدە قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق زېرىكىشلىك نەزەرىيىۋى بايانلار بولمايدۇ. پەقەت ئەمەلىيەت ئاساسى تولۇق بولغان ئەدەبىي رېئاللىق ھەققىدە ئىلمىي خۇلاسىۋى نەزەرىيىلەرلا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نەزەرىيىلەر بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدىكى «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» كىتابلىرىدىكى بايانلاردەك ۋەزىنسىز، ھارارەتسىز، يېقىمسىز ئەمەس، بەلكى ئوتلۇق، جەزبىدار ۋە يېقىملىق، جەڭگىۋار، يارقىن ۋە چۈشىنىشلىك.

(2) تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ئوبزورلىرىدا ئىلمىي تەھلىل بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىدىن ۋە ئۇ ياراتقان مەنىۋى دۇنياسىدىن باشلىنىپ، ئەڭ ئاخىر تاشقى ھادىسىلەر، يەنى بەدىئىي ئېستېتىك دىتىنى كاپالەتلەندۇرگۈچى تىل ۋە قۇرۇلما مەسىلىلىرىگىچە، ھەتتا ماكان ۋە زامان مەسىلىلىرىگىچە ھەممە ساھەگە چېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەھلىللىرى ئەڭ ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل بولغان. ئۇنىڭ ماقالىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى خۇددى ئۆزى مۇھاكىمە قىلىۋاتقان بەدىئىي ئەسەرلەر قۇرۇلمىسىدەك ھىم ۋە سىپتا. ئۇنىڭ ماقالىلىرىدىكى بىرەر جۈملىنىمۇ چىقىرىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك دەل ئۇنىڭ تەرتىپلىك قاتلام تەھلىل ئۇسۇلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

(3) مۇھەممەت پولات تەنقىدچىلىكى ھەرقانداق ئايرىم بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئۇنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ باھالايدۇ. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا تەنقىد يۈرگۈزگەندە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەنقىدلىرى ئەستايىدىل، ئىلمىي ۋە ئادىل بولىدۇ.

(4) مۇھەممەت پولات تەنقىدچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدە-
بىي تەنقىد تىلى شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ تەنقىد
تىلى ئىلمىي ۋە ئوبرازلىق، ئېقىن سۇدەك راۋان ۋە دولقۇنلۇق،
يېقىملىق ۋە ئۆتكۈر، لوگىكىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ
تىلىدىكى نەزەرىيىلەر ھەر زامان ئەقلىي ھېكمەتلەرگە ئورۇن
ھازىرلاپ تۇرىدۇ. تەنقىدچىنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىياتقا بولغان قىز-
غىن مۇھەببىتى، نۇقسانلارغا بولغان تەخىرسىز ۋە سەمىمىي
تەنقىدى، ئۇنىڭ ئوبزور تىلىدا شۇ قەدەر ئوبرازلىق يورۇيدىكى،
ماقالىنى ئوقۇغۇچى ماقالە تىلىدىلا بولىدىغان قۇرۇقتىن - قۇ-
رۇق ۋە زېرىكىشلىك نەزەرىيىۋى سەھىپىلەرنى قىلچىلىكمۇ يو-
لۇقتۇرمايدۇ. بەلكى خۇددى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇغان-
دەك قايناق ۋە سەمىمىي ھېسسىيات قۇچىقىدا ئوقۇيدۇ. قىسقى-
سى، مۇھەممەت پولات تەنقىدلىرىدە بەدىئىي تەنقىدنىڭ ئىلمىي
ۋە ئۆتكۈر تىل ئالاھىدىلىكى تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. شۇنىمۇ ئەس-
كەرتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆرىمەنكى، بىزنىڭ بەزى نەزەرىيىۋى
تەنقىد ماقالىلىرىمىزدە، ھەددىدىن زىيادە سۇيۇقلاشتۇرۇلۇپ،
مەقسەتلىك ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن خۇددى سىياسىي كۈرەش
دەۋرلىرىدىكىدەك قوپال ۋە يېقىمسىز سۆزلەرنى كۆپ ئىشلى-
تىپ، مۇئەللىپنىڭ كىشىلىكىگە بىۋاستە ھۇجۇم قىلىپ،
دىل ئازارلىق پەيدا قىلىدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم ساقلانماقتا.
ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، يەنە بەزى ماقالىسىمان يازمىلىرىمىزدا
مۇئەييەنلەشتۈرمەكچى بولغان مۇئەللىپ ياكى ئەسەرنى ھەدەپ
كۆككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەپ، مەدھىيە سۆزلىرىنىڭ ئاددىي
لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە ۋەزنى بىلەنمۇ ھېسابلاشمايدىغان ساۋات-
سىزلىق ھادىسىسى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. بۇ ئەھۋال خېلى
بۇرۇندىن بىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ساھەيىمىزدە ئۆزىنىڭ بەتبۇي
ھىدى بىلەن ئىلىمگە ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولغۇچىلارنىڭ
كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما تەنقىدچى مۇھەممەت



پولات ئەپەندىنىڭ تەنقىد تىلىدىن بىز ھېچ ۋاقىت بۇنداق بىنور-
ماللىقلارنى ھېس قىلمايمىز. ئەلۋەتتە، بۇ گەرچە مۇئەللىپنىڭ
تەربىيىلىنىشىگە ۋە شەخسىي پەزىلىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە
بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە تىلدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ تەرەپ
بىزگە تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولاتنىڭ ياخشى تەربىيىلەنگەن
پەزىلەتلىك تەنقىدچى ئىكەنلىكىنى ھەمدە ھەربىر مەسىلە ۋە سۆز-
گىچە ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان تەنقىدچى ئى-
كەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ھەرقانداق سەزگۈر ئەدەبىي تەنقىدچى ئۆزى مۇھاكىمە قىلى-
ۋاتقان مىللىي ئەدەبىياتتىكى ئەدەبىي ھادىسىلەر ۋە ئېستېتىك
قاراشلارنى ئىككىنچى بىر مىللىي ئەدەبىياتقا سېلىشتۇرۇش ئاسا-
سىدا ئۇنىڭدىكى كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقنى بايقايدۇ. دېمىسىمۇ
ھەرقانداق بايقاش ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشتىن بارلىققا كېلىدۇ.
شۇڭا ئوبزورچىلار ئۆزى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈۋاتقان بىرلا مىللىي
ئەدەبىيات دائىرىسىدىن چىقالمىسا ياكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىيا-
تىنى ئەتراپلىق چۈشەنمىسە ھەقىقىي ئوبزورچى بولالمايدۇ. شۇڭا
ئەتراپلىق يېتىلگەن ئەدەبىي تەنقىدچى خاس تەنقىدىي ماقالە يې-
زىش بىلەنلا چەكلەنمەي، باشقا مىللەت ئەدەبىياتىنى ئۆز ئاپتور-
لىرى ۋە ئۆز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇرۇشنىمۇ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي
ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى دائىرىسىدە نامايان قى-
لىشنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات بۇ جە-
ھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. ئۇ شېكسپىرنىڭ «رومېئو
ژولېتتا»، «ئوتېللو» قاتارلىق مەشھۇر تراگېدىيىلىرىنى، بوچا-
كوفنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى،
پۇشكىننىڭ «باغچا ساراي فونتانى» ناملىق ۋەكىللىك ئەسىرى-
نى، گوركىنىڭ «يىگىرمە ئالتە ۋە بىر» ناملىق پوۋېستىنى،
داغىستان شائىرى رەسۇل ھەمزاتوفنىڭ «مېنىڭ قەلبىم تاغلار-
دا» ناملىق مەشھۇر داستانىنى ھەمدە باشقا بىرمۇنچە نادىر ئەسەر-

لەرنى تەرجىمە قىلىپ نەشردىن چىقىرىپ ئاپتورلار قوشۇنىمىز
ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن زور ئىمكان يارد-
-تىپ بەردى. راستىنى ئېيتقاندا بىزدە ھېچبىر نەزەرىيە تەتقىقات-
چىسى بۇ جەھەتتە مۇھەممەت پولاتتەك ئىلمىي ئىش قىلىپ
بېرەلمىدى. ئۇ يەنە چەت ئەل ئەدەبىياتى ھەققىدىمۇ «چىخوپنىڭ
بەدىئىي ماھارىتى ھەققىدە» دېگەندەك تەتقىقات ماقالىلىرىنى يې-
-زىپ، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت
يولى ۋە ھاياتى بىلەن بىزنى ئەتراپلىق ئۇچراشتۇردى.
مۇھەممەت پولات ئىجتىھاتلىق، مەسئۇلىيەتچان تەنقىدچى.
ئۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەر
تەرەپلىمە ئىزدەندى. ئۇ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر
يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاپ نەشرگە تەييارلىدى.
تەنقىدچى نەشرگە تەييارلىغان «زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى»،
«تېيىپجان ئېلىيېوف ئەسەرلىرى»، «يىلتىز»، «دىل كۆزى»
(ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر يازغۇچىسى ئىمىن ئوسماننىڭ ئەسەرلى-
-رى)، «زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر شۇنىڭ
جۈملىسىگە كىرىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بىزگىچە تە-
سىرى ئەڭ چوڭ بولغان شائىرلاردىن بىرى بابا رېھىم شامەشرەپ-
-نىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئۇ نەشرگە تەييارلىدى.
كۆرۈشكە بولىدۇكى، تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات يېڭى
دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكىمىزگە ئاساس سالغۇچى. ئۇ
ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ جەبرى يولنىڭ ئەڭ قەيسەر، تىز
پۇكمەس كارۋىنى. ئۇنىڭسىز يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەن-
-قىدچىلىكىنى، تەنقىدچىلىك تارىخىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتا-
-يىن تەسكە توختايدۇ.

تەنقىدچى مۇھەممەت پولات ھەقىقىي تەنقىدچىدە بولۇشقا
تېگىشلىك شەرتلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىدا ھازىرلىيالىغان تەنقىدچى.
ئۇنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسلۇبى، تەنقىدچىلىك ئەخلاقى، ھەققاند-



-يەت ۋە ئادالەت پرىنسىپلىرىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتەك پەزد-
-لىتى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈ-
-تۈن ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنمۇ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقتۇر.
كەڭ تەتقىقاتچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلغىنىدەك، «مۇھەم-
-مەت پولاتنى 20 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ
ۋەكىلى دېسەك، بۇ قارىشىمىز ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. چۈن-
-كى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدىكى
باشلامچىلىق ئورنى، تەنقىدچىلىكىمىزگە قوشقان تۆھپىسى ناھا-
-يىتى گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى-
-مىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى...»[1] شۇڭا ئۇنىڭ تەنقىد-
چىلىكى ئەدەبىياتىمىز تەنقىدچىلىكىنىڭ ئومۇمىي سىيماسىنى
كۆرسىتىپ بېرەلىدى. مېنىڭچە بۇ تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ
تۆھپىسىنىڭ ئەڭ يارقىن كۆرۈنۈشىدۇر.
ئاخىرىدا بۇ ئىجتىھاتلىق، مۇبارەك تەنقىدچىمىزنىڭ تېنىگە
ساقلىق، تەتقىقاتىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار تىلەيمەن!

① ئازات سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى»،
2002 - يىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 369 - بەت.

# بىزدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى

ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىق سەنئىتى. بۇ يەردىكى ئىنسانشۇناسلىق كۆپ ھاللاردا تىندىنسىيىگە، سەنئەت كۆپ ھاللاردا تىلغا قارىتا ئېيتىلغان بولسا كېرەك. بىراق بۇ ئۇقۇمنى شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىياتتىكى پىكىرنىڭ قۇرۇلما مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزىدە سەنئەت ياتسا، تىلدا خەلقىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ مىللىي روھى ۋە ۋەتىنى گەۋدىلىنىدىغان تەبىئىي پىكىر ياتىدۇ. تىل مىليونلىغان خەلق ئۇزاق بىر زاماندا ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ياراتمىشتۇر. كۆپ ئەدىبلەر تىلنى تىرىك جان سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

. . . . . .
ھەم سۆز ئىلە ئەلگە ئۆلۈمدىن نەجات،
ھەم سۆز ئىلە تاپىب ئۆلۈك تەن ھەيات.
سۆز بىلە كۇفر ئەھلى مۇسۇلمان بولۇپ،
سۆز بىلە ھەيۋان دېگەن ئىنسان بولۇپ.
. . . . . .
مەئىدەنى ئىنسان گۇھەرى سۆزدۇرۇر،
گۇلشەنى ئادەم سەمەرى سۆزدۇرۇر.①

① ئەلىشىر نەۋائى: «ھەيرەتۇلئەبرار»، شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 – يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 407 –، 408 – بەتلەر.



ئەلىشىر نەۋائى بۇ يەردە زىكرى قىلىۋاتقان «سۆز» ئەمەلدە يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان «تىل» دۇر. راست، شائىر نەۋائى تەلقىنلىرىدە ئېيتقانداك تىلنىڭ قۇدرىتى ئاجايىپكى، ئۇ گېزى كەلگەندە مۇردىنى ھاياتلىققا، ھاياتلىقنى ھەم مۇردىغا ئايلاندۇرالايدۇ. شۇنداق، ئۇنىڭغا بۇ قۇدرەتنى ئانا سۈت ئاتا قىلغان تەبىئىي پىكىر بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پۈتمەس سەنئەت كۈچى ئاتا قىلغان.

دەرھەقىقەت، دۇنيا تىلشۇناسلىق ساھەسىدە ھازىر مىللىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق خاسلىقى، لېكسىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە جۈملە قۇرۇلمىلىرىدىكى خاس مىللىي تىل ئېلېمېنتلىرىغا ئاساسلىنىپ، تىل ئىگىلىرىنىڭ مىللىي پسىخىكىلىرىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلماقتا. ئىنسان بالىسىدا ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى قانچىلىك قەدىمىي بولسا، تىلنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇنچىلىك قەدىمىيدۇر، تىلنىڭ شەكىللىنىشى قانچىلىك قەدىمىي بولسا، سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇنچىلىك قەدىمىيدۇر. سەنئەتنىڭ شەكىللىنىشى قانچە قەدىمىي بولسا ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇنچە قەدىمىيدۇر. . . راست، ئەدەبىيات ئىنسان بالىسىغا ناھايىتى كىچىك بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ مەنىۋى ھەمراھ بولۇپ كەلدى ھەم كەلمەكتە. ئىنساننىڭ مۇرەككەپ ۋە باي مەنىۋىيىتىنى بىر ئۆلچەملىك فورمۇلىغا سالغىلى بولمىغىنىدەك، ئەدەبىياتنى، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى نەزەرىيىنى بىر ئۆلچەمگە زورلۇق بىلەن سالغىلى بولمايدۇ. بارلىق بىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىش ھەلەكچىلىكىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغىنىدەك، ئەدەبىياتمۇ ئەللەي ناخشىسىدىن ماتەم – مەرسىيە قوشاقلىرىغىچە ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن ھايات مېلودىيىسى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ھالبۇكى، ئەدەبىياتنىڭ بۇ تۈپكى ئالاھىدىلىكى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن «ئۆل-

چەم» گە چۈشىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بىزنىڭ «نەزەرىد-
يە» لىرىمىز بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئاشۇ «ئۆلچەم» گە
سالدى. بۇنى يەنە كېلىپ مۇتلەق ھەقىقەت دەپ قاراشتۇق. مۇشۇ
ئاددىي ۋە تېيىز نەرسىلىرىمىز مۇتلەق ھەقىقەت بولسا ئىدى،
ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزىنى تونۇش يوللىرىدىكى بارلىق پائالىيەتد-
لىرىگە خاتىمە بېرىلگەن بولار ئىدى. ئىنسانىنىڭ بۇ ھاياتلىق
دۇنياسىدا سوئاللىق نەزەرلىرى بىلەن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىد-
رىنىڭ تامامىي ھاجىتى قالمىغان بولار ئىدى. قايسىبىر دانا
«ھەقىقەت مۇتلەق بولسا ئىدى، ئاخىرەتتىكى سوراقنىڭ كېرىكى
بولماس ئىدى» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقان. بىز خۇددى كېيىن
ھېچقانداق سوراق بەلگىسى كېرەك بولمايدىغان ھەقىقەتنى تېپىد-
ۋالغاندەك، ھېچكىم تەپتىش بىلەن قاراشقا پېتىنالمايدىغان ئېتىد-
قادنى تېپىۋالغاندەك، نەزەرىيىلىرىمىزنى بىردىنبىر دەستۇر قىلد-
دۇق. ناھايەتتە، ئۆزىمىزدىن مىڭلارچە يىللار بۇرۇن ياشاپ
ئىجاد قىلغان ئۆز دەۋرىنىڭ بىباھا شائىر، پەيلاسوپلىرىغا دېگەند-
دەك توغرا مۇئامىلە قىلالمىدۇق. ئۇلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە
تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ، توغرا ۋە
ئىلمىي باھا بېرەلمىدۇق. ئۇلارنىڭ خەلقىمىز قەلبىدە ھېلىھەم
قانچىلىك بۈيۈك سىيما بولۇپ تۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ
ئىجادىي مېھنەتلىرى ھېلىھەم خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ
كېلىۋاتقانلىقى بىلەن ھېچبىر ھېسابلاشمىدۇق. بۇ نادانلىق ئەمد-
دى بىزنى شۇ دەرىجىگە ئېلىپ كەلدىكى، بىز ھازىرقى ستۇدېنتد-
لىرىمىزنىڭ قولىغىمۇ مانا شۇ «تەۋرەنمەس نەزەرىيە» لىرىمىزنى
مەھكەم تۇتقۇزۇپ ئۆلگۈردۇق. بۇ بىر ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىزمۇ
خۇددى بىزگە ئوخشاش، ئاشۇ قاتمال نەزەرىيىلەر بويىچە تارىخىي
سىيمالىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشكە باشلىدى،
بىلسەك، بۇ مىللەت ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى



زىيان ئىدى. تېخىمۇ بەختسىزلىك شۇ يەردىكى، بۇ بىر ئەۋلاد
ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتلىرىمىز ئەدەبىيات ھادد-
سىلىرى، بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەر، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
بەدىئىي پەللىسى ۋە مۇئەللىپلەرنىڭ پەلسەپىۋى مۇھىتى قاتارلىق
نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
تەھلىل ئېلىپ بارالمايدىغان، مۇستەقىل ئىلمىي قاراشلارنى تىكد-
لەش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ چىقىۋاتىدۇ (ئەلد-
ۋەتتە، كۆپ ئىجتىھات قىلىدىغان ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا
ئالمىغاندا). مەن بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىمەن، بۇ يۈكسەك
بۇرچ تۇيغۇسى مېنى زادى ئۆز ئارامىمغا قويمايدۇ. بۇ ھەقتە
كۆپ ئويلايمەن، كۆپ پىكىر يۈرگۈزىمەن. بىزنىڭ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىدا ھەر يىلى ئىككى سىنىپ تىل - ئەدەبىيات كەسپى
بويىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرىدۇ. مەن ھەر يىلى دېگۈدەك
پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيد-
سىگە ئومۇمىي نۇقتىدىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ
ماقالىلىرىدە كۆچۈرمىكەشلىك ھادىسىسى ئىنتايىن ئېغىر، مەد-
سىلىلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بەك ئاد-
جىز. ھازىر ئومۇمىي ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇ ھال مەلۇم نىسبەتد-
تە ساقلانماقتا. مەيلى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بولسۇن، مەيلى نەزەد-
رىيە تەتقىقاتىدا بولسۇن، يالغان يازغۇچى، يالغان شائىر ۋە
يالغان تەتقىقاتچىلاردىن خوپ بىزار بولدۇق. بىزنىڭ ئەدەبىياتد-
مىز تەقلىدچىلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ناھايىتى ئۇزۇن زامان
قۇتۇلالماي كەلدى، ھېلىھەم تولۇق قۇتۇلدى دېگىلى بولمايدۇ.
ھەتتا ئىجادىي پىكىر بولمىغان سېپى ئۆزىدىن كۆچۈرمىكەشلىكد-
نىمۇ «تەقلىدچىلىك» دەپ يۈرۈۋەردۇق. خەيرىيەت، دېدۇق.
ئەمما بىز يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىگىسى، بىز ئۇنىڭغا ئىگە
بولىمىز، مەسئۇل بولىمىز. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ جەبرى

يولىغا كىرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ، ئەمما بۇ يولدا ئۆزى دەم
تۇرۇپ كېلىۋاتقانلار ناھايىتى ئاز. خەلقمۇ ئەنە شۇ ناھايىتى ئاز
ساندىكىلىرىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ. يالغاندىن ماڭا-
لىغان سىياقتا كىرىۋالغۇچىلار ھامان تەبىئىي شاللىنىپ قالىدۇ.
ئۇنداقلارنى تارىخ ھېچبىر سەھىپىسىدە قەدىرلىمەيدۇ. مانا شۇن-
داقلارنىڭ بىر خىلى ئەلىشىر نەۋائى تەلقىنلىرىدە «پەس تەبىقە
قەلەم ئىگىلىرى» ئىدى. ئۇلار قېلىپتىن چىققان تەقلىدۋازلار
ۋە كۆچۈرمىچىلەردۇر. بۇ ھەقتە ئۆزبېك ئالىمى ئىبراھىم ھەق-
قۇلوف مۇنداق دەيدۇ: «... ھازىرقى تەقلىدچىلەرمۇ خۇددى
نەۋائى ئېيتقاندەك ‹پەقەت شېئىر يېزىش بىلەنلا شاد ۋە خۇر-
سەن› . ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىر بېيىت توقۇپ چىقتىمۇ
بولدى، شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرۇپ داۋ-
راڭ سالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا نە ھەقىقەت ۋە
مەرىپەت بالىدىن لەززەت، نەزملىرىدە نە شەۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن
ھارارەت، شائىرانە تەركىبلىرىدە نە ھېكمەت ۋە گۈزەللىك، ئاشىقانە
كۆيۈپ - پىشىشلىرىدا نە ئوت ۋە يالقۇن بولسۇن؟»[1]
شۇنداق، تەقلىدچى ۋە كۆچۈرمىكەشلەردە ۋىجدان قېنى تەپ-
چىپ تۇرغان يۈرەك، ئىنسانغا خاس ئەقىدە، سەمىمىي ۋە ئىلمىي
پوزىتسىيە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار مەنىۋى ئوغرىلىق بىلەن جان
بېقىشقا كۆنگەن. ئۇلار ئۇچۇن مەرتىۋە، بۇگۇنكى مۇنۇ قىزىقار-
لىق «ئىلمىي ئۇنۋان» ، قانداقتۇر تەقدىر بىلەن خۇدانىڭ دىققەت-
سىزلىكىدىن ئۇلارغا مۇنداقلا نېسىپ بولۇپ قالغان «دوقا ماڭلاي-
دىكى تەلەي» ئەڭ قىممەتلىك دەسمايە ۋە «ئىككى دۇنيالىق
رىزقى» دۇر. ئەنە شۇ، بۇ دۇنيادىكى كىچىككىنە نەپ ئۇلارنى
ئىككى - ئۈچ پارچە ئەرزىمەس يېزىلمىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قى-

[1] ئىبراھىم ھەققۇلوف: «زەنجىربەندشىر قېشىدا» غۇلام غوپۇرى نامىدىكى نەشرىيات،
ئۆزبېكچە نەشرى، 71 - بەت.



لىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلار بۇ يېزىلمىلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان
قىلغان كۈندىن باشلاپ داۋراڭ سېلىشقا باشلايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار
ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئادەملەر بار. تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ تۇرقى بۇ
ھالدا، ئەمدى بىزدىن قانداق شاگىرت چىقىشى مۇمكىن؟ شۇبھە-
سىزكى، بىزدىنمۇ خۇددى ئۆزىمىزدەك ناباب شاگىرت چىقىدۇ.
بۇ شاگىرتلار بىرقانچە پارچە قاپىيىلىك گەپلەر تىزمىسىنى گېـ-
زىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا، گەپنى چوڭ قى-
لىپ، قەددىنى رۇسلايدۇ، بۈگۈنكى ئۆزىمىزدىن چىققان بىرنەچ-
چە ئالىم ۋە شائىرلىرىمىزغا، ھەتتا كلاسسىك سىيمالىرىمىزغا
تولىمۇ سۇيۇق پىكىرلەر بىلەن باھا بېرىشكە باشلايدۇ. قىسقى-
سى، ئۇلار شائىرلىق دەۋاسىنى باشلايدۇ. مانا بۇ مەنىۋى زەبۇنلۇق
ۋە چىركىنلىك ئەلىشىر نەۋائى تەلقىنلىرىدە مۇنداق قامچىلىنىدۇ:

شۇڭقار ئەگەر تۇرنانى ئۇلار كۈنى،
يۈزنى ئالۇر بىرداغى چىقماس ئۈنى.
. . . . . .
كىمگەكى ئەرلىك ئەسەرى يارىدۇر،
بىر دېمەس ئەر قىلغانى مىڭ باردۇر.
كۆرمەگەن ئەرلىكدىن ئۆزىن بەھرەمەندە،
بىرنى داغى قىلماسا يۈزدىن بەلەند.
ۋەقتى بىلە قىلدى خەرۇس ئۈن ئەيان،
تىنمادى بىرلەھزە كۈرۈك ماكىيان.

قاراڭ، ئۆز ئۆمرىدە ئىنسانىيەتكە بويى بىلەن تەڭ كىتاب
يېزىپ ئاجايىپ ھېكمەت دۇردانىلىرىنى قالدۇرغان ئالەمشۇمۇل

[1] ئەلىشىر نەۋائى: «ھەيرەتۇلئەبرار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 -
يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 472 - ، 404 - بەتلەر.

بۈيۈك سىيما ئەلىشىر نەۋائى ھېچبىر ئىشىدىن مىننەت قىلمىدى. ئادىللىق بابىدا شۆھرەتلەنگەن ۋە ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان خاقان ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىگە ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بېرىۋىدى، نەۋائى ھېچ ئىككىلەنمەي رەت قىلىدىغۇ، نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ مىننەتكە تىغ ئۇرغان، ھىممەتكە قۇچاق ئاچالىغان ھەقىقىي ئىنسان ئىدى. ئۇ ياراتقان بۈيۈك سىيمالاردىمۇ ئەنە شۇ خىسلەت بار. قاراڭ، فەرھادمۇ ئاتىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى، تاجۇ تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلىدىغۇ!...

ئەر كىرەر ئەر سانىغا ھىممەت بىلەن،
ئەر ئەمەس پەخىر ئەيلەگەن زىننەت بىلەن.[①]

ئەلىشىر نەۋائى زىكرى قىلىۋاتقان «ئەر» ماھىيەتتە ھەقىقىي ئىنسان ئىدى. ئەمدى بىز ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىنى ۋىجدان ۋە ئەقىل تارازىسىغا تاشلاپ باقايلى، بۇ تارازىغا قانچىلىك ۋەزىن تەسىرى بولار؟ ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىمۇ بىزدىن يىراقلاپ كېتىپ بارغىنىدا، ئەمدى يەنە قانداقلارچە زەخىرلىك ئىشلارنى تەلەپ ئەتمەك كېرەك؟ ئەلىشىر نەۋائى ھېكمەتلىرىدە ئۆز خەلقىنىڭ غېمىدىن باشقا، ئەرزىمەس غەملەرگە ئەسىرار ئادەم سىياقىدىكى جانىۋارلارنىڭ بارچىسى بىردەك ئادەم ئەمەس:

ئادەمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.[②]

① ئەلىشىر نەۋائى: «ھەيرەتۇلئەبرار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 404 -، 472 - بەتلەر.

② ئەلىشىر نەۋائى: «ھەيرەتۇلئەبرار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 480 - بەت.



ئادىمىيلىكنى، ئەقىل ۋە ۋىجداننى تەرك ئەتكەن ئادەم سۈپەت بىچارىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى خۇنۇك، روھى سۇنۇق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئەركىن پەرۋاز قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىنىڭ قاناتلىرى نەپسانىيەت يىپلىرىدا مەھكەم باغلانغاندۇر. ئەمەلدە ئۇلار مەنىۋى زىندانىنىڭ ئەڭ ئازابلىق كامېرلىرىدىكى ئەڭ بىچارە مەھكۇملاردىن ئىبارەت.

مۇشۇ ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنى ئالدى بىلەن بىز ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئېڭىمىزدا ھۆكۈمران ئورۇنغا قويمىساق، ئادىمىيلىك سۈپىتىگە داغ تەگكۈزىدىغان بارلىق چىركىنلىكلەرنى ئۆز ئېڭىمىز ۋە ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىن شەپقەتسىزلەرچە قوغلاپ چىقارمىساق، ئۇ ھالدا بىز ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى بولالمايمىز. بىزدىن تەربىيە كۆرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلارمۇ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرگە ئېتىبارسىز قارايدىغان كىشىلەر بولۇپ چىقىدۇ.

بىز ھازىرغىچە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسىنى ئۆگىنىشنىڭ توغرا يېتەكچى ئىدىيىسىنى تىكلەپ بولالمىدۇق. ئاپتور ۋە ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا دۇنياۋى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتىكى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق جاھان قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلالمىدۇق. ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى. «... تارىختا ئۆتكەن ئەربابلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە باھا بېرىشتە، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈن تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسىلەرنى بەرمىگەنلىكىگە ئەمەس، ئۆزىدىن بۇرۇنقىلىرىغا نىسبەتەن نېمىلەرنى بەرگەنلىكىگە قاراش لازىم»[①]. دەرۋەقە بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟ ياق، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. ئەكسىچە، بۇنىڭدىن تالاي ئېرالار مۇقەددەم ياشاپ ئىجاد ئەتكەن پەيلاسوپ ۋە شائىرلىرىمىزدىن بىز بۈگۈنكى ئىدىيىلەرنى تەلەپ قىلدۇق.

① «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1993 - يىللىق 2 - سان 37 - بەت.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىشلىرىدىن، ئېتىقاد پەللىسىدىكى ئورنىدىن ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىي مېھنىتىنى خاراكتېرلىدۇق. بۈگۈن بىز ئۈچۈن كېرەك بولۇۋاتقان كلاسسىك مىراسلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي مېغىزىنى قېزىپ چىقىرالىمىدۇق. چۈنكى بىز بۈگۈنكى ئىدىيىمىز بىلەن قەدىمكىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە باھا بېرىشنىلا ئۆگەنگەن. ئۇلارنىڭ بەدىئىي پەللىسىنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئۆگەنمىگەن.

بۇ بىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ بىر بوشلۇق. تارىخى كۆمۈلگەن خەلقنىڭ كېلەچىكى قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى كۆپ ئالىملار دەپ ئۆتكەن. بۇ ئىنسانىيەت تارىخ مۇساپىسىنىڭ بەك ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي ۋە ھەققانىي يەكۈن ئىدى. ھەرقانداق مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پىششىق ئىگىلىمەي ھەم پۇختا بىلمەي تۇرۇپ، بۈگۈنكى مىللىي ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش شۇنداقلا جاھانغا يۈزلەندۈرۈش كويىدا بولۇش ئەمەلدە بىھۇدە ئاۋارىچىلىكتىن ئىبارەت، خالاس! ھازىرقى ياۋروپا ئەدەبىياتىمۇ قەدىمكى ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئالدى. ياۋروپالىقلار ئولىمپىس تېغىدىن باشلانغان قەدىمكى يۇنان خۇدالىرىدىن تارتىپ، ئىلمىي نۇجۇم بىلىشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ساتورىن يەنى رىم خۇدالىرىغىچە ھەممىنى ئىنسان بالىسىنىڭ بىلىش تارىخىدىكى ئەڭ يۈكسەك دۇردانىلىرى سۈپىتىدە چۈشىنىپ، ئۇنى تەتقىق قىلىپ، قەدىرلەپ كەلدى. قەدىمكى يۇناننىڭ بۈيۈك شائىرى ھومېرنىڭ مەشھۇر داستانلىرى «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسىيا»لارنى، ھېسىئودنىڭ «خۇدالار شەجەرىسى»نى بۈگۈنگىچە ياۋروپا فىلولوگىيە ساھەسى ئىزچىل تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر تۈيغۇن نۇقتىسى شۇكى، ئۇ، مىللىي



خاسلىقىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى ئەڭ يارقىن ئەكس ئەتتۈرگۈچى سەنئەت شەكلى ۋە ئەقلىي، مىللىي پىكىر يولى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي تۇپراقنى ئەڭ مۇستەھكەم دەسسەپ تۇرۇشى لازىم. بېتخوۋېننىڭ سىمفونىيىلىرى ئۇيغۇرنى تەسىرلەندۈرەلىشى ناتايىن، ئەمما ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. موزارتنىڭ مەشھۇر كۈيلىرى ئۇيغۇرنى تەسىرلەندۈرەلىشى ناتايىن، ئەمما ئۇيغۇر مەدداھلىرىنىڭ ساپايىسىدىن چىققان ئۈن ئۇيغۇر قەلبىنى تىترىتىدۇ. سەنئەت مانا شۇنداق نەرسە. گەپ بىز ئۇنىڭ مىللىي ۋە ئەقلىي قىممىتىنى چۈشىنىشىمىزدە. دەل مۇشۇ ساھەمۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىمىزنىڭ مۇھىم تارمىقى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىمىزدە مەزكۇر نۇقتا سىستېمىلىق تەتقىقات تۈسىنى ئالمىغان. بىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۇ قىممەتلىك ساھەنى ئوقۇغۇچىلار ئايدىڭلاشتۇرالايدىغان بولۇشى زۆرۈر. ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىگە قىستىلىپ كىرىۋېلىپ ئۆزىنى قىيناپ، ئۆزگىنى بىزار قىلىۋاتقان شائىرلىق ۋە يازغۇچىلىق دەۋاگەرلىرى ۋىجدانەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. مۇبادا چۈشەنسە ئىدى، ئۇلار ئۆز ئەقلى، ۋىجدانلىرىنى دەرھال تېپىۋالغان، تۇتۇرۇمسىز يېزىلمىلىرىنى دەرھال توختاتقان بولار ئىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ناھايىتى مول ئىلمىي دەسمايە تەلەپ قىلىدىغان تەھسىل پائالىيىتىدۇر. چۈنكى ئەڭ ئاددىيسى مەتنىنى كۆرۈش ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى)نى پۇختا بىلگەندىن سىرت، بىرنەچچە خىل يېزىقنى يەنى تۈرك ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىقلارنى مۇكەممەل بىلىشكە توغرا

كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قەدىمكى ھىندى، گرېك ۋە ئەرەب، خەنزۇ پەلسەپىلىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ناھايىتى چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى سانىلىدىغان ئۇيغۇرلار مەنىۋى ھاياتىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار، يەنى زاردۇشىزىم، مانىزىم، نېستورىزىم، بۇددىزىم ۋە ئىسلامىزملار بىلەن پۇختىراق تونۇشۇپ چىقماي تۇرۇپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. ھازىر بىزدە بىرمۇنچە ياشلار خەنزۇچە ۋە چەت ئەل تىلىدىكى مەنبەلەردىن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتنى بەدىئىي دىت بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى يېڭىدىن يېڭى ھادىسىلەر سۈپىتىدە چۈشىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھازىر دېيىلىۋاتقان مودېرنىزملىق ئېقىملارنىڭ ھەر خىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ تولۇپ ياتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. بىز زىكرى قىلىۋاتقان سىمۋولىزم، ئىپادىچىلىك، كېلەچەكچىلىك، سۇررىيالىزم، ئاڭ ئېقىمى، مەۋجۇدىيەتچىلىك، بىمەنىچىلىك، قارا يۇمۇر ۋەھاكازالارنى خەمسەئى نەۋائىنىڭ ئۆزىدىنلا تاپقىلى بولىدىغۇ؟! دېمەك، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىياتىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى نەزەرىيىۋى ياقتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئوپېراتسىيە قىلالمىغاچقا، بۈگۈنكى ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بىزگە پۈتۈنلەي يېڭى تۇيۇلۇشى تۇرغان گەپ.

بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىمىزدىكى يەنە بىر چوڭ نۇقسان شۇ يەردىكى، بىز دىندىن ئىبارەت بۇ چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىسىنى نوقۇل ۋە بىر تەرەپلىمە تەنقىد قىلىش بىلەن چەكلىنىپ، ئۇنى مەدەنىيەت مۇھىتىغا قويۇپ ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلالمىدۇق. ئەنگلىيە سوتسىئولوگى ۋە دىنشۇناسى ف. مەكس



موللېر مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق خىياللىرى ئۇلارنىڭ مۇنبەت ئېتىقاد تۇپرىقىدا بىخلىدى ۋە كۆكلىدى. بىز ئۇنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۈگۈن بىز بىلگەن ئەڭ قەدىمكى ئىنسانىيەت تارىخى بىلەن تەڭ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى سەممىمىي ھالدا ئېتىراپ قىلىمىز...»[1] ئېنىقكى، ئەدەبىيات بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئەدەبىياتىمىزنىڭ يەنە بىر چوڭ تەتقىقات تېمىسىدۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ سەزگۈردۇر. شۇڭا دىنشۇناسلىق ئىلمىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئەدەبىياتىمىزدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

ھازىر بىزنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئېتىبارسىز قارايدىغان يامان كېسەل شەكىللەندى. بۇ كېسەل بىر پۈتۈن جۇڭگو مائارىپىدا مەۋجۇت ئىدى. ھازىر جۇڭگودا يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ ئىدېئولوگىيىسىدىكى نۇقسانلار بىر پۈتۈن مائارىپنىڭ جانلىق كەيپىياتىغا بىۋاستە تەسىر قىلماقتا. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تەتقىقاتچىسى، زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزەرىيىچى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى خې شىن ئەپەندى جۇڭگو مائارىپى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «... جۇڭگودا باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا ‹ياخشى ئوقۇغۇچى› دەپ قارىلىپ، ئۇلگە قىلىنىدىغانلار ئادەتتە ئەڭ ‹گەپ ئاڭلايدىغان›، ‹ياۋاش›، ‹قۇلىقى يۇمشاق› باللاردۇر.» بىر قەدەر پەرقلىق ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋە مۇستەقىل ئىجادىي خاسلىققا

① ف. مەكس موللېر: «دىنىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت.

ئىگە باللار رامكىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكى، ئاتالمىش «كەپسىز-
لىكى» بىلەن، مەسىلەن، جىم تۇرمايدىغانلىقى، كۆپ سوئال
سورايدىغانلىقى، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغانلىقى، كۆپچىلىككە
ئەگەشمەيدىغانلىقى بىلەن يېتىلىش جەريانىدا بېسىلىش، سىقى-
لىش ۋە زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئاسانلا دۇچ كېلىدۇ ـ دە، ئاخىر
خاسلىقى يۇرمىلىنىدۇ. «جۇڭگودىكى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ
ئىچىدە ئەقلىي جەھەتتە ئالاھىدىلىرى، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى
بولغانلىرى ئاز ئەمەس. بۇلار ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ
ئىدېئولوگىيىمىزدىكى نۇقسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. . . »[1] بۇ
ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلە-
دۇر. مەن بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇ-
تۇش پراكتىكىسى بىلەن يېتەكلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، تۆۋەندىكى
بەزى ناھىيە، يېزىلارنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ-
لىرىدە بولدۇم. مەن سىنىپ ئارىلاپ يۈرۈپ دەرستە ياخشى
دېگەن ئوقۇغۇچىلاردىن «چوڭ بولسىڭىز قانداق ئادەم بولىسىز؟
چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسىز؟» دېگەن سوئاللارنى سوراپ
كۆردۈم. بۇ سوئالغا 100% ئوقۇغۇچى «تىرىشىپ ئۆگىنىپ
كەلگۈسىدە ۋەتەن ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولىمەن؟» «لېي فېڭ
تاغامدىن ئۆگىنىپ ۋەتەن ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولىمەن!»
دېگەن جاۋابنى بەردى. بۇ جاۋاب ئىنتايىن توغرا. لېكىن شۇنداق
بولسىمۇ يەنىلا مەن چوڭقۇر ئويغا پاتقاندىم. چۈنكى بۇ جاۋابنى
مۇئەللىم ئۇلارغا يادلىتىپ قويغان ياكى ئۇلار كىتابتىن يادلىۋال-
غان. بۇ كىچىككىنە ئەمەلىيەت شۇنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ
تۇرۇپتۇكى، باللارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈرۈشكە كىچىكىدىنلا ئېتىبار بېرىلمىگەن. ئوقۇغۇچىلى-

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان
65 ـ بەت.



رىمىز ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئۆزلىرى چۈشىنىپ بول-
مايدىغان مەۋھۇم ۋە ئابستراكت چۈشەنچىلەر، ئۇقۇملار دۆۋىسى-
گە كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگولۇق مائارىپ-
چى چېن شياڭمېي خانىم جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە بېيجىڭدى-
كى ئۇلگىلىك بىر باللار باغچىسىغا بارغان. ئۇ ئامېرىكىغا
قايتىپ بېرىپ يازغان بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن:
«جۇڭگودىكى باللار باغچىلىرىدا تەربىيىچىلەر ھەمىشە باللارنى
باشقىلار قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىقىدىن، باشقىلارغا ئوخشاش
سۆزلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى گەپ ئاڭلاشقا دەۋەت
قىلىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا كىشىلەر ھەمىشە باللارنى شەيئىلەر-
گە قارىتا ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەشكە رىغبەت-
لەندۈرۈپ، ‹قانداق ئويلىدىڭ؟›، ‹قانداق قارايسەن؟›» دې-
گەن سوئاللارنى قويىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەربىيە شەكلى ئەمەلى-
يەتتە ئىككى خىل تەربىيە نىشانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جۇڭگو-
لۇقلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئاۋامغا ماسلىششالايدىغان كىشىلىك
مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ۋە تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان
قىلىپ تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلاردا ئۆزىگە خاس ئارزۇ، خىيال ۋە
كۆزقاراشلار بولغاندىمۇ، ئۇنى ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالداش تەرە-
قىسىدە يوشۇرىدۇ ھەم بوغىدۇ، شۇ ئارقىلىق مۇقىم، تۇرغۇن
جەمئىيەتنى ساقلايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، باللارنى كىچىكىدىن
تارتىپلا مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان، ئويلىغانلىرىنى مۇستەقىل
شەرھلەيدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، مۇرەككەپ،
ئۆزگىرىشچان جەمئىيەت مۇھىتىغا ماسلىششنى تەلەپ قى-
لىدۇ. . . »[1] چېن شياڭمېي خانىمنىڭ بۇ يەكۈنىدە ھەقىقەت بار.
جۇڭگو مائارىپى ئاساس مائارىپى تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن دۆلەت-

[1] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1997 ـ يىللىق 5 ـ سان
65 ـ بەت.

لەرنىڭ مائارىپىغا ئوخشاشمايدۇ. ئالايلى، ئاۋسترالىيىنىڭ ئوت-
تۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى گۈللەنگەن مائارىپ دېيىش-
كە بولىدۇ. جۇڭگودىكى باللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاۋستراليە-
دىكى باللارنىڭ ئوقۇشى يېنىك بولۇپ، مەكتەپتە جىددىيلىك-
لەرسىز ئۆتىدۇ. مەكتەپ تاپشۇرۇقنى ناھايىتى ئاز بېرىدۇ،
ئىمتىھانمۇ ناھايىتى ئاز ئېلىنىدۇ. ئۇلاردا ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ-
كە چىقىش ئىمتىھانمۇ ئېلىنمايدۇ. نۇرغۇن دەرسلەرنىڭ ئۆتۈ-
لۈش سۈرئىتى جۇڭگودىكىدىن كۆپ ئاستا. جۇڭگودىكى زور
كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار ئەگەر ئاۋستراليىگە ئالمىشىپ ئوقۇسا،
خاس دەرسلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار-
دىن كۆپ ئۈزۈپ كېتىدۇ. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلى-
رى مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئاۋستراليىنىڭ ئوتتۇرا - باشلان-
غۇچ مەكتەپ مائارىپى جۇڭگونىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەپ خاتا خۇلا-
سە چىقىرىشىدۇ. ئەمما ئاۋستراليىلىك ئوقۇغۇچىلار ئىپادى-
لەش ئىقتىدارى جەھەتتىن، بولۇپمۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە يۈزلى-
نىپ تۇرۇپ، مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش، كۆزقارىشىنى بايان
قىلىشتا، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن كۆرۈنەرلىك ئۈستۈن تۇ-
رىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ-
كىدىن كۆپ كەڭ. ئۇلارنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى،
ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك...[1] دېمەك،
مائارىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بۇ خىل كىچىكىدىن تارتىپلا
مېخانىكىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئالىي مەكتەپلەرگىچە داۋاملى-
شىپ، ئاخىر يازمىمىزنىڭ باش قىسمىدا دەپ ئۆتكەن بىرقاتار
مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ سەۋەبلەردىن
باشقا يەنە بىرمۇنچە سەۋەبلەر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل - ئەدەبى-

① «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1997 - يىللىق 11 - سان 44 -
بەت.



يات ئوقۇتۇشىدا ئوبيېكتىپ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقار-
ماقتا. ئالايلى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىزدە ئەم-
دىلا قولغا ئېلىنغان بىر ساھە. شۇنى ئىلمىي نۇقتىدىن سەمى-
مىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىش ھاجەتكى، ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك
ئەدەبىياتىغا بولغان چۈشەنچىمىز ۋە تەتقىقاتىمىز ياۋروپا تۈركولو-
گىيە ساھەسىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى تەتقىقات سەۋى-
يىسىگە يەتمەيدۇ. شۇنداق بولۇشقا قارىماي مەلۇم سەۋەبلەر بى-
لەن ياۋروپا تۈركولوگلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى
بىزگە يېتىپ كەلمەيدۇ. قىسقىسى، بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز
ھەققىدىكى خەلقئارا تەتقىقاتلاردىن بىز پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىخەۋەر
ۋە ئۇچۇرسىز قالىمىز. جامائەتچىلىككە مەلۇمكى، مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ باشلىرىدا (1902 - يىللاردىن 1914 - يىللارغىچە) چەت
ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرى ھېسابسىز يازما
يادىكارلىقلارنى ياۋروپاغا ئېلىپ كەتتى. دانىيىلىك ئەسىرگە
چۈشكەن ھەربىي ئوفىتسېر سترالېنبىرگ ئەپەندى ئورخون بويى-
دىكى تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشنى بايقىغانىدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ ئۆلگەن يېزىقنى ترانسكرىپسىيە قىلىش
ۋە تىلىنى يېشىشقىچە بولغان ئالەمشۇمۇل تەتقىقاتلارنى ياۋروپا
تۈركولوگلىرىنىڭ جاپالىق ۋە مىننەتسىز ئىجتىھاتىدىن ئىزدەي-
مىز. ئەلۋەتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى
خېلى نۇرغۇن ھەم مۇھىم ئەسەرلەر تەتقىقاتىدىمۇ، يەنىلا ياۋروپا
تۈركولوگلىرى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇ، ئىلمىي مەۋقە
بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ، تۈركولوگىيىنىڭ بايراقدارلىرى بو-
لۇپ قالدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»
ئەسىرىنى كېلىسلى رىفئەت 1919 - يىلىدىن ئىلگىرىلا ئەرەبچە
ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بىزدە بولسا، ئۆزىمىزنىڭ
جاھانغا مەشھۇر بۇ ئەسىرىمىز 1981 - يىلى تۇنجى قېتىم نەشر

قىلىندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئە-
سىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدىلا دۇنيا تۈر-
كولوگلىرىنىڭ قىزىق تەتقىقات نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى،
ھەتتا رەشىد رەخمەتى ئارات ئەپەندىلەر مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيە-
لىك ئەسەرنىڭ ئىندىكسىنىمۇ 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا
دۇنياغا ئېلان قىلىپ بولغانىدى. بىز بولساق، بۇ نادىر مىراسى-
مىز بىلەن 1984 - يىلىلا يۈز كۆرۈشەلىدۇق. بۇ ھەقتە سىستې-
مىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى تېخى بىزنى كۈتۈپ
تۇرىدۇ، دېمەك، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، خەلقئارا تۈركولو-
گىيە ساھەسىنىڭ يېڭى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن بىخەۋەر قېلىشى-
مىز بەك ئەپسۇسلىنارلىق ھالدۇر.
مۇشۇ بىرقاتار مەسىلىلەرنى ئويلىغىنىمىزدا، بىز ئالىي
مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مىللەت ۋە مىللەتنىڭ ئو-
قۇغۇچىلىرى ئۇچۇن ئېغىر ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈس-
تىمىزگە ئېلىشىمىز لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماي تۇرالماي-
مىز. بۇ يەردە شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوقۇتقۇ-
چىغا خاس ئاجايىپ پەزىلەتلەر بىزدىن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋا-
تىدۇ. ئاددىيسى، ئوقۇغۇچىلار دەرسكە نارازىلىق پىكرىنى بەر-
سە، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ قانداق دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقى، شۇ ساھە-
نىڭ قانداق يېڭىلىقلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزەلمىگەنلىكى بى-
لەن ھېسابلاشماي، ئەكسىچە ئاشۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن
ئۆلگۈدەك رەنجىيدۇ. مۇبادا بىزگە ئۆزىمىزنى ماختاش پۇرسىتى
بولسا، ئەرزىمەس نەرسىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، «تۆھپى-
كار» لىقىمىزنى جار سالىمىز. بىز مىللەت ئالدىدا ئەمدى قانچى-
لىك ئەقلىي مېھنىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق؟
بىزنىڭ بۈيۈك تەسەۋۋۇپ شائىرىمىز قۇل خوجا ئەھمەد
يەسەۋى 63 يېشىغىچە مۇدەررىس بولدى. ئۇ مۇدەررىسلىك قىل-



غان نىزامىيە مەدرىسە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ چوڭ ئىلىم
ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ مۇشۇ مەدرىسىدە ئۆزىگە خاس
پەلسەپىۋى سىستېما «يەسەۋىيە مەكتىپى» نى ياراتتى. 120 يىل
ئۆمۈر كۆرگەن بۇ پەيلاسوپ نېمىشقا 63 يېشىدىلا مۇدەررىسلىك-
تىن قول ئۈزدى؟ سەۋەب شۇكى، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا (كەڭ
مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا) ئىلىم ئەھلى - مەۋلىۋىلىرى، ھەتتا
پارس - تاجىك ئىلىم ئەھلىلىرى بۇ زاتنىڭ ھېكمەتلىرىنى يادقا
بىلەتتى. ئۇنىڭ نامى ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ئالىمىگە پۇر كەتكەن-
دى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋىجدان ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغان ئالىيجا-
ناب زات نام - شۆھرەت ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېتىقاد
ئالدىدا ئىنسانلىقتىكى چوڭ گۇناھ دەپ بىلدى. يەنە بىر نۇقتى-
دىن ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ مۇئەييەن بىر قارارگاھقا بېرىپ قالغانلى-
قىنى، مۇدەررىسلىككە جۇشقۇن، نەۋقىران، چارچىمايدىغان ۋە
ئالجىمايدىغان ياش مېڭە لازىملىقىنى ئۇ بەك ياخشى بىلەتتى.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك مەسئۇ-
لىيەت ئالدىدا، بىزدىمۇ قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋىچە پاكىز روھ
بولغان بولسا - ھە؟!

# شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ بەزى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى شېئىرىي خاسلىق ۋە تېماتىكا جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شائىر شېئىرلىرىدا يورۇتۇلغان تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئادەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن چوڭ ھايات ھەقىقەتلىرىگىچە، ئادەتتىكى ھايات كارتىنىلىرىدىن خەلقىنىڭ تەقدىرىگىچە بولغان تېما دائىرىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى باشقا يولداشلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە قالدۇرۇپ، پەقەت ئۇنىڭ شېئىرىي خاسلىقىغا تەۋە بولغان شېئىرىيەت تىلى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىمنى دەپ ئۆتمەكچىمەن.

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى. شېئىرىيەت تىلى ئەدەبىي تىلنىڭ ئەڭ سەنئەتلەشكەن، ئەڭ تاۋلانغان جەۋھىرى. بۇ سۆزنى نەزەرىيە كىتابلىرى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئەمما ئاشۇ نەزەرىيە كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە شېئىرىيەت تىلىدىكى ئاشۇ ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، كونكرېت كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. دېمىسىمۇ لۇغەت سوستاۋىدىكى سۆزلەرنى سۆز تۇركۈملىرىگە ئايرىغاندەك «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شېئىرىيەت تىلى» دەپ بىر تۇر قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. سەۋەب شۇكى، شېئىرىيەت تىلى شائىرنىڭ ئىلھامى ۋە ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك ھىدىنى، ئۇنىڭ ھاياتتىن ئالغان ھاياجانلىق تۇيغۇسىنى، پىنھان ۋە گۈزەل سېزىملىرىنى ئىپادىلىگەن بولىدۇ. بۇ



نۇقتىدىن ئۇ ئادەتتىكى ئەدەبىي تىللارغا قارىغاندىمۇ رەڭدار، ئويناق، جۇشقۇن ۋە تەسىرلىك، شۇنداقلا باشقا ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ تىللىرىغا قارىغاندىمۇ ئىخچام، دەل، ئىچكى مەنىلەرگە باي ۋە جەلپكار بولىدۇ. شېئىرىيەت تىلىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ دەبدەبىلىك، پۇچەك، قۇرغاق ۋە چۈشىنىكسىز تىل مۇھىتىدىن يىراق تۇرۇش پرىنسىپىنى بەلگىلىگەن. شېئىرىيەت تىلىغا قويۇلىدىغان بۇنداق پرىنسىپاللىق ئۆلچەملەر دۇنيادا ھەرقانداق مىللەت ئەدەبىياتىدا ئورتاق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا رۇس شائىرى پۇشكىن: «مەن چوڭلاردىن تارتىپ كىچىك بالىلارغىچە ھەربىر كىشىنىڭ مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولۇشىنى ئىستەيمەن»① دەيدۇ. مېنىڭچە پۇشكىن بۇ يەردە خەلققە ئەڭ يېقىن بولغان ئېستېتىك شېئىرىي مۇھىت تۇيغۇسى ۋە خەلقنىڭ جانلىق تىلى بىلەن يېزىشنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى بەك يۇكسەك ئورۇنغا قويۇۋاتىدۇ. دەرھەقىقەت، شېئىر كىتابخاندىن زارىقىپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلمايدىغان بەدىئىي شەكىل. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلى ئەڭ يەڭگىل، راۋان، ئاممىباب بولۇشى كېرەك.

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىنىڭ تىلىدا شېئىرىيەت تىلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تولۇقى بىلەن نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ مىسرالارغا تىزغىنى ئاۋامنىڭ ئادەتتىكى جانلىق تىلىغا ئوخشاش چۈشىنىشلىك، راۋان ھەم جەلپكار تىلدۇر. بىزدە بىر قىسىم شائىرلار شېئىرىيەتنىڭ غەزەل تۇرىدە ئىجاد قىلغاندا، غەزەلنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىل ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى جۇلاسىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەر بىلەن، بىرمۇنچە ئىملىقلار بىلەن، بىرقاتار ئەرەبىي ۋە پارسىي ئىزافەتلىك بىرىكمىلەر بىلەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

① پۇشكىن: «پۇشكىن خاتىرىلىرى» گەنسۇ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1139 - بەت.

دەۋرى (كۆپلىگەن تىلشۇناسلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەينى
چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىدىن بەش ئەسىردىن ئارتۇق
ئايرىلىپ قالغان، دەپ قارايدۇ) دىكى شېئىرىيەت تىلىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكلىرى بىلەن يېزىپ كېلىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردىن ئادەت-
تىكى كىتابخانلىرىمىز مەنپەئەت ئالالمايدۇ. شائىر مۇھەممەتجان
راشىدىن ئىزچىل ھالدا خەلق تىلىغا ئەڭ يېقىن ئەدەبىي تىل
بىلەن شېئىر يېزىپ كەلدى. ئۇ ھەتتا ئاشۇ غەزەل شەكلىدە
يازغان شېئىرلىرىدىمۇ ئاممىباب، جانلىق خەلق تىلىنى ئىشلەت-
تى. بىر قىسىم شائىرلاردەك ئۇنىڭغا ھەر خىل «رەڭ» لەرنى
قوشۇش ھەلەكچىلىكىدە بولمىدى. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن
شائىر غەزەللىرىدىن خالىغان بىرىنى كۆرەيلى:

. . . . . .
ئۆز نەپسىنىڭ قۇللىرى ئەخلىتىدۇر دۇنيانىڭ،
رەزىللىككە كۇندە مىڭ ئوق ئاتقانلار ئۆلمەكلار.
سېخىيلىكتىن ئالەمگە ئالتۇن چاچقان ھاتەمدەك،
ياندىقى يوق يالغۇزنى يار تۇتقانلار ئۆلمەكلار.
تۇگمىنىگە قايغۇنىڭ كىرىپ - چىقىپ كۇندە مىڭ،
غېمى ئۈچۈن ئاچلارنىڭ ئۇن تارتقانلار ئۆلمەكلار.
مۇساپىرلار كۆمۈلگەن قەبرىلەرنى كۆرگەندە،
كۆمۈلگەندەك قاياشى «ئۇھ» تارتقانلار ئۆلمەكلار.
دوستى دەردتە «ئاھ» ئۇرسا ئۇ چېتىدىن ئالەمنىڭ،
ئايلىق يولغا ئاشىقتەك ئات چاپقانلار ئۆلمەكلار.
. . . . . .
(«ئۆلمەكلار» دىن)

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، شائىر ئەڭ ئاددىي تىلنى شېئىرىي
مىسرالىرىدا سەنئەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. يەنە كېلىپ



شائىر ئۆز خەلقىگە ئەڭ تونۇش بولغان، ئۇيغۇر مىللىي ئەل
ئەدەبىياتىنىڭ خاس ئەنئەنىۋى ھالقىلىرىدا ئەڭ كەڭ خەلققە شۇ
قەدەر تونۇشلۇق بولغان موتىفسىمان كارتىنىلاردىن ئۇستىلىق
بىلەن پايدىلىنىپ، شېئىرىي مۇھىتنى كىتابخان قەلبىگە تولىمۇ
تەبىئىي رەۋىشتە باشلاپ كىرىدۇ. يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «سې-
خىيلىكتىن ئالەمگە ئالتۇن چاچقان ھاتەمدەك»، «تۇگمىنىگە
ئاچلارنىڭ ئۇنىنى تارتقانلار»، «ئايلىق يولغا ئاشىقتەك ئات چاپ-
قانلار» قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزغا ئۇلار-
نىڭ بوۋىلىرى ئېيتىپ بەرگەن ئاجايىپ ساماۋى قىسسىلەردىن،
ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا مەنىۋى مىسرالاردىن شۇ-
قەدەر تونۇشلۇقكى، بۇ كارتىنىلار ئاللىبۇرۇن كىتابخانلىرى-
مىزنىڭ مىللىي تىلىغا ۋە مىللىي ھېس - تۇيغۇسىغا ئايلىنىپ
كەتكەن بىغۇبار ۋە پاك ئېلېمېنتلاردۇر. مەشھۇر تىلشۇناس،
تۈركولوگ، ئالىم ئاخمەت جافار ئوغلى مۇنداق دەيدۇ: «مىللىي
ھېس بىلەن تىل ئارىسىدىكى باغلىنىش ناھايىتى چىڭدۇر. تىل-
نىڭ مىللىي ۋە ساپ بولۇشى مىللىي ھېس - تۇيغۇنىڭ ساپ
بولۇشىدۇر.»[1] دېمەك، شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلىدىكى بۇ ئالا-
ھىدىلىكلەر ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلان-
غان بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى شائىر مۇھەممەتجان راشى-
دىن شېئىرلىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

مەلۇمكى، ئەڭ يىغىنچاق يازما ئارقىلىق بىرەر كونكرېت
شەيئى ياكى ھادىسىنى سەنئەتلىك يول بىلەن تەسۋىرلەپ مول
ھېس - تۇيغۇنى ۋە ئىدىيىنى قوزغىتالايدىغان ئاددىي تىل شېئى-
رىي تىلدۇر. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدا ئەنە
شۇنداق مول ھېس - تۇيغۇنى ۋە ئىدىيىنى قوزغىتالايدىغان ئاددىي

[1] ئاخمەت جافار ئوغلى: «ئۇيغۇر سۆزلىكى» 1934 - يىل ئىستانبۇل نەشرى، كىرىش سۆز.

تىل بار. بىز شائىرنىڭ «كەل» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

كېلەر بولساڭ ئەمدى يار، كەتمەيدىغان بولۇپ كەل،
ئەڭ بولمىسا، بىر ئاخشام، كەچلەيدىغان بولۇپ كەل.
تۆرەلگەنمىز ۋاپادىن، شۇبھىلەرگە نەھاجەت،
جاندىن كەچسەڭ، مېنىڭدىن كەچمەيدىغان بولۇپ كەل.
ياغلىق بولسۇن، قولۇڭدا كۆز يېشىمنى سۈرتكىلى،
مېنى ئالداپ يالغان ئاش ئەتمەيدىغان بولۇپ كەل.
......
كۆز ياشلارغا كىم خۇشتار، كۈلكە بىزدە كۆپ بولسۇن،
ئالتە كۈلۈپ، بىر يىغلاپ پەسلەيدىغان بولۇپ كەل.
ئىنسان دېگەن دۇنياغا دەرد تارتقىلى كەلمىگەن،
جۇدالىقتا دەرد - ئەلەم چەكمەيدىغان بولۇپ كەل.
قاچانغىچە يۈرىمىز كاككۇك بىلەن زەينەپتەك،
دۈشمەن ئاتقان تاش - داڭگال يەتمەيدىغان بولۇپ كەل.

شائىرنىڭ ئېقىن سۇدەك راۋان، ئېغىز تىلىدەك چۈشىنىشلىك ۋە ئوبرازلىق بۇ مىسرالىرى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تىنىپ كەتكەن ھېس - تۇيغۇمىزنى غىدىقلاپ بىزگە ئاجايىپ ئۆزگىچە بىر مەنىۋى دۇنيانى ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ ئەڭ ئاددىي شېئىرىي تىلنىڭ ھاياتبەخش قۇدرىتىدۇر. مانا بۇ شېئىرىي تىلنىڭ ئېستېتىك قىممىتىدۇر.

بەدىئىي تىل ماھىيەتتە ماھارەتلىك تىلدۇر. شېئىرىيەت تىلى بولسا بارلىق ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدە تېخىمۇ پەۋقۇلئاددە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان تىلدۇر. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، شېئىرىيەتتىكى تىل ماھارىتى شائىردىن ئاددىي ۋە جىلۋىدار، تەبىئىي ۋە يەڭگىل، مەنىسى چوڭقۇر ۋە دەل سۆزلەر-



نى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭگو چاغداش ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى بولغان ئەي چىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ھەممىدىن تەبىئىيلىككە ئىگە تىل ئېغىز تىلىدۇر. شېئىرنى مۇمكىنقەدەر ئېغىز تىلى بىلەن يېزىش كېرەك، شېئىرنىڭ مۇمكىنقەدەر سۆزى ئاددىي، مەنىسى چوڭقۇر بولسۇن»① دەيدۇ. بۇلار شائىرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان خۇلاسىلەردۇر. شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرىيىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مانا شۇنداق جانلىق تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان شېئىرىيەتتۇر. بۇنى شائىر شېئىرىي تىلىنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچە خاسلىقى دېيىش مۇمكىن. مەزكۇر تىل خاسلىقى مەھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدا ئومۇمەن دېگۈدەك ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بىر تەرەپتۇر. مىسال ئۈچۈن بىز شائىرنىڭ «بۇ دۇنيا» ناملىق شېئىرىدىن تۆۋەندىكى بىرقانچە مىسرانى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تالاشماڭلار تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گاداي، مەيلى شاھ بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.

چېچەك توكسە ئۆرۈكلەر، مېۋە قېلىپ ئورنىدا،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رىزقى ئەمما تەڭ ئەمەس، بۇ «پانىي»غا كەلگەننىڭ،
بىردە يوقسۇل، بىردە تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا.

① «ئەي چىڭ شېئىرىيەت توغرىسىدا»، «مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 148 — 149 - بەتلەر.

ئېنىقكى، بۇ مىسرالارنىڭ ھەربىرىدە خەلق ھېكمەتلىرى خەلقنىڭ جانلىق تىلى بىلەن جۇلا قىلىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ ساتىرالىرىدىمۇ خەلقىمىز تىلىنىڭ جانلىق، ئاممىباب ۋە ئاچچىق كىنايىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. «ئىخچام سورۇن»، «ئۆلپەتلىرىم»، «پېشقەدەم دەيسىز، خام دېسەك...» قاتارلىق بىرمۇنچە ساتىرالىرىدا شائىر مەسخىرىلىك تىل قامچىسىنى خېلى جايىدا سوققان. شائىرنىڭ ساتىرالىرىدىكى تۇز ۋە ئېنىق خەلق تىلىمۇ كىشىگە تىل راۋانلىقى تۇيغۇسى بېرىدۇ.

شائىرنىڭ بەزى قىسقا بوغۇملۇق مىسرالاردىن تۈزۈلگەن شېئىرلىرىنى بىز خەلق قوشاقلىرىنى ئوقۇغاندەك يەڭگىل سىزىمدا ئوقۇيمىز. خۇددى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەممەتجان راشىدىن خەلق تىلى بىلەن ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەممەتجان راشىدىن خەلق تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئىجاد قىلىدىغان شائىر بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىسقا مىسرالىق تۆتلۈكلىرى تەبىئىي رەۋىشتە خەلق قوشاقلىرىدەك تۈس ئېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ «ئاق پەسىل ئىلھاملىرى»، «ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ»، «تاغ لىرىكىلىرى»، «سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ؟» قاتارلىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرى دەل ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. گېپىمىزگە پاكىت تەرىقىسىدە بىز شائىرنىڭ «سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ؟» ناملىق شېئىرىنىلا كۆرۈپ ئۆتسەك يېتەر، دەپ ئويلايمەن:

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
قارىغايلىقتا يۈرگەنمۇ.
مەن تاغلاردەك بولسام دەپ،
سەنمۇ خىيال سۈرگەنمۇ؟



سەن تاغلاردا يۈرگەنمۇ،
تاغدا مېڭىپ كۆنگەنمۇ؟
سەنمۇ مەندەك تاغلارنى،
يۈرىكىڭدىن سۆيگەنمۇ؟

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
ئاساۋ تۇتۇپ مىنگەنمۇ؟
تاغ دېگەننىڭ جەننەتتەك،
بولارنى بىلگەنمۇ؟

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
مەندەك ئويناپ ـ كۈلگەنمۇ؟
يۇر، دېسەممۇ كەتكۈڭ يوق،
تاغقا ئالتۇن كۆمگەنمۇ؟

بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلىرىدىكى خەلق تىلىغا يېقىنلىق ۋە ئاممىبابلىقىنى «ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنى ھەتتا شائىرنىڭ ئۇسلۇبى دېسەكمۇ بولىدۇ»[1] دېگەن خۇلاسىنى قىلىدۇ. دېمىسىمۇ شائىر قىسقا شېئىرلىرىدىن تاكى داستانلىرىنىڭ تىلىغىچە مانا شۇنداق ئالاھىدىلىك مەۋجۇت. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ شېئىري تىلنى پاساھەتكە ئىگە قىلغان شائىرلارنىڭ بىرى مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئىدى. بىراق، مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرلىرىدىكى خەلق تىلىغا يې-

① ئازات سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 171 ـ بەت.

قىنلىق بىلەن تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى خەلق تىلىغا يېقىنلىق ئوتتۇرىسىدا يەنە روشەن پەرقلەر بار. ئەلۋەتتە، شېئىرىيىتىمىزدىكى جانلىق خەلق تىلىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئايرىم، خاس بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇشى لازىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مول مەزمۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن پەخىرلىك ئورۇنغا سازاۋەر بولغان شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرىيەت تىلىدىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرمۇ، ئۇنىڭ 1992 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناشتا خەلق ياقتۇرىدىغان شائىرلاردىن بىرى بولۇپ باھالىنالىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاخىرىدا دەيدىغىنىم شۇكى، شائىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەلقىمىزگە تېخىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىغا تىلەكداشمەن ۋە شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.



# ئەزىزانە شەھەردىكى بىر ئۇچقۇننىڭ بەدىئىي خاتىرىسى

باتۇر، كۈرەشچان، چىدامىلىق ۋە كۆتۈرۈشچان خەلقىمىز تارىختا تالاي ئىنقىلابلارنى قوزغىدى، تالاي قانلىق كۈرەشلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ لەھەتسىز قالغان مۇردىلىرىغا، دەريا بولۇپ ئاققان قانلىرىغا مۇشۇ زېمىن شاھىت. شۇڭا بۇ قۇرغاق زېمىن گويا ئەسىرلىك ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان مويسىپىت ئاتىدەك تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق، غەيرەتلىك، چىدامىلىق ھەم كۆتۈرۈشچان بولۇپ قالغان. راست، ئۇ خېلى ـ خېلى ئىشلارنى، ئۆز قۇچىقىدا ئۆسكەن پاك نىيەتلىك ھالال ئەزىمەتلىرىنىڭ سەل بولۇپ ئاققان كۆز ياشلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ كەلگەن. . . يەنە كېلىپ بۇ زېمىن شۇقەدەر مېھرىبان ۋە سۆيۈملۈك، شۇقەدەر لەۋەن ۋە جەلپكار. شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن مەرد يىگىتلىرىنىڭ قەلبىدە كەچكىلى بولمايدىغان ئىشق ئوتىنى يالقۇنلىتىپ كەلگەن. ئوغلانلار مۇشۇ زېمىن ئۈچۈن جانلىرىدىن كەچكەن. ئۇلار: «كېسىلسە باش، تۆكۈلسە قان، چۇشەر ھامان ماكانىمىزغا. . .» («ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدىن) دەيتتى. شائىرلارنىڭ ۋەتەن ئىشقى دېگىنى مانا شۇ.

ھاردۇق يەتكەن تەكلىماكان بىر قارىماققا تولىمۇ قېرىپ كەتكەندەك، بىر قارىماققا ھاياتلىقنى ئەمدىلا باشلىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارغا ئۆزگىچە رەڭ، ئۆزگىچە خاراكتېر ئاتا قىلغان. ئۇ يەنە بۇ زېمىننىڭ ئۇزاق قەدىمىي تارىخىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان كەچمىشىنى تولىمۇ ئېنىق

سۆزلەپ بېرىدۇ. بىز قەدىمكىسىنى قويۇپ ھازىرقىسىنىلا تىلغا
ئالساق، نۇرغۇن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىلاگىن ۋا-
ئىت (SHILAGIN WEIT) (مىيۇنخېنلىق جۇغراپىيىشۇناس،
ئالىم بولۇپ، گېرمانىيىدىكى جۇغراپىيىشۇناس، مەشھۇر ئالىم
فۇنبورتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ ئىنىسى ئادىروپ. ۋ ۋە
ئېرۇمان، روبىرت قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ، 1851 - يىللى-
رى قەشقەرگە كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھ-
ۋالى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغان. ئىنىسى قەشقەردە
پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ رايونىمىزنى تەتقىق قىلغان گېرما-
نىيە ئالىملىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ) تىن
باشلاپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى فرانسىيە ئېكس-
پېدىتسىيىچىلىرى شىتروئۇن، تايكۇمانلان (1931 - يىللىرى
رايونىمىزغا ماشىنا بىلەن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر) لارغىچە
تالاي قېتىم ئوكيان ۋە تاغ - داۋانلاردىن ئۆتۈپ بۇ ماكانغا
كېلىپ، تەكلىماكاننىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان-
دى. ئۇلار تا بۈگۈنگىچە تەكلىماكان ئۆزلىرىگە سۆزلەپ بەرگەن
ھېكايىلەرنى يېزىپ - يېزىپ تۈگىتەلمەي كەلمەكتە. ئۇ ھەقىقە-
تەنمۇ يازسا - يازسا تۈگىمەيدىغان ھېكايەتلەردۇر.

80 - يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزمۇ بۇ ئانا
زېمىننىڭ تارىخىي كەچمىشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، چوڭ ھە-
جىمدىكى بەزى تارىخىي - بەدىئىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
دى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تارىخنى ۋە ئۆزىنى تونۇ-
شى قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاپ، ئېستېتىك تەلەپلىرىمۇ كۆنسايىن
ئېشىپ باردى. يازغۇچىلىرىمىزمۇ زور غەيرەت بىلەن بۈگۈنگىچە
200 دىن ئارتۇق رومانىنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى زامان
ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى سان ۋە ساپا مۇھە-
تىنى شەكىللەندۈردى. ئەنە شۇنداق غەيرەتلىك، تىرىشچان ياز-



غۇچىلىرىمىزدىن بىرى ئەخەت تۇردىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇ-
يان ئۇنىڭ بىرنەچچە رومانى كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنىپ،
ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى. مەن
مەزكۇر يازمامدا يازغۇچىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى توغ-
رىسىدا ئۆزۈمنىڭ بەزى پىشمىغان خىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى 18 -
ئەسىرگە كەلگەندە تامام ئۆچۈپ، بۇ زېمىننى جاھالەت باستى.
جاھالەت پىرلىرى ۋە ئىستىبداتلار بۇ زېمىننى، جۈملىدىن تەك-
لىماكاننى جاھان تەرەققىياتىنىڭ ماس قەدىمىدىن ئايرىپ، قاش-
شاقلىقتا قالدۇرۇپ، دەپسەندە قىلىپ ھالسىراتتى. . . تاكى 40 -
يىللارغا كەلگەندىمۇ بۇ ھال داۋاملىشىۋەردى. زۇلمەتنىڭمۇ چېكى
بار، دېگەندەك، 30 - يىللاردىن باشلاپ رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا زۇلۇمغا ۋە جاھالەتكە قارشى ئىنقىلاب ئۇچقۇنلىرى
چاقناشقا باشلىدى. بۇ ئۇچقۇنلار گاھىدا يانغىنغا ئايلاندى. يازغۇ-
چى ئەخەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنى 40 - يىللاردا
قەشقەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئىنقىلاب تېمىسىغا بېغىشلى-
دى. يازغۇچى سەل چوڭراق بولغان بۇ تارىخىي تېمىنى يورۇتۇش-
تا ئاددىي يېزا يىگىتى باتۇرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت يولىدىكى
ھەققانىي ئىسيانكارانە ھەرىكىتى ھەققىدىكى ھېكايىنى بىر پۈتۈن
سۇژېتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىۋالغان. روماننىڭ
دەسلىپىدىلا تراگېدىيە بىلەن باشلانغان ھېكايەت ئوقۇرمەننى تەبى-
ئىي رەۋىشتە ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئومۇمىي بەدىئىي مۇھىت
ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ. ئەينى چاغلاردىكى قەشقەردىكى ئىجتىما-
ئىي رېئاللىق ئېنىقكى مۇرەككەپ، رەڭدار ۋە باي بولۇپ، كىشى-
لەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، تونۇشى ئاددىي ھەم ھەر خىل ئىدى.
يازغۇچى ئاشۇ ئىجتىمائىي تارىخىي رېئاللىقنى ئۆگىنىش جەريانى-

ـدا ئۆزى يورۇتماقچى بولغان تېمىنىڭ بەدىئىي ئۇندۇرمىسىنى
قانداق تاللاش مەسىلىسى ئۇستىدە ئەتراپلىق ئويلانغان. شۇنىڭ
بىلەن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ئەينى چاغدىكى ساددا ۋە
دىلكەش قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرى بولغان باتۇق ئۇستىگە
مەركەزلەشكەن. باتۇق شۇقەدەر ساددا يىگىت ئىدىكى، ئۇ ھەتتا
كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان چىدىغۇسىز پاجىئەلەرنىڭ ئىجتىمائىي
مەنبەسى، ئادالەتسىزلىكلەرنىڭ ھامىيسى ھەققىدىمۇ ھېچنېمىنى
ئويلاپ باقمىغان ساۋاتسىز، مۆمىن بەندە ئىدى. ئۇ دەپسەندە
بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىشىلىك غۇرۇرىنى قوغدىغانىدى، پەقەت
شۇ سەۋەب تۈپەيلىدىنلا ئۇ جىنايەتچى بولۇپ، تۈرمىگە مەھكۇم
قىلىنىدى. مانا بۇ ئەينى يىللاردا ئۆز زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ كىـ
شىلىك ھوقۇقى ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلالمىغان خەلقنىڭ كارتىنىسى ئىدى. دېمەك، يازغۇچى مۇشۇنـ
ـداق بىر دېھقان يىگىتنىڭ ھايات كەچۈرمىشىنى تاللىۋېلىپ،
ئۇنىڭغا بەدىئىي رەڭ بېرىپ، ئۇنى زور ئىجتىمائىي مەزمۇنغا
ئىگە قىلغان. ئوقۇرمەن باتۇقنىڭ تۈرمىگە تاشلانغۇچە بولغان
كەچۈرمىشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كېتىۋېتىپ، ئەينى چاغلاردىـ
ـكى قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن تونۇشىدۇ. باتۇق تۈرـ
مىدە قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن تونۇشىدۇ. باتۇق تۈرمىدە ئەزىمەت
قۇتلۇق ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ، كۆپلىگەن ھايات بىلىملىرى
ھەم ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن
مەسىلىلەر ئايدىڭلىشىدۇ، ھاياتقا ۋە كېلەچەككە بولغان چەكسىز
ئىشەنچ ئۇرغۇيدۇ. ئۇ يەنە ھەيدەر خوجا، رېشىت ھەمزە، بەختى
سېرىق، شايى ئەخمەت قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن
ئۇچرىشىپ، نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى چۈشىنىدۇ، خورلۇقتىن قۇ-
تۇلۇشنىڭ يەنى ئىنقىلابنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىۋالىدۇ. رېئاللىق
ئۇنى تەربىيىلەيدۇ، جەمئىيەت ئۇنى يېتىلدۈرىدۇ. ئاخىر ئۇ



قاراڭغۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، ئانا تەكلىماكاننىڭ پىنھان
قۇچاقلىرىنى بارگاھ تۇتۇپ، قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ. زۇ-
لۇم زىندانلىرىدىن ئەزىز باشلىرىنى ئېلىپ قېچىپ چىققان دەردـ
داشلار ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىستىبداتلىققا
قارشى ھەقىقىي بىر قوراللىق ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مانا
شۇ تارىخ يازغۇچى قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە
كۈچ ـ غەيرەت ئاتا قىلدى. يازغۇچى ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ باشلامچىـ
لىرىدىن سۆيۈندى، ۋاقىتسىز قۇربان بولغان شىر يۈرەك ئەزىـ
مەتلەرنىڭ ھاياتىغا ئېچىندى. ئۇلارنىڭ تەكلىماكاننى شادلاندۇرـ
غان قەدەم ئىزلىرىنى مەدھىيىلىگۈسى كەلدى. «ئۇنتۇلغان كىـ
شىلەر» رومانىنىڭ مەزمۇنى ئەنە شۇنداق بارلىققا كەلگەن. ياز-
غۇچى مۇشۇ مەزمۇننى نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، 40 ـ يىللاردىكى
قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي رېئاللىقلىرىنى ئوقۇرمەنـ
لەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر
يازغۇچىسى مۇختار ئەۋېزوف مۇنداق دېگەنىدى: «مەلۇم بىر
دەۋر، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي شارائىتتا ھايات كەچۈرگەن تارىخىي
شەخسلەر ھەققىدىكى رومانلارنى تارىخىي رومان كاتېگورىيىسىگە
كىرگۈزۈش مۇمكىن، بۇنداق رومانلاردا قوشۇمچە خۇسۇسىيەتـ
لەرمۇ بولىدۇ، يەنە ئىجتىمائىي شەخسلەرمۇ بولىدۇ. قەھرىمان
ئوبرازنىڭ ھاياتى ۋە كۈرەشلىرى ئارقىلىق دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي،
ئىقتىسادىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەرقانداق تارىـ
خىي رومان ئۈچۈن ئومۇمىي ۋەزىپىدۇر.» دېمەك، بۇ تارىخىي
رومانلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋەزىپىسىدۇر. يازغۇچى ئەخەت تۇردى
«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدا باتۇق، قۇتلۇق ئەپەندى، مامۇت
قۇرغۇي، تۇردى راجى، ھاپىز جۇيجاڭ، قاسىم كاناي، دانىش
ئىمام، ھاجى ئورۇس، خەنىسا دوقى، نازاكەت خېنىم، كاڭ
لۇيجاڭ، ھەمدەمبەگ، سېلىم شوپاڭ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئوبـ

-رازلىرى ئارقىلىق ئەينى چاغلاردىكى قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
ئىجتىمائىي ھالىتىنى خېلى روشەن يورۇتقان. بىز نەزەرىيە
كىتابلىرىدا ھەمىشە بۇ ھالنى ئىجتىمائىي مۇھىت ياكى پېرسو-
ناژلار مۇھىتى دەپ تىلغا ئالىمىز. بۇ نۇقتىدا يازغۇچىدىن ئەينى
زامان تۇرمۇشىنى، كىشىلەرنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنى، ماد-
دىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئۆگىنىشنى،
ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
يازغۇچى ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى
قانچىكى پىششىق ئۆگىنەلىسە، ئۆزىنىڭ پىكىر ۋە ھېسسىياتىنى
يورۇتماقچى بولغان تېمىغا قانچىكى تولۇق بېرەلىسە، ئەسەردە
يارىتىلغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى شۇنچىكى چىن، شۇنچىكى ئوب-
-رازلىق بولىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوف ئۆزىنىڭ «ئەسىردىن ھال-
قىغان بىر كۈن» رومانىدىن پەخىرلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن
‹ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن› نى يېزىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمە-
نى، پىكرىمنى ۋە ھېسسىياتىمنى سەرپ قىلدىم، بۇ رومان
قەلبىمنىڭ ئېچىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. . .» يازغۇچى ئە-
خەت تۇردى بۇ جەھەتتە خېلى ئىجتىھات قىلغان. شۇڭا ئۇ «ئۇن-
تۇلغان كىشىلەر» رومانىدا ياراتقان ھايات كارتىنىسى بىرقەدەر
ئوبرازلىق، پېرسوناژلار ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بولغان.
بۈگۈنكى ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئانچە ئۇزۇن ئىجادىيەت تارى-
خىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۈگۈن-
كى كۈنگە كەلگەندە بەدىئىي ياقتىن تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەقى-
قىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت يولىغا كىردى. رومانلىرى-
مىز ھەقىقىي چىن ھاياتنى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياغا ئىگە
بولغان ئادەمنى، شۇنداقلا ئۆتمۈش تارىخىمىزنىڭ بەدىئىي كۆرۈ-
نۈشىنى قەلەمگە ئالدى. كىشىنى ھەممىدىن بەك سۆيۈندۈرىدىغى-
نى شۇكى، رومانلىرىمىز كىشىلىك ھايات ۋە پېرسوناژلار ھەق-



قىدە ئاۋۋال ئىدىيىۋى قېلىپنى ياسىۋېلىپ، ئاندىن ئاشۇ تەييار
قېلىپ بويىچە ئادەم ۋە ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، «ئىجا-
بىي» ۋە «سەلبىي» دەيدىغان ئىككى قۇتۇپ بويىچە ئادەملەرنى
ئاق ياكى قارا دەپ ئايرىيدىغان رامكىۋازلىقتىن قۇتۇلۇپ، مۇ-
رەككەپ ئىجتىمائىيەتنىڭ، شۇنداقلا مۇرەككەپ ئادەمنىڭ رېئال
ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلىرى-
مىزمۇ بەدىئىي كارتىنىلار ئىچىدە بەدىئىي زوق ھېس قىلىپ،
سەنئەت قۇچىقىدا ئۆزلىرىنىڭ ياكى ئۆز خەلقىنىڭ ئەقلىي ھايات
مەنزىرىسىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇلار كۆرۈۋاتقان پېرسوناژ-
لار ھەقىقىي مەنىسىدىن ئادەمگە ئوخشىدى. ئەسلىدىكى ئادەم
خۇدا قارىشىسىدا ئېتىۋەنسىز، مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. ئادەم ئاتا
بىلەن ھاۋا ئانىدىكى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن نۇقسانلار بۈگۈنكى
ئىنسان بالىسى ۋۇجۇدىدا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنەتتى. بىز بۇنى
دىنىي چۈشەنچىلەردىكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسا-
نىۋى تۈس، دەپ بىلسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يەنە ئىنساننىڭ ئۆزى
ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ئاجايىپ بىر يەكۈنى ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. دېمەك، بىزنىڭ ياراتقان پېرسو-
ناژلىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىق،
يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنىڭ
بولغانلىقى رېئاللىقتا ۋە ھايات ھەقىقىتىگە ئۇيغۇنلاشقانلىقىدىن
دېرەك بېرىدۇ.

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇ-
دىدىن بىز ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسى-
لەن، رومانىنىڭ باش پېرسوناژى بولغان باتۇق سادىدا يېزا يىگى-
تى، تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ قۇربانى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى-
دا ھەر ۋاقىت ھاپىز جۇيجاڭدىن قىساس ئېلىش يالقۇنى ئۆرتى-
نىپ تۇرىدۇ. ئۇ گەرچە قۇتلۇق ئەپەندىدەك بىلىملىك، ئىلغار

پىكىرلىك كىشىلەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ،
يەنىلا نادانلىقىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغاچقا، ئىنقى-
لاب جەريانىدا ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئارقا - ئالدىنى ئويلىماي
قاراملىق قىلىپ، كۆپ كېلىشمەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ. ئۇ ھاپىز جۇيجاڭنىڭ بۇ ئالەمدىن يوقىتىلىشى تەڭسىزلىك-
نىڭ يوقىتىلىشى، دەپ بىلىدۇ. ئۇ ھاپىز جۇيجاڭنى ئۆلتۈرمەك-
چى بولۇپ نەچچە قېتىم ھەمراھلىرىغىمۇ دېمەي، يالغۇز ئۇنىڭ
قەسىرىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پىلانسىز ھەرىكەتلەر
بىلەن ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاپىز
جۇيجاڭنىڭ يېزىدىكى ئاتىسى — چوڭ باي ھەمدەمبەگنىڭ قەسى-
رىگە كېچىدە كىرىپ، ھەمدەمبەگنى باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ يات-
لىق قىلىش ئالدىدا تۇرغان مەسۇم قىزى خانبۈۋىنى ئۇنىڭ كۆزى-
چىلا ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. بۇنى قىساس ئالدىم، دەپ بىلىدۇ.
ئۇ يەنە چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ. ئۇ
«باتۇق سىلىك» بولغاندىن كېيىن بىر سەپتىكى باشقا قېرىنداش-
لىرىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭلاپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى نۇقسانلارنى تېخىمۇ بايقىيالماس بولۇپ قالىدۇ. ئۇ
ھەتتا ئۆزىنىڭ سەپدىشى بارات چەكەدىگە تەپ تارتماستىن،
«سىڭلىڭنى ماڭا ئالغاچ كەل» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ، نەتىجىدە
بارات چەكەدىنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. دېمەك، باتۇقنىڭ
ۋۇجۇدىدا باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، غۇرۇر ۋە ھالاللىق بولۇش
بىلەن بىللە يەنە يېزا يىگىتلىرىگە خاس قوپاللىق، ساددىلىق،
قاراملىقمۇ بار، ھەتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شەيتانىي نەپسىنىڭ قۇلى
بولۇپ قالىدىغان نادانلىقمۇ بار. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئالاھىدى-
لىكلەرنى ئوقۇرمەن ھەرگىز ئۆزئارا زىددىيەتلىك ياكى مەنتىقىگە
ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ قارىمايدۇ. بەلكى ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك
ئادەمگە، يەنى گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن خۇنۇك سۇپەتلەرنىڭ



ھەممىسى روھىيىتىدە بار بولغان بىر مۇكەممەل ئادەمگە
ئوخشىتىدۇ.

بىز يەنە روماندىكى ھاجى ئورۇسنىڭ خوتۇنى چىرايلىق
نازاكەت خېنىمنىڭ ئوبرازىدىمۇ شۇ خىل ئالاھىدىلىكنى كۆرى-
مىز. ئۇ ياش، گۈزەل، ناز - كەرەشمىگە باي، ھەرقانداق
ئەركەكنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدىغان ئايال. ئۇ ئېرىنى تۈرمى-
دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ناھايىتى يەڭگىللىك بىلەنلا
ھاپىز جۇيجاڭنىڭ قىلتىقىغا چۈشىدۇ، ھەتتا ئۆيلىرىنىمۇ ھاپىز
جۇيجاڭ باشلىق ئىپلاس چىرىندىلارنىڭ بەزمىخانىسى، كۆڭۈل
ئاچىدىغان ئىشرەتخانىسى قىلىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، ھاپىز بولسا
نازاكەت خېنىمغا تولۇقى بىلەن ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىنىڭ
ئەكسىيەتچىل مەيدانىغا تارتىدۇ، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن جاسۇسلۇق
قىلىشقا قىستايدۇ. ئۇنىڭ ئېرىنى تۈرمىدە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، نازاكەت خېنىمنى باتۇق باشلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ
مەخپىيىتىنى پاش قىلىشقا قىستايدۇ. بۇ جەرياندا نازاكەت خېنىم
ھەق - ناھەقنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسانىي غۇرۇر
قايتا ئويغىنىپ، ھاپىز جۇيجاڭدىن يىرگىنىدۇ. ئاخىر ھاپىز
جۇيجاڭنىڭ دەھشەتلىك تەن جازاسى ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.
دەسلەپتە ئوقۇرمەننى سەسكەندۈرگەن نازاكەت خېنىم ئوبرازى
ئاخىر تراگېدىيە باسقۇچىغا كەلگەندە تۇرۇپلا ئوقۇرمەننىڭ ھېس-
داشلىقىنى قوزغايدۇ. ئىنسان روھىيىتىدە بولىدىغان بۇنداق
ئۆزگىرىشچانلىق ۋە مۇرەككەپلىك ئوقۇرمەننى ھايات ھەققىدە
تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلاندۇرىدۇ.

روماندىكى يەنە بىر پېرسوناژ ھەيدەرخوجا گەرچە ھاپىز
جۇيجاڭنىڭ ئىنىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاكىسىنىڭ قىلمىشلى-
رىغا تۈپتىن قارشى، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن
قايغۇرىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق، ھالال نىيەت، قۇتلۇق ئەپەندىلەر

بىلەن پىكىرداش ئەزىمەت. بارات چەكەدىمۇ ئەسلىدە زۇلۇم تارت-
قان كىشى بولۇپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ سېپىدىكى بىر ئەزىمەت
ئىدى. كېيىن ئۇ باتۇق سىلىڭ تەرىپىدىن كىشىلىك غۇرۇرى
دەپسەندە قىلىنىپ، باتۇقتىن رەنجىپ، ئۆيلىمىغان يەردىن دۈش-
مەنگە سېتىلىپ كېتىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇنداق مۇرەككەپلىك
ۋە ئۆزگىرىشچانلىق رېئال ئادەملەرنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشلىرى-
گە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، ئوقۇرمەننى ئۆزى ھېس قىلىپ
باقمىغان قىزىقارلىق ھايات ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.
ئەسلىدىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇشنىڭ بىز تېخى بايقىمىغان،
چۈشىنىپ يەتمىگەن تەرەپلىرىنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشى بىزنى ئالا-
ھىدە ئۆزىگە تارتىدۇ. بىز بۇرۇن بىر مەزگىل ئەدەبىي ئەسەرلى-
رىمىزدە پېرسوناژلارنى قايسى خىلدىكى ئادەملەر توپىغا، قايسى
تىپتىكى تائىپىگە تەۋە قىلىش مەسىلىسىنى ناھايىتى زۆرۈر دەپ
قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھە دېگەندىلا يارانقان پېرسوناژلارنى مۇ-
رەككەپ ئىجتىمائىي روھىي دۇنيادىن مۇستەسنا قىلىپ ياساپ
چىقاتتۇق. ناھايەت، يازمىلىرىمىزدىكى بۇ ئادەملەر شۇنچە سۈن-
ئىي، شۇنچە تۇتۇرۇقسىز، رېئال ئادەملەرگە زادىلا ئوخشاشماي-
دىغان جانلىقلار تائىپىسىدىن بولۇپ چىقاتتى. يۇقىرىقى ئەمەلى-
يەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەسكى، بىزنىڭ يازغۇچى-
لىرىمىزمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى چىنلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەنى-
ۋى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئەمەلىيەتتە خاراكتېرنى،
ئىندىۋىدۇئاللىقنى يارىتىشنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەت-
تى. بىزنى ھەممىدىن بەك خۇش قىلىدىغان نۇقتا مانا شۇ.
ياپونىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر يازغۇچىسى كاۋاباتا ياسىنارى
(1899 - يىلى 11 - ئىيۇندا تۇغۇلۇپ، 1978 - يىلى 16 -
ئاپرېلدا 79 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ياپونىيىنىڭ نوبېل ئەدەبى-



يات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن داڭلىق يازغۇچىسى) ئۆزىنىڭ تەسىرى
زور رومانى — «ئىزىدىكى ئۇسسۇلچى قىز» ھەققىدىكى تەسرا-
تىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن پۈتۈن زېھنىمنى پېرسو-
ناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە سەرپ قىلدىم.
ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىنىمۇ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىن
ئىزدىدىم. ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلى-
رىدىن مەن ئۆزۈمگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرەلمىدىم.
شۇڭا مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ياشاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ
پىنھان يەرلىرىدىكى خىيال، ئىنتىلىش ۋە ئىستەكلىرىنى مۇم-
كىنقەدەر ئەڭ تولۇق ۋە ئېنىق كۆرۈشكە تىرىشتىم. مېنىڭ
ئىجادىيەت جەريانىدا ئەڭ جاپالىق ئىشلەيدىغان نۇقتام مانا شۇ.
مۇشۇ ئەمگەك تۈگىگەندىن كېيىن بولسا، مەن پەقەت بىر پۈتۈك-
چى سۈپىتىدە ئۇلارنى خاتىرىلەپلا قويدۇم...»

دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ
چىققان تەجرىبىلىرى بىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزدۇر.
دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەق-
قىيىتى ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى-
نى، ھاياتنى ئەڭ چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق تەسۋىرلىيەلى-
گەنلىكىدۇر. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز قەدەممۇقەدەم بەدىئىي ئەدە-
بىياتنىڭ مانا شۇ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتىدۇ.

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدا يەنە ھاپىز جۈيجاڭ، دانىش
ئىمام، خەنسا دوقى، تۇردى راجى، سايىم كېپەكباش، قاسىم
كاناي ئوبرازلىرىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. ئالايلى،
دانىش ئىمام قورسىقىدا ئىلىمنىڭ تايىنى يوق، ھە دېسىلا تەرد-
قەت ۋە ئاخىرەتتىن سۆز ئېچىپ، نادان، ساددا، ساۋاتسىز
جامائەتنى قورقۇتۇپ، ئۆزىنىڭ روھىي ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋال-
غان، شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئىمام بولۇۋالغان كاززاپ ئادەم،

ھالبۇكى، كۆپلىگەن نادان كىشىلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر كەلىمىنى ھەقىقەت، دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا كىشىلەرنى ئالداپ ياشايدىغان ھاياتلىق مۇھىتى ۋە ماكانى بار. ئۇنىڭ يوغان سەللىلىرى، ئۇرغۇلۇق سۆزلىرى بۇ دۇنيادىكى ھاياتنىڭ خوۋلۇقىدىن ئۇمىدىنى تولۇق ئۈزگەن ئادەملەرنى ئۇ دۇنيانىڭ غايىبانە راھەت - پاراغىتىگە ئىشەندۇرىدۇ. ئۆزى بولسا، ئۇ دۇنيانىڭ ئەمەس، مۇشۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ باياشات ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ تەۋرەپ كېتىشىدىن ۋايىم يەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاپىز جۇيجاڭنىڭ ئالدىدا تىزلىنىدۇ. ھاپىز جۇيجاڭغا خۇدادىنمۇ بەك ئىتائەت قىلىدۇ. ماھىيەتتە ئۇ ئۆز نەپسى بالاسىنىڭ قۇلىدۇر. يازغۇچى رومانىدا دانىش ئىمامنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، مەسچىتتىكى ۋەزخانلىقلىرىدىن تارتىپ، ئوي - خىياللىرىغىچە ئۇنىڭ خاسلىقىنى سىزىپ بەرگەن. رومانىدىكى مانا شۇنداق ئوبرازلارنىڭ بىرى — ھاپىزنىڭ ئىتى سېلىم شوپاڭمۇ ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش ۋە خاراكتېر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ نازاكەت خېنىمغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىن مەلۇمكى، قۇتلۇق ئەپەندىدەك، باتۇقتەك خۇدا بەرگەن كۈنگە رازى بولماي شۇنچە قۇدرەتلىك ھۆكۈمەت بىلەن پۇت تېپىشىش ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىقتۇر. ئەقىللىق ئادەملەر ھەر ۋاقىت سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلىدۇ. بىر كۈن بولسىمۇ راھەت - پاراغەتتە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشاش ئەقىللىق ئادەملەرگىلا تالىقتۇر. ياخشى ئىت ھېچ ۋاقىت ئىگىسىگە قاۋىمايدۇ... ئۇ ھاپىز جۇيجاڭنىڭ تۇتقان يولىغا ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇنىڭچە ھاپىز جۇيجاڭ ئەقىللىق بولغىنى ئۈچۈن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن دۆلەتكە، ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن مەنسەپكە ئېرىشكەن. شۇ دۆلەت، مەنسەپلەرنىڭ شاپائىتىدىن ئۇنىڭ قولى



نەگە سوزسا شۇ يەرگە يېتىدۇ، نېمىنى ئالىمەن دېسە شۇنى ئالالايدۇ. نېمىنى قىلىمەن دېسە شۇنى قىلالايدۇ. قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇقلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. ئۇلار قاراڭغۇ كامېرلاردا سېسىپ ياتىدۇ ياكى سۇسىز چۆللەردە قېچىپ يۈرىدۇ... ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى دۇنياسى بولىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا ئۇلارنى تەسۋىرلەيدۇ، ئەمما جەمئىيەت ئەزاسى بولغان ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئېتىقاد ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئاساسىدا نېمىدىن زوقلىنىش ۋە نېمىدىن يىرگىنىش لازىملىقىنى ئۆزى تاللىۋالالايدۇ. يازغۇچى ئۇلارغا مانا شۇ مۇقەددەس ھوقۇقنى بېرىشى كېرەك. بەدىئىي ئەدەبىيات ھېچنېمە دېمەي تۇرۇپ، ئەڭ قىزىقارلىق ۋە قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ۋاستە قىلىپ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە ھەممىنى تولۇقى بىلەن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، دېگىنى دەل مۇشۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. يازغۇچى ئەخەت تۇردى «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىدا بولۇپمۇ يۇقىرىقى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا بۇ نۇقتىغا ئىجتىھات قىلغان. ئۇ دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئەسەرگە «رەڭ» بېرىشنى، پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىشنى ئويلىمىغان، بەلكى يەڭگىل ۋە چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئوبرازلارنى تۇپتۇز تەسۋىرلىگەن، ۋەقەلەرنى ئۇمۇمىي ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغان. شۇڭا مەزكۇر رومانىنى ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇرمەن زارىقىش ۋە زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

رومان ھاياتنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭ ھەجىملىك ئىجادىيەت بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەرنى قىزىقارلىق ۋە راۋان قىلىپ بىر - بىرىگە باغلاش پېكىرلەرنى راۋان

ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ل.
تولىستوي مۇنداق دەيدۇ: «مەن يازغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممى-
سىدە دېگۈدەك ئۆز ئىستىكىمنى ئىپادە قىلىشتا بىر - بىرى
بىلەن زەنجىرسىمان باغلانغان پىكىرلەرنى جەملەش ئېھتىياجى
ماڭا يېتەكچىلىك قىلدى. سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئالاھىدە
ئىپادىلەنگەن ھەربىر پىكىر مۇبادا ئېلىپ تاشلانسا بىر پۈتۈن
پىكىر ئۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دەھشەت-
لىك تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ زەنجىر پىكىر
ئارقىلىق تۈزۈلمىگەن، بەلكى قانداقتۇر باشقا بىر نەرسە ئارقى-
لىق تۈزۈلگەن. بۇنداق زەنجىرنىڭ ئاساسىنى توغرىدىن - توغرا
سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، پەقەتلا
ۋاستىلىك ھالدا سۆز بىلەن ئوبرازلارنى، كۆرۈنۈش ۋە ھالەت-
لەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىقلا ئىپادىلەش مۇمكىن بولىدۇ...»
ل. تولىستوينىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنى يەنىلا تىپ ۋە سۈژىتلارنىڭ
بەدىئىي پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتىكى ئالاھىدە رولى مەسىلىسى-
دۇر. بىز «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانىنى ئوقۇغىنىمىزدا رو-
ماندىكى بارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىچ جىپسىلاشقانلى-
قىنى، باتۇقنىڭ سۆيگىنىنىڭ ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ تۈر-
مىگە تاشلانغانلىقىدىن تارتىپ، ئەڭ ئاخىر ئىنقىلاب چوڭ مەغلۇ-
بىيەتكە ئۇچراپ تەكلىماكان قۇچىقىغا كىرىپ كەتكىنىگىچە بول-
غان پۈتۈن ۋەقەلىكلەر بىر پۈتۈن باغلىنىشچان لىنىيىنى ھاسىل
قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.
تۈرمۇشنى چوڭقۇر، پىششىق ۋە ئىنچىكە ئۆگەنمىگەندە
ھەرقانچە تىل ماھارىتى بولسىمۇ، ئۇنى ئوبرازلىق، قىزىقارلىق
ھەم ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ. بەزى كەسپىي ئادەتلەر
ۋە خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئۆگىنىش-
كە، ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى



ئادەتلەرنىڭ شەكلىدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە تەپسىلىي كۆزىتىپ،
ئەينەن خاتىرىگە ئېلىش، ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ئۆگى-
نىشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىز «ئۇن-
تۇلغان كىشىلەر» رومانىنىڭ «چىلتەنلەر نامايىشى» بابىنى ئو-
قۇغىنىمىزدا يازغۇچىنىڭ قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىلتەنلەر ئۇ-
چۇن ئۆتكۈزىدىغان ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى دىنىي ئادەتلىرىنى خېلى
پىششىق ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يازغۇچى مەزكۇر پائا-
لىيەتتە ئېيتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەردىن تاكى ناخشا - قوشاق-
لىرىغىچە خېلى پىششىق ئۆگەنگەچكە، ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا
ئۇنى ناھايىتى تولۇق، ئېنىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەرگەن.
قىسقىسى، يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «ئۇنتۇلغان كىشى-
لەر» رومانى تەكلىماكاننىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى ئەزىز شەھى-
رىمىز قەشقەرنىڭ 40 - يىللاردىكى قىسقىغىنا بىر كۈرەش
تارىخىنى بەدىئىي تىل بىلەن قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئو-
قۇرمەنلەرگە بەلگىلىك بەدىئىي زوق ئاتا قىلغان، ياخشى يېزىلغان
روماندۇر. رومانىنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقىنى بىر - بىرلەپ كۆر-
سىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك.
گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» رومانى بەزى ئۇششاق - چۈششەك نۇقسان-
لاردىنمۇ خالىي ئەمەس. بۇ نۇقسانلار گەرچە كىچىك نۇقسانلار
بولسىمۇ، ئەمما رومانىنىڭ بىر پۈتۈن سۈژىت قۇرۇلمىسىغا ۋە
بەدىئىي مۇكەممەللىكىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەي قوي-
مايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتورلىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت-
لىرىدە، بولۇپمۇ رومان ئىجادىيىتىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ
ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلىپ مەن ئاشۇ نۇق-
سانلارنىڭ بەزىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

رومandا بايان قىلىنىشىچە، قۇتلۇق ئەپەندى بېشىنى ئېلىپ
قېچىپ، بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. بىر
كۈنى كېچىدە توساتتىن هاپىز جۇيجاڭنىڭ ساقچىلىرى ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئالدىن قاچىدىغان قۇلاي يولنى كۆ-
رۈپ قويغان قۇتلۇق ئەپەندى تۈن قاراڭغۇسىدا ئۆيىدىن قېچىپ
چىقىدۇ. قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىل-
گەن ساقچىلار ئۇنىڭ غەمگۇزار ئانىسىنى قاتتىق قىستاققا ئال-
دۇ، ئانىسىنىڭ دەھشەتلىك تاياق ئاستىدا ئىڭراپ قالغانلىقىنى
قۇتلۇق ئەپەندى يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرىدە ئۆز قۇلىقى بىلەن
ئاڭلايدۇ. هالبۇكى روماندا كېيىن ئانىنىڭ نېمە بولغانلىقى ھەق-
قىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەيدۇ. قۇتلۇق ئەپەندى كېيىن
يەنە دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ، قاراڭغۇ كامېرلارغا بەند قىلى-
نىپ ئانىسى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئۇقالماي قالدى، دەپمۇ
چۈشىنىپ تۇرايلى، ئەمما ئۇ كېيىن يەنە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ،
ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن
تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە پاناھلانغاندىمۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق تاياق ئاس-
تىدا قالغان سۆيۈملۈك ئانىسى ھەققىدە ھېچنېمىنى سورىمايدۇ،
قىسقىسى، ئانا قايتا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن
بولمىغان بۇ هال ئوقۇرمەن قەلبىدە بىر غۇۋالىقنى پەيدا قىلىپ
قويىدۇ.

هاپىز جۇيجاڭ شەھەرنى قاتتىق قامال قىلىپ ۋە تىنتىپ
قۇتلۇق ئەپەندىنى تۇتماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ساقچىلىرى شەھەر
قوۋۇقلىرىغا ئىنتايىن چىڭ چازا قۇرىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا
قۇتلۇق ئەپەندى چىرايلىق ئايال سىياقىدا ياسىنىپ، بىر بوۋاقنى
كۆتۈرگىنىچە چازىدىن ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئەمما چازىدا تۇرغان
بىر ساقچى ئەمەلدارنىڭ بۇ «چىرايلىق مەزلۇم» غا كۆزى چۈ-
شۈپ، ئۇنى يۈزىنى ئېچىشقا مەجبۇرلايدۇ. شۇنداق قىلىپ قۇت-



لۇق ئەپەندى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. روماندا قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ قۇچ-
قىدىكى بوۋاق (بەلكىم قونچاقتۇر) ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە
ھېچقانداق بايان بېرىلمەيدۇ. مۇبادا ئۇ راست بالا بولىدىغان
بولسا، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ مەسلەكداشلىرىنى تاپالماي يۈرگەن
ساقچىلار چوقۇم سۈرۈشتۈرمەي قويمايتتى.

مامۇت قۇرغۇي، قۇتلۇق ئەپەندىلەر چىلتەنگە چىقىپ قايت-
قاندا يولدا باتۇق يەتتە يىگىتى بىلەن ئاتلىق كېلىپ ئۇلارنى
تۇتۇپ بۇلايدۇ. مۇشۇ چاغدا باتۇق ئۆزى بىلەن بىر كامېردا
شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت بىللە ياتقان قۇتلۇق ئەپەندىنى تونۇماي قال-
دۇ. يەنە كېلىپ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە قۇتلۇق ئەپەندىمۇ
تونۇشلۇق بەرمەيدۇ.

باتۇق كەچتە نازاكەت خېنىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدۇ.
بۇنى سېلىم شوپاڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دەرھال هاپىز
جۇيجاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىسىمۇ، كېچە - كۈندۈز باتۇقنى
تۇتۇش كويىدىلا يۈرگەن هاپىز جۇيجاڭ دەرھال ئۇنى تۇتۇشقا
كىرىشمەي، ئەكسىچە ئەتىسى ئەتىگەندە نازاكەت خېنىمنى ساقچى-
خانىغا چاقىرتىدۇ. . .

دېمەك، بۇنداق ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولمىغان مەسىلە-
لەر روماننىڭ ئىنچىكىلىكىگە ئىگە ھېكايە قۇرۇلمىسىغا بەلگىلىك
تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە،
روماندا يازغۇچى پېرسوناژلار تىلىغا ھەقىقىي ئىشلەپ كېتەلمى-
گەن. پېرسوناژلار تىلىدىن بىز قەشقەرنىڭ قويۇق شېۋە پۇرىقى-
نى قانغۇدەك ھىدلىيالمايمىز. شاۋبەي، كاڭ لۇيجاڭ، ۋاڭ
دەيدەي، ۋاڭ چوقۇر قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ تىلىدىمۇ خەنزۇ
كىشىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەندىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى
ئازراقمۇ ھېس قىلمايمىز. پېرسوناژلار تىلىدىكى خاسلىقلارنىڭ
ئوبرازنى تېخىمۇ يارقىن ۋە مۇكەممەل قىلىشتا رولى ناھايىتى

زور. روماندا ئىشلىتىلگەن بەزى سۆزلەردە مۇجمەللىك بار. مەن بۇ يەردە بىرنىلا مىسالغا ئېلىپ ئۆتىمەن: تۇرمىدە ياتقان قۇتلۇق ئەپەندىگە دوستلىرى خەت يېزىپ، خەتنى سوپۇننىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرگۈزىدۇ. بۇ بايان روماندا مۇنداق بېرىلگەن:

«سوپۇننىڭ ئىچىدىن نېپىز شالۋۇرغا ئورالغان كىچىككىنە خەت چىقتى...» (45 ـ بەت)

مەلۇمكى «شالۋۇر» سۆزى بىزنىڭ تىلىمىزغا گەرچە باشقا تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بولسىمۇ، بىز ئۇنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەنىسى بويىچە «ئىشتان» ياكى «تېرە ئىشتان» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتىمىز. مېنىڭچە، يازغۇچى بۇ يەردە «شالۋۇر» دېگەن سۆزنى توغرا ئىشلەتمىگەن.

رومانىنىڭ «بۇرۇنقا خاپا بولسا ساقال چىقتى» دېگەن بابىنىڭ ئاخىرىدىكى ئېلىشىشلار مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ئوقۇرمەنگە تولۇق زوق بېرەلمەيدۇ. شۇنچە چوڭ بىر مەيدان ئېلىشىش تەسۋىردە بەك ئاددىي ۋە سۇنئىي بولۇپ قالغان...

رومانىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى يېتەرسىزلىكلىرى گەرچە كىچىك مەسىلىلەردەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۆركىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئىقتىدارلىق يازغۇچىمىز ئەخەت تۇردى كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە بۇنداق نۇقتىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىزگە تېخىمۇ گۈزەل ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىدۇ.



# غورا خىياللار

ئانىلارنىڭ ئانىسى تەبىئەت، جىمى بارلىقنىڭ، جىمى جانلىقنىڭ ھەم ئىنساننىڭ ئانىسى شۇ تەبىئەت! ئەسلىي ماھىيىتىدىن چۈشەنسەك، مېنى، سېنى ۋە ئۇنى تەۋەللۇت قىلغان يەنە شۇ تەبىئەت. ئىنساننى دۆلەتمەن قىلغان، ئۇنىڭغا پىكىر ۋە ئەقىل، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق، سۆيگۈ ۋە ئىشق ئاتا قىلغانمۇ تەبىئەت. ئەمدى، ئاشۇ پۈتمەس مۇقەددەس بايلىقنى خار ئەيلىگەن ئىنساننى زار ئەيلەيدىغانمۇ شۇ تەبىئەت!

ئىنسانغا گۈزەللىكنى، سەنئەتنى ئەنە شۇ بۈيۈك ئانا بەرگەن. ئانا تەبىئەت بىلەن ئۆزىنىڭ مەڭگۈ ئايرىلماس باغلىنىشلىقىنى تولۇق چۈشەنگەن، غۇبارسىز دىلىنى تەبىئەت مېھرىگە باغلىيالىغان ئاقىل ۋە سەگەك ئادەم، ئەمەلدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى، ئىنسانىي ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ئادەمدۇر.

شۇنداق، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى بىلگەن ۋە ئۇنى قەدىرلەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ كەچمىش تارىخىنى تەبىئەتكە باغلىيالايدىغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ شادلىق، قايغۇسىنى تەبىئەت ئەينىكىدە كۆرۈشنى بىلىدىغان ئادەمدۇر. چۈنكى بالىنىڭ شادلىق ۋە قايغۇسى ھەقىقىي غەمگۇزار ئانىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئەلىمى ئەمەسمۇ؟! قەلبىنى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ رىشتىلىرى بىلەن بېزەپ ئالغان ئىپتىدائىي ئىنسانغا، تەبىئەت ئۆز ئەينىكىدە لىرىك پوئېزىيىنى ئەنە شۇنداق كۆرسىتىپ بەرگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېزىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى خەلقنىڭ فولكلور ئەدەبىياتى، بۇ ئىنسان كارۋىنىنىڭ تالاي ئەسىرلىك

مۇساپىسىدە مەنۋى ئوزۇق بولۇپ كەلگىنىگە ھەيران قالمايمىز.

بۇلاق مۆلدۈرلەيدۇ ئاھۇ كۆزىدەك،
چىمەنلەر شۇ كۆزگە خۇددى كىرپىك ـ قاش.
بۇدۇر چاچ بەئەينى بۇدرۇق، زىل ئېقىن،
كىرپىكگۇ قاشلارغا ئېسىپ ئۆتەر ياش.

مانا بۇ بۇلاق، ياق، بۇلاق تىمسالىدىكى ئانىنىڭ كۆزى. ئىقتىدارلىق شائىرنىڭ كۆڭلى ئادەتتە تىنچ ۋە تىنىق سۇنىڭ بېتىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىر كۆزى بارلىق باغلىرىدا سەيلە قىلسا يەنە بىر كۆزى خۇددى سۇرما قۇشتەك پىكىر كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ، ھېكمەت ئولجىلىرىنى ئىزدەيدۇ. ھېكمەت كۆزگە چېلىققاندىن كېيىن، ئۇ قانداقتۇر بىر ئاجايىپ ۋەزنلىك نەرسە-
گە ئايلىنىپ، شائىرنىڭ تىنچ ۋە تىنىق كۆڭلىگە چاقماق تېزلى-
كىدە چۈشۈپ، ئۇنىڭ قەلب تىنچلىقىنى بۇزىدۇ ـ دە، قولىغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇرلايدۇ. مېنىڭچە، بىز دائىم زىكرى قىلىد-
غان ئىلھام دېگىنىمىز مانا شۇ. شۇنداق قىلىپ شېكىسپىر ئېيتقاندەك، «شائىر قەلىمى بىلەن بۇ نەرسىلەرنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى سۇرەتلەيدۇ. قۇرۇق، جانسىز نەرسىلەرنى ھەقىقىي ۋە ئەھمىيەتلىك، جانلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ»، شا-
ئىرنىڭ مۇشۇنداق شائىرانە تۇيغۇ جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تىل جۇلاسى ئەۋجىدە تىزىپ چىققان مىسرالىرى ئاندىن كىشى-
لەرگە ھەقىقىي زوق بېغىشلىيالايدىغان شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى بىر كۇپلېتتا ياش ئانىنىڭ «ئاھۇ كۆزىدەك» كۆزىدىن چىققان ئازاب ياشلىرى ئوقۇغۇچىنىڭ كۆز ئالدىدا گويا تىنىق رەڭلىك سۇرەتتەك گەۋدىلىنىدۇ. شائىر ئابلىكىم خېۋىر «سۇ-
زۇك سۇ تەكتىدە يالتىرايدۇ تاش» ناملىق باللادىسىنى ئەنە شۇن-



داق باشلىغان. ئارقىدىنلا شائىر كۆرۈنۈشنى يۆتكەيدۇ، يەنى ئوقۇرمەنىنىڭ كۆز ئالدىدا سۇزۇك سۇ ئاستىدا يالتىراپ ياتقان، ياق، قەلبىنى ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلغان خاتىرجەم كۆڭۈلگە شەپقەتسىز ئېتىلغان مەنۋى ئوقتىن يارىلانغان، ئەمما ئۈمىد نۇرىنى بەخش ئەتكۈچى ھايات قۇياشىدا يالتىراپ تۇرغان بىر قىپقىزىل يۈرەكنى پەيدا قىلىدۇ:

نازۇك مەجنۇنتاللار سەبىي قىز گويا،
ئىرغاڭلار نوتىدىن سۇغا چىلاپ چاچ.
يامغۇردىن كېيىنكى پەزادەك سۇزۇك،
بۇلاقنىڭ تەكتىدە يالتىرار بىر تاش.

سۇزۇك سۇ تەكتىدە يالتىرايدۇ تاش،
تاش ئۆزرە ئوينايدۇ جىلۋىگەر قۇياش.
مۇھەببەت بېغىشلاپ باغ ـ باغ ئېتىدۇ،
شۇ تاشنى بەختكە قىلىپ يار ـ يولداش.

بالدۇر ۋە تېز ئېچىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان غۇنچە ئۆزىنىڭ يەنە ھەممىدىن بۇرۇن توزۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئىنسان گەرچە مۇشۇ قىسمەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنى تەكرارلاشقا ئامراق، ھاياتنىڭ ئۆزلىرى كۈتمىگەن سوقىلىرىغا سوقۇلۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئازابنى ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
دۇ، يەنە ئۆزى دەرد چېكىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاشۇ ئازاب ۋە دەرد بولمىسا خۇشاللىق ۋە بەختنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولماس ئىدى، ھايات ئەسلىدە مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىق بولسا كېرەك.

شائىر بۇ باللادىسىدا ئەرزان قەسەملەرگە ئىشىنىپ، بالدۇر ئېچىلىپ قالغان، غۇنچىدەك سولغان ياش ئانىنىڭ قىسقا ھايات

كەچۈرمىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ كەچۈرمىشنى شائىر سۆزلۈك سۇ ئاستىدا يالتىراپ ياتقان تاشنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە باغلاپ ئەسەرگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ. پۈتۈن روھىي دۇنياسىنى كۆنداشلىق چىرمىۋالغان ياش ئاتىغا ئۆز ۋاقتىدا پۇراقلىق ئالما بولۇپ تۇيۇلغان ياش ئاتا ئەمدى شۇنداق چاقچاقانلا كېرەكسىز چالمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاتىلار سۆزىدىكى «دۇنيادىكى زىندانلار ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىندان» (ئىبراھىم ھەققۇلۇپ) دېگەن ئەقلىيەلەر توغرا ئېيتىلغان. ئاتىلار ئېيتقان ئادەمنىڭ بېشىدىكى زىندان مەنىۋى ئاجىزلىق ۋە زەئىپلىكتۇر. بۇ زىنداننىڭ دەھشىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ھاياتتىكى بارلىق ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەرگە ئانا بولغان، ئۇ جاھىللىق، ئەقىلسىزلىق ۋە غاپىللىقنى تەربىيىلىگەن مۇئەللىم بولغان. ئۇ يەنە پاكىز مۇھەببەت، پاكىز ئەقىدىنىڭ خۇش پۇراقلىق باغلىرىغا قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ ئۇنى نابۇت قىلغۇچى خازانگەر بولغان...

قانچە ئاسان يەتكەن بولسام يىگىتكە،
ئۇنى شۇنچە ئاسان كەتكۈزدۇم قولدىن.
ئاسمانغا يىغلىدىم، يەرگە يىغلىدىم،
ئادالەت تىلىدىم دالىدىن، يولدىن.

مانا بۇ خازان قىلىنغان قەلب بېغىنىڭ نىداسى، خورلانغان ئەقىدىنىڭ ئاھۇ زارى، نابۇت قىلىنغان پاكىز سۆيگۈنىڭ پەريادى. شائىر بۇ پۈتۈن جەرياننى تەبىئەتتىكى كىچىككىنە ۋە ئاددىي بىر كارتىنىغا ماھىرلىق بىلەن باغلايدۇ. تاش ياش ئانىغا دەيدۇ:

سەن بۇلاق بويىغا چىققان بىر سەھەر،
بىر يىگىت ئاتقان تاش، يادىڭدا، بەلكى.



ئاشۇ تاش دەل مەن شۇ، شۇ چاغدىن بېرى،
ماڭىلا باغلاندى قۇياشنىڭ ئەركى...

ئەرزان قەسەملەرگە ئىشەندىڭ سەنمۇ،
ئاسانلا ئېرىدىڭ ئاڭا بېرىلىپ.
ئۇ يىگىت بۇلاققا تۆكسە ئەرزىنى،
مەن سېنىڭ، دەۋەتتىڭ، باغرىڭ ئېزىلىپ.

بۇ شائىر ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكىرنىڭ يېشىمى. كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، باللادىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر كونا پىكىر، لېكىن شائىرنىڭ مۇشۇ پىكىرنى سۈزۈك سۇ ئاستىدا يالتىراپ ياتقان تاشقا باغلىغىنى ئاجايىپ، ئوقۇرمەنگە زوق بېغىشلاۋاتقان ھاياتىي كۈچ مانا شۇ يەردىن كېلىۋاتىدۇ. شائىرنىڭ ئۆزىگە ئىلھام بەخش ئېتىۋاتقان ئامىلمۇ ئاشۇ سۈزۈك سۇ ئاستىدا قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ياتقان يېگانە تاش. پىكىر مۇشۇنداق شېئىرىي تەسەۋۋۇر يىپىنچىسى ئاستىدا جۇلالانسا، كونا پىكىرمۇ يېڭى ئېستېتىك نەپ بېرىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايدۇ. شېئىرىيەتتىكى ھېكمەت پەقەتلا بەدىئىي رەڭ ۋە شېئىرىي ئويناقلىق، شۇنداقلا لىرىك تەسەۋۋۇر قۇچىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك. شائىر ئابلىكىم خېۋىر مەزكۇر باللادىسىدا مۇشۇ نۇقتىدا مۇئەييەن ئۇتۇق قازانغان.

ھېچقانداق جانلىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان قەبىھ رەزىللىك ۋە ۋەھشىيلىك ئىنسان بالىسىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى ياراتقۇچى ئۇلارغا سېخىيلىق بىلەن تولىمۇ كەڭ مەنىۋى سەينا بەرگەنىكەن، بۇ سەينادا ئۇلار روھىي ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ قىلغۇلۇقنى قىلىشىدۇ. بۇ ئاتنى مەيلىگە قويۇپ بەرگۈچىلەر مەنزىلگە ئەمەس بەلكى ئوقۇرغا ۋە ئېغىلغا بارىدۇ، خالاس!

مەنزىلگە ماڭغۇچىلار بىلەن ئىگىلگە ماڭغۇچىلار ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ، ئۇلار ئارىسىدا پارتلاش ئىقتىدارى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان مەنىۋى ئوقلار ئېتىلىدۇ، بىر - بىرىنى يارىلاندۇرۇشىدۇ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. ئەڭ باشلانغۇچ ئۇقۇم بىلەن ئېيتقاندا ئۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇشىدۇ. ئەمما باشقا مەۋجۇداتلار ئۇنداق ئەمەس، تاش ھېچ ۋاقىتتا تاشنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان ئەمەس.

مەن تاشنى بەختلىك دېسەڭ ياش ئانا،
تاش بولۇپ چۈش قېنى، سۇنىڭ تەكتىگە.
مەندە يوق كۈنداشلىق، ھالاكەت سەۋدا،
تاش قانداق ئولتۇرغاي تاشنىڭ بەختىگە؟!

مانا بۇ سۇزۇك سۇ تەكتىدىكى تاشنىڭ ياش ئانىغا — قەلبىگە ھايات نەشتىرى سانجىلغان جانغا ئېيتىلغانلىرى. بىراق ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئادەملىكىدىن كېچىشى كېرەكمۇ؟... ياق، چۈنكى ھايات خۇددى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىزىقارلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۆيۈملۈك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇلۇغ! ياش ئانىنىڭ ئەڭ ئاداققى ھايات خىتابى مۇنداق:

ياق، مەن شۇ بوۋاقنىڭ بۇگۈنى ئۈچۈن،
ئەتىسى ئۈچۈنمۇ ھايات قالىمەن.
ھاياتنى سۆيۈشتىن ئۇلۇغ مۇھەببەت —
يوق، دېگەن چۇقاننى ئەمدى سالىمەن.

شائىر ئابلىكىم خېۋىر شېئىرىيىتىمىزدىكى باللادا ژانىرى-



دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كونا پىكىرنى يېڭى ئىجادىي يول بىلەن يورۇتتى ھەمدە پىكىرنى يەنە ئەڭ ئىخچام بەدىئىي فورمىدا يېزىپ شېئىرىيەت شەكلىنىڭ ئىخچام بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلدى. شائىر بىر پۈتۈن باللادىنى تۆت قىسقا بۆلەك بىلەنلا تاماملىغان. دېمەك، مەزكۇر باللادا «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 92 - يىللىق 3 - سانىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەرنىڭ بىرى. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىر تەبىئەتتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ھايات ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقا دىققەت قىلغان. تەبىئەت ئىنسانغا ئەڭ يېقىن، ئەڭ تونۇشلۇق بارلىق. شۇنداق، تەبىئەت ئىنسانغا ئىنساننىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆتە تونۇشلۇق بارلىق. شۇڭا ئىنسانىي ھايات تىمسالىدا يورۇتۇلغان تەبىئەت ئۆرنەكلىرى بەدىئىي ئەدەبىيات، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئۈچۈن ئوبرازلاشقان پىكىرنى نەپىس، جىلۋىدار، يارقىن ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى مۇنبەت تۇپراق. شائىر ئابلىكىم خېۋىر مەزكۇر باللادىسىدا بۇ مۇنبەت تۇپراقتىن ئۈنۈملۈك ھوسۇل ئالغان.

* * *

بىز بارلىق ياراتمىشلار ئىچىدە ئىنساننى ئەڭ ئۇلۇغ دەپ كېلىمىز. ئەمما بۇ ئۇلۇغلۇقنىڭ نەدىن باشلىنىپ، قايسى ۋەزىندە ئۆز قىممىتىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىمايمىز. پەزىلەت ۋە ئەخلاق ھەققىدە گەپ ساتىمىز، مېھىر - مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ھەققىدە داستان يازىمىز، ئەمما بىز يەنە بۇ ئىنسانىي قىممەتلەرنى ئۇلۇغلۇق دەرىجىدە چۈشىنىشنى بىلمەيمىز. ياۋايىلىق ۋە ياۋۇزلۇق ھەققىدە بىلجىرلايمىز، ئەمما ئېتىقاد ۋە ئىشەنچىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلمايمىز. ۋاپانى ۋە سادىقلىقنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن مەد-

ھېيلەيمىز، ئەمما ۋاپاسىزلىق ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ ئۇنى ھايات سۇيىدە سۇغىرىپ تۇرغان يىلتىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. . .

شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، بۇ ئىنسانىي قىممەتنى ۋە ماھىيەتنى بۇنىڭدىن قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى كلاسسىكلىرىمىز تولۇق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ۋايىغا يەتكۈزگەندى. نەۋائىدەك زاتلارنىڭ ھەربىر ھايات كىتابى (داستانى) ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدىكى بىباھا ئېنسىكلوپېدىيىدۇر. ئالىملارنىڭ، ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى ئىنسانىي قايتا ئىختىرا قىلغان ئەدەبىيات دېگىنى بىكاردىن ئېيتىلغان ئەمەس.

«ۋاپادارلىق، باتۇرلۇق كۆچەتلىرى سۆيگۈ تۇپرىقىدا كۆكلىگەن» (ئىبراھىم ھەققۇلوف) ئىنسانلىقىنىڭ تۈپ بەلگىلىرى بولغان مېھىر - مۇھەببەت قولىۋاقلىرى سۆيگۈ دېڭىزىدا ئۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاپادارلىق شۇنچىلىك قۇدرەتكە ئىگىكى، ئۇ ئۆلۈك جاننى تىرىلدۈرەلەيدۇ ۋە تىرىك جاننى ئۆلتۈرەلەيدۇ.

قەبرىلەر بىمەھەل كۆپىيىپ كەتتى،
مۇردىغا جان بەرگىن، مۇقامىڭنى چال.
خورەكلەر زەھەرلىك ئۇيقۇ چاچماقتا،
ئۇلارغا چالما ئات، چۇقانىڭنى سال.

بۇ يەردىكى «مۇقام» سۆيگۈ مۇقامى، شائىرغا بىر غايىبانە روھىي كۈچ بۇيرۇق قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ مەيلى ياكى ئىختىيارى ئەمەس. چۈنكى ئىنسان ئۆز ئەقىدىسىنى، ئېتىقاد مۇقەددەسلىكىنى يوقاتسا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەت رىشتىلىرى ئۈزۈلۈپ، مېھىر - مۇھەببەت يىمىرىلىپ، جاھاننى پۈتمەس قاباھەت باسىدۇ. ئادەملەر زەھەرلىك خورەكلىرىنى تارتىشىپ،



غەپلەت ئۇيقۇلىرىغا پېتىشىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ تەقدىرى ھەققىدە قايغۇرۇشنى بىلگەن ئادەم ئۇلارنىڭ قەلب دېڭىزىغا ئاشۇ «مۇقام» نى چالما قىلىپ ئېتىش كېرەك، چۇقان سېلىش كېرەك.

دىلنىڭ پاكىزلىقى، كۆڭۈل ساپلىقى، روھىي بىغۇبارلىق ئىنسانلىق ئۆلچەملىرى مىزانىدىن چىقىرىۋېتىلسە، ئۇ چاغدا قارا نىيەتلىك، ئىپلاسلىق ۋە ھاياسىزلىق ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ. «روھىي بىغۇبارلىق ئادەمنى ھايۋانىي سۈپەتلەردىن قانچە يىراقلاشتۇرسا، ۋاپاسىزلىق ۋە ھاياسىزلىق ئادەمنى ھايۋانىي سۈپەتلەرگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ.» (ئىبراھىم ھەققۇلوپ) ئۆزىنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلىرىدىن يىراقلاشقان ئادەملەردە ئەڭ ئالدى بىلەن مېھىر - شەپقەت ۋە سۆيگۈ تۇيغۇسى ئۆلىدۇ.

سوغۇقلۇق كىشىلەر ئارا ھاكىممىش،
سەزگۈلەر گوياكى توڭلاپ قالغاندەك.
يېقىنلىق - يىراقلىق دېگەن ئۇقۇم يوق،
تومۇرغا قان ئەمەس ئەگىز تولغاندەك.

كۆلكىدە شادلىق يوق، يىغىدا قايغۇ،
ھاياتتا تاتلىق يوق، ئۆلۈمدىن تەھدىت.
ھەممىدە مەڭگۈلۈك دېگەن ئۇقۇم بار،
(زىيادە نەرسىدە قىممەت يوق تەھقىق.)

شۇنداق، سۆيگۈ ۋە مېھىر - مۇھەببەت ئوتلىرى تولىقى بىلەن ئۆچكەن جاھاندا خۇددى مۇشۇ مىسرالاردا ئېيتىلغاندەك ھېچ نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. ھېچنېمىنىڭ قىممىتى بولمىغان جاھاندا ياشاشنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. كلاسسىك

شائىرلىرىمىز بىردەك زىكرى قىلىپ كەلگەن «ئىشق»، «سۆيگۈ»، «مۇھەببەت» ئېتىقاد مۇقەددەسلىكى كۆككە چاقنىغان مانا شۇنداق بۈيۈك ئىدىئال يۇلتۇزى ئىدى. سۆيگۈ دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولغان مۇھەببەت شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك ۋە قىممەتلىكى، ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ئادەمنىڭ دىلىدا ئۇ بىر ئىمان.

مۇھەببەت مۇزلۇققا جان بەرگەن لاۋا،
مۇھەببەت ئورماندا جاراڭلىغان رەڭ.
مۇھەببەت ھاياتنىڭ كىندىك ئانىسى،
مۇھەببەت جەزىملىك، مېھرىبان ئۆتەڭ.

مۇھەببەت ئانىنىڭ دىلىدا پەرزەنت،
مۇھەببەت جەڭچىنىڭ دىلىدا زېمىن.
مۇھەببەت تەقۋادار دىلىدا ئىمان،
مۇھەببەت سۆيگۈچى دىلىدا گېمىن.

ياش شائىر مۇھەممەت خېۋىر ئۆزىنىڭ «سۆيگۈ قەسىدىسى» ناملىق باللادىسىنى مانا شۇنداق زور بىلىش قىممىتىگە ئىگە بولغان بىر تېمىغا بېغىشلىدى. ئاپتور تېمىغا مۇراجىئەت قىلغاندا، ئۇستىلىق بىلەن خىزىر تىلىدىن بىر ھېكايە بايان قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئەسلىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا تاشلايدىغان مەيداننى ھازىرلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ خىزىر ھەققىدە بايان قىلغان ھېكايىسى خەلق ئەدەبىياتىدىن كەلگەن، مەلۇم پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ئېستېتىك خاسلىققا ئىگە بولغان ئەپسانە بولۇپ، ئوقۇرمەنگە مۇئەييەن ئەقلىي پىكىر ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى ئەپسانە شەرھلىنىدۇ. ئاپ-



تور ھېكايىنىڭ باش - ئاخىرىدا باللادا ژانىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئوبرازلىق پىكىر قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغان. بۇ ھال ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى يېقىملىق سەنئەت تۇسى زوقىنى بېرىدۇ. مەسىلەن، چاقماق بىر سىلكىنىپ خىزىرغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى ئاپتور ساتارنىڭ مۇڭلۇق تارىغا ئايلىنىپ مۇڭ تۆكىدۇ. شائىرنىڭ مۇڭى ئەمەلدە ساپ سۆيگۈ مۇڭى ئىدى. ئەمما شائىر ھېكايەتتىن كېيىن بىراقلا يەنە ساتارغا، ياق، روھىيەت شەكلىدىكى ساتارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ:

كامانچە سىيرىلار سىملار ئۇستىدە،
يەنە شۇ ساتارغا ئايلىنىپ قالدىم.
تېنىمنى سادا قىپ تىترەك تاراتتىم،
نە ساتار روھىيەت شەكلىنى ئالدىم.

باللادىدا، شائىر مۇھەممەت خېۋىر ئوقۇرمەن ئالدىدا پەيدا قىلىۋاتقان شېئىرىي ئىزچىللىق كارتىنىسى كىشىگە سىستېمىلىق ئويلاشقا ئىمكان بېرىدۇ. ياخشى يېزىلغان ئەسەر، ئۆزى ياراتقان پىكىر ھەقىقىتى دائىرىسىدە كېزىپ يۈرگەن گۈزەللىك ۋە قاباھەت، ھەقىقەت ۋە سەپسەتە ھەققىدە ئوقۇرمەننى ئويغا سالماي قالمايدۇ. بەدىئىي ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى دېگەنمۇ شۇ بولسا كېرەك.

ۋ. گ. چېرنىشېۋسكىي شۇنداق دەيدۇ: «شائىرلار — ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش توغرىسىدا ئالىيجاناب چۈشەنچە ۋە ئالىيجاناب تۇيغۇ تۇرغۇزۇشىغا باشلامچىلىق قىلغۇچىدۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ھەممە بۇزۇق، ھەممە يامان نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى ئۆگىنىمىز، ھەممە ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ نازۇك تەرىپىنى چۈشىنىشنى، بارلىق ئالىيجانابلىققا مېھىر باغ-

ـلاشنى ئۆگىنىمىز؛ ئۇلارنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇپ، بىز ئۆزىمىز
ياخشىراق، مېھرىبانلىق بولىمىز، ئالىيجانابلىق ئېڭىمىز ئۆسىـ
دۇ.» بىلسەك، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتى شۇ يەردىكى، شائىر
ئادەملەردە ئالىيجاناب ھايات چۈشەنچىسى تۇرغۇزۇشتا پەيتى كەلـ
ـسە، دەرد تۆككۈچى ساتارنىڭ مۇڭىغا، پەيتى كەلسە پەيغەمبەر
ئەلچىسىگە ئايلىنىدۇ:

چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلچىسى شۇ تاپ،
تاغ بىلەن سىزغىنىم قۇياش سۈرىتى.
ئېيتقىنىم ھەدىسى ئادەم ئاتىنىڭ،
شۇڭلاشقا دەخلىسىز كۈيۈم — جۈرئىتى.

شائىر مەيلى نېمىگە ئايلانسا ئايلانسۇن، ئۇ پەقەت ئۆز تەپەكـ
كۇرى، ئۆز تالانتى، ئۆز ماھارىتى بىلەن جىلۋىدار شېئىرىيەت
مۇھىتىنى يارىتىپ، بىزگە ھەممە ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ
نازۇك تەرەپلىرىنى چۈشىنىشنى، بارلىق ئالىيجانابلىققا مېھىر
باغلاشنى، تەبىئىي ھالدا سەزدۈرمەي ئۆگىتەلىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ
ئەڭ ئەقەللىي بۇرچىنى ئوقۇرمەن ئالدىدا ئادا قىلغان بولىدۇ.
بۇنىڭ ئۈچۈن يەنى جىلۋىدار شېئىرىيەت مۇھىتىنى مۇۋەپپەقىـ
يەتلىك يارىتىش ئۈچۈن، شائىر ئۆز يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىـ
ـمىدا پىنھان ياتقان، ئەقلىي پىكىر ئۇرغۇپ تۇرغان ھەمدە ئۇنىڭغا
ئىلھام بەخش ئېتىشكە ئەرزىيدىغان پاراسەت جەۋھىرىنى تېپىپ
چىقىپ، ئۇنى ئىلھامنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەڭ يىغىنچاق فورمىدا
ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ئەپلاتون: «ئىجادىيەت سەنئىتىنىڭ
ماھارىتى تېخنىكىدا ئەمەس، بەلكى ئىلھامدىدۇر، تېخنىكىنى
دوراش مۇمكىن، ئەمما ئىلھامنى دوراش مۇمكىن ئەمەس» دەپ
توغرا ئېيتىدۇ. ئىلھام شۇنداق بىر غايىبانە نەرسىكى، ئۇ بىر
ئادەم ئۈستىدە قايتا ـ قايتا تەكرارلانمايدۇ، ئىككى ئادەم ئۈستىدە



مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ شائىرنىڭ خاراكتېرى، ھېسسىياتى، تو-
نۇشى ۋە تەربىيىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ
كېلىشىمۇ تېز، كېتىشىمۇ تېز بولىدۇ. شائىر قەلب چوڭقۇرلۇ-
قىدا ئۇزۇندىن چۆكۈپ ياتقان پىكىر مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا،
مۇنداقچە ئېيتقاندا، شائىرنىڭ ماھىيەتنى چۈشىنىش دەرىجىسىـ
ـنىڭ ۋايىغا يېتىشى بىلەن، چۆكۈپ ياتقان پىكىر قەلبىنى ئۆرتەپ
ئۇنى يېزىشقا قىستايدۇ. شۇنداق قىلىپ شائىر بۇ ئوبرازلىق
چۈشىنىشنىڭ ياردىمى بىلەن كىشىلەرگە دۇنيانى ئوبرازلىق چۈ-
شەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.
شائىر مۇھەممەت خېۋىرنىڭ «سۆيگۈ قەسىدىسى» باللادىسىـ
ـنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقالىشىدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى،
ئۇ ئۆزىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا ئۇزۇندىن يوشۇرۇنۇپ ياتقان
سۆيگۈ مۇقەددەسلىكى تېمىسىنى، پەقەت خەلق فولكلورىدىكى
ئەپسانىنىڭ ھاياتىي بەخش نۇرى بىلەن ئۇنىڭغا بەرگەن پۈتمەس
ئىلھامى ئاساسىدىلا گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا ئۇ مۇنداق
ياڭراق سادانى تۈۋلىدى:

ئاداققى ئۇرۇنۇش يەتكۈزدى شەرھى:
مەنىلەر مەنىسى ـ جەۋھىرى سۆيگۈ.
سۆيگۈدە يارىلار يېڭى بىر دۇنيا،
ھاياتنىڭ ئاداققى تەدبىرى سۆيگۈ.

شائىرنىڭ باللادىدا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ۋە ئىلگىرى
سۈرمەكچى بولغان ئاساسىي پىكرى پەقەت مۇشۇلا ئىدى. بۇ
پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت
پۈتمەس خەزىنىدىن كېرەكلىك دېتالنى ئېلىپ ئۈنۈملۈك پايدىلانـ
ـدى. مەيلى پوئېزىيىدە بولسۇن، مەيلى پروزىدا بولسۇن بىز
خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلوردىن ئەنە شۇنداق قىممەتلىك دېتاللار-

نى ئايرىپ چىقىپ ئىشلىتىشنى بىلسەك، ئۇ ئەسەرگە چەكسىز هاياتىي كۈچ ۋە رەڭدار مىللىي خاسلىق، تويۇنغان مىللىي روھىي تۇيغۇنى سېخىيلىك بىلەن بېرەلەيدۇ. بىر چاغلاردا كۆرگەن كىتابلىرىم ئىچىدە مۇنداق بىر ئەقلىيە خاتىرەمدىن ناهايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىكەن: «سەن ماڭا بىر كۈپلېت خەلق قوشىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا مىللىتىڭنىڭ تارىخىنى ئېيتىپ بېرىمەن.»

دەرھەقىقەت شۇنداق، بىر خەلقنىڭ فولكلورى شۇ مىللەتنىڭ هاياتى، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھى، شۇ مىللەتنىڭ بارلىقى. شۇڭا ئۇ تۇيغۇ جەھەتتىن خەلق قەلبى بىلەن بىر بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. بۇنداق هاياتىي كۈچنى قېزىپ چىقىپ هازىرقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغۇزۇش تولىمۇ مۇھىم. يولداش مۇھەممەت خېۋىر بۇ جەھەتتە بىر ئۈلگىلىك ئەمگەك قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان نۇقتا.

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 92 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ئىككى باللادا گەرچە كونا تېمىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، بىراق شائىرلىرىمىزنىڭ قايناق ھېسسىيات، پاكىز ئىلھام، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارغا مۇئەييەن ئېستېتىك نەپ ۋە ھېكمەت ئاتا قىلالايدۇ. ئەمما يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككىلا باللادىدا شېئىرىي ئويناقلىق تازا ۋايىغا يەتمىگەن. بۇ هازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بىرى.



# يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر هېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى

ئىنسان بالىسىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى خۇددى ساماۋى چۆچەكلەردەك ئاجايىپ ـ غارايىپ، مۇرەككەپ، ئەمما شۇنچىلىك گۈزەل، نەپىس، جەزبىلىك سەنئەت دۇنياسى. مانا شۇ دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن پۈتمەس هاياتىي قۇۋۋەت؛ مانا شۇ دۇنيا ئىنسان بالىسىنى هايات قايناملىرىدا ماماتلىق دەھشىتىدىن ساقلاپ كېلىۋاتقان «نوھنىڭ كېمىسى»؛ مانا شۇ دۇنيا ئىنسان بالىسىنىڭ كەچمىشلىرى ئۈپۈقىدا يانغان پارلاق شەمسىئى رەھنەما!

شۇنداق، ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ. شۇڭا، ئىنسانىيەت دۇنياسى يەنى جەمئىيەتنىڭ بىر تەرىپى ئىزگۇ تىلەك ۋە تەسەۋۋۇردەك گۈزەل، ئېتىقادتەك پاكىز ھەم مۇقەددەس، يەنە بىر تەرىپى قاباھەتلىك چۈشتەك قورقۇنچلۇق ۋە يىرگىنچلىك. جەمئىيەت تولۇپ تاشقان گۈزەللىك بىلەن چەكسىز زىددىيەتتىن ئىبارەت قوش رېلىستا كېتىپ بارغان غايەت زور قۇدرەتلىك پويىزدۇر. پەقەت بەدىئىي ئەدەبىياتلا مۇشۇ بىلىش پەللىسىدە تۇرۇپ، مەزكۇر «پويىز»نىڭ ئاچال كۇنۇپكىسىغا غايىۋى قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىيالايدىغان قادىر كۈچ!

شۇنداق، ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتى تولىمۇ مۇرەككەپ بارلىق. بۇ مۇرەككەپ بارلىقنى مەلۇم مۇددەئا يېتەكچىلىكىدە بەدىئىي يول بىلەن سىزىپ چىقىش قەلەم ساھىبى بولغان يازغۇچى ياكى شائىردىن ئۆزىنىڭ تالانتىدىن سىرت، ئىنساننىڭ روھىيە-

ـتىنى چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل، تولۇق ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش
مەسىلىسىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىدۇ.

بەدىئىي ئەسەر شۇنداق بىر هاياتىي قۇدرەتكە ئىگىكى، ئۇ
هايات مەنتىقىسىدە تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك مەسىلىلەر،
بولۇپمۇ قەلەم ساهىبىنىڭ ئالىيجاناب ئىدىيىلى بىلەن يۇغۇرۇلغان
مەنتىقىۋى مەسىلىلىرى ئوقۇرمەنىنىڭ پىنهان قەلب دۇنياسىغا
تۇيدۇرماي كىرىپ، ئۇنىڭ روهىيىتىگە تەبىئىي رەۋىشتە بىۋاسىـ
ـتە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. مانا شۇنداق ئۆلچەملىك بەدىئىي ئەـ
ـسەرنىڭ مۇئەللىپى شۇ دەرىجىدە تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، شۇنـ
ـداقلا بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈچۈن دېتال بولالايدىغان ئامىللارنى
بايقاشقا شۇ دەرىجىدە سەزگۈر ۋە ماهىر بولۇشى كېرەك.

ئىقتىدارلىق قەلەم ساهىبى پىكىر ئۈچۈن دېتال ئىزدىمەيـ
ـدۇ، ئەكسىچە دېتال ئۈچۈن پىكىر ئىزدەيدۇ. قايسىبىر ئەدەبىـ
ـيات نەزەرىيىچىسى شۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى قانچە ئىقتىدارـ
ـلىق بولسا پېرسوناژغا نىسبەتەن شۇنچە ئامالسىز قالىدۇ، يازغۇـ
ـچى قانچە ئىقتىدارسىز بولسا ئۆز پېرسوناژلىرىنى شۇنچە تىزـ
ـگىنلىۋالىدۇ. ئەسەر قانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقسا يازغۇچى ئۆز
پېرسوناژلىرىغا شۇنچە بېقىنىدۇ، ئەسەر قانچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچـ
ـرىسا يازغۇچى پېرسوناژلىرىنى شۇنچە باشقۇرالايدۇ. . . »

دەرهەقىقەت شۇنداق، بىزدە پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇـ
ـغۇللىنىۋاتقان كۆپ ساندىكى قەلەم ئىگىلىرى پېرسوناژلىرىنى
ئۆز پىكرى بويىچە هەرىكەت قىلدۇرۇپ، ئۆز خاهىشى بويىچە
ياشىتىدۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆز پېرسوناژلىرىنى خالىـ
ـغانچە تىزگىنلىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۆز ئەركىدىن مەهرۇم قالغان
بۇ پېرسوناژلار ئىچىدىكى سەلبىي يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ مەيـ
ـدانغا چىققانلىرى باشتىن - ئاخىر هەممە سەلبىي سۈپەتلەرنى
ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن هالدا ياشىسا، ئىجابىي يۈكنى زىممىسىـ



ـگە ئېلىپ مەيدانغا چىققانلىرى سەلبىي سۈپەتلەردىن تولۇقى بىـ
ـلەن مۇستەسنا هالدا ياشايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزىچىلىقىدىـ
ـمۇ ياخشى ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئوقۇرمەنـ
ـلىرىمىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغا بولغان تەلەپلىرىمۇ بارغانسېرى
چوڭقۇرلاپ بارماقتا. بىز شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى،
بىزنىڭ بەزى يازغۇچىلىرىمىز ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنىڭ نەقەدەر
ئېغىرلىقىنى هېس قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا
ئىدى، كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا هەم ياخشى
باهاسىغا سازاۋەر بولۇۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلىرىمىز بارلىققا
كەلمىگەن بولاتتى.

ئىقتىدارلىق يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر ئوقۇرمەنلىرىمىز
سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بىرمۇنچە بەدىئىي هېكايىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ
هۆرمىتىگە ۋە ياخشى باهاسىغا سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان يازغۇـ
ـچىلىرىمىزنىڭ بىرى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىلىدىـ
ـرىدىن بۇيان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سوۋغا قىلغان بىرقاتار هېكايىـ
ـلىرى هەقىقەتەنمۇ ئەتراپلىق مۇهاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدىغان هېـ
ـكايىلەردۇر.

يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر ئۆز هېكايىلىرىدە پىكىرنى ئو-
چۇق بەرمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ هېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا
سېلىپ، ئۇلارنىڭ قەلب تىنچلىقىنى بۇزۇپ، يۈرەك تارىلىرىنى
تىترىتىپ، ئۇلارغا هاياتنىڭ تېخى ئۆزلىرىگە مەلۇم بولمىغان
يېڭى تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بىر تەرىپى كومېدىيە،
يەنە بىر تەرىپى تراگېدىيە بىلەن تولغان كارتىنا جىلۋىدارلىقىغا
باشلاپ كىرىپ، ناهايىتە قايىللىق دېڭىزىغا تاشلايدۇ. بىز مەمـ
ـتىمىن هوشۇرنىڭ «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق هېكايىسىنى ئوقۇـ
ـساق، «توختەك» ئوبرازى بىلەن «غوجا تام» لارنىڭ ئوبرازىدىن
بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر هېس قىلىمىز.

توختەك مۇساپىرلىقنىڭ تۈگىمەس دەشتلىرىنى ئۇزۇن كەزگەن، يېتىملىك ئەلەملىرىنى يەتكۈچە تارتقان، ھاياتنىڭ يانتاق بېسىپ كەتكەن چىغىر يوللىرىدا يالاڭ ئاياغ يۈرۈش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن شور پېشانە يىگىت ئىدى. ھىنگانىدىن ئايرىلغان بوتىدەك يېتىم ئۆسكەن بۇ يىگىت بىردىنبىر غەمگۈزارى مەرۇپ بوۋاي ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن مەھەللىنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدۇ. يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ قالغاندىمۇ مەھەللىدە ۋە ئەترەتتە كىملا ئىشقا بۇيرۇسا «ياق» دېمەي يۈگۈرىدۇ.

«— توختى، ئاتلارنى بېقىپ كەل.

— توختى، هارۋا قات.

— توختى بالام، تۈگمەنگە ئۈگۈت ئاپىرىشىپ بەرسەڭ.

— توختى، ئازراق كېسىكىمىز بار ئىدى، تۆكۈشۈپ بەرسەڭ.»

مانا قاراڭ، بۇ ئىشلار ھەممىسى توختەكنىڭ ئىشى. ئۇنى قائىدە بىلمەيدىغان، ئىناۋىتى يوق ئادەملەرمۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن زادى؟ بۇ توختەكنىڭ پاقا - يۇرتتىن كەلگەن يېتىم، مۇساپىر بالا بولغانلىقى ئۈچۈنلىغۇ ئاخىر؟!

بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا ھازىرغىچە شۇنداق بىر چاكىنا ئىللەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىمىزنى بوغۇپ كېلىۋاتقان يۇرتۋازلىق ۋە مەھەللىۋازلىق.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر مەزكۇر ھېكايىسىدە نەق مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىدۇ، لېكىن ئۇ بۇ مەسىلىدە ئادەتتىكى ئەقلىي خۇلاسىلەر پەللىسى بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىلىش پەللىسىدە تۇرۇپ «غوجا تام»لارنىڭ ساددا تونۇشلىرى تېگىگە يوشۇرۇنغان ئۆزلىرىگە خاس «مەھەللى-



ۋى غۇرۇر»ى بىلەن شۇ قاتلامدىكى ئادەملىرىمىزگە خاس رەشك، ھەسەت تۇيغۇلىرىنىڭ بىرلىششى نەتىجىسىدە پارتلاپ چىققان پاجىئە تۇمانلىرىنى ئىنچىكە ۋە سەزگۈر نەزەر بىلەن كۆزىتىدۇ.

توختەك سۈت سېتىپ ئۆز ئەمگىكى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن، بۇ مەھەللىدە تونجى بولۇپ تېلېۋىزور، موتسىكلىت سېتىۋالىدۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىز كىبىرلىك تونىنى كىيمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ يۇرتقا، بۇ مەھەللىگە غېرىب ۋە يېتىم. شۇڭا، ئۇ بۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، لېكىن ھاياتنىڭ قىزىقى شۇ يەردىكى، توختەكنىڭ قويدەك ياۋاشلىقى، مېۋىلىك دەرەختەك كىبىرسىزلىكى بىلەن «غوجا تام»لارنىڭ پەرۋايى پەلەك. تېخى توختەكنىڭ بۇ خىسلەتلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئېلىم - سېتىم ئىشىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايدىغان، سىرتلارغا ئىش - ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى «قەلەندەرچىلىك» دەپ بىلىشىدىغان «غوجا تام»لار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ قاتمال، كونىچە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن باشقا مۇقەددەس نەرسە يوق. شۇڭا، توختەك ئۆز مېھنىتى بىلەن بېيىسا، پاكىز ۋە يېڭىچە كىيىنسە، ئۇلارنىڭ قەلب تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ:

«— قاراڭلارۋي، ما كارامەتنى! — دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، — توختى كاستۇم كىيىپتۇ!

— كاستۇم كىيىپ ئېشەك ھارۋىسى ھەيدىدى دېگەن گەپ ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىش - دە.

— توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا، كاستۇم دېگىنىڭمۇ تايىنلىق نېمىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاستۇم تىكتۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئەمدى ئۇنداق نېمىنى كىيىشتىنمۇ رايى قايتتى.»

يازغۇچى «غوجا تام» لارنىڭ مانا شۇ قىسقىغىنە ھەم قىزد-
قارلىق، يىغىنچاق سۆزى بىلەنلا ئوقۇرمەنلەرنى «غوجا تام»
لارنىڭ ساددا قەلب دۇنياسى ئىشىكىگە باشلاپ بارىدۇ.
ئىككىنچى قەدەمدە توختەك تۇنجى بولۇپ تېلېۋىزور ۋە موت-
سىكلىت سېتىۋالغاندىن كېيىن «غوجا تام» لارنىڭ تاقىتى تاق
بولۇپ، كەنت باشلىقى سايىمنىڭ ئالدىغا بېرىشىدۇ.
شۇنداق، رەشك، ھەسەت شۇ دەرىجىدە يامان ۋە ئىپلاس
نەرسىكى، ئۇ ھەسەتخورنى بىردەممۇ ئۆز ئارامىغا قويمايدۇ. تۇن
نىسپى، جىمى جانلىق تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن، تەبىئەت ئانىمۇ
تىنىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان جىمجىت، پاكىز كېچىدە پەقەت
بىر جانىۋار تولغىنىپ، ئۇھ تارتىپ ئۇخلىيالمايدۇ. ئۇ نېمە
دېسىڭىز، ئۇ ھەسەتخور!
يازغۇچى قەلىمىدىكى ھەسەت تەپتى يالقۇنجاپ تۇرغان «غوجا
تام» لارنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاڭ:
« — ھوي سايىم، بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ سۇتىنى ئۆزد-
مىز ساتمايمىز؟
— قايسى سۇتنى؟
— مەھەللىنىڭ سۇتىنىچۇ؟
— ئەجەب خەقلەركەنسىلەر، — دەپ تېرىكتى سايىم، —
ئۆزۈڭلار بىر ئىشنى جايلاپ قىلالمايدىكەنسىلەر، خەق قىلسا
كۆرەلمەيدىكەنسىلەر.
— كۆرەلمىگىنىمىز ئەمەس، نەچچە ۋاقىتنىڭياقى توختىكىڭ-
نى سەل ئۆزىنى جۆندىۋالسۇن دەپ قويۇپ بەردۇق.
— بىردىن ئىشەك هارۋا قىلىپ سىلەرمۇ ساتمامسىلەر،
سىلەرنى كىم تۇتۇۋاپتۇ؟!
— ۋاھ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ، سايىم. بىزنىڭ بۇ كى-
چىككىنە يېزىدا نەچچە هارۋىدا ئەكېلىپ ساتقۇدەك نەنىڭ سۇتى



بار؟
— ئۇنداق بولسا، مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟
— سۇتنى ئۆزىمىز ساتىمىز.
— توختەك باشقا ئىش قىلسۇن.
— ئۇنىڭ هارۋىسىنى بىزگە ئېلىپ بېرىسەن!
— خەقنىڭ هارۋىسىدا نېمە ھەققىڭ بار؟
— نېمىدەپ خەقنىڭ بولىدىكەن؟ ئۆزىمىزنىڭ هارۋىسى ئۇ،
ئات - هارۋىلارنى تەقسىم قىلغاندا يېپيېڭى بىر ئۆكۈز هارۋىسى-
نى قاراپ تۇرۇپ توختىغا بېرىۋەتكىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ . . . توختى
ئۇنى غاچچىدە قادىرنىڭ ئېشەك هارۋىسىغا تېگىشىۋالدى. تېگى
بىزنىڭ مۈلكىمىز دېگەن شۇ.
— ھوي خەق، ئىنساپ قىلىڭلار. توختى ئىچىپ بولالماي
قېتىق قىلىپ، قۇرت سېلىۋېتىدىغان سۇتلىرىڭنى شەھەرگە ئە-
كىرىپ پۇل قىلىپ بېرىپ يامان قىلمىغاندۇ؟
— سايىموي، ئۇ قىلالىغان ئىشنى بىزمۇ گۇل چىقىرىۋېتە-
لەيمىز . . . هارۋىنى چىرايلىقچە ئېلىپ بەرسەڭ ئېلىپ بەر،
بولمىسا يولىنى توسۇپ ئۆزىمىز تارتىۋالىمىز . . . ئەترەتنىڭ
هارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن!؟ . . . »
مانا شۇ يەرگە كەلگەندە «غوجا تام» لارنىڭ ئىچكى دۇنياسى
ئوقۇرمەن ئالدىدا تېخىمۇ ئېنىق ئايان بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ يەردە
قىستۇرما قىلىپ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا
باركى، يازغۇچى «غوجا تام» لار بىلەن كەنت باشلىقى سايىمنىڭ
قەلب دۇنياسى، ئوي - پىكرىنى پۇتۇنلەي دىئالوگ يولى بىلەنلا
ئاشكارىلىغان. بۇ يازغۇچىدىن بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەتنى پېر-
سوناژلار ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت يېزىش
ئىستىلى مەسىلىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇ يەردە يازغۇچى
مەتىمىن ھوشۇرنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى بىرقەدەر گەۋدىلىك جارى

قىلدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پەلەك شۇنداق، ئۇ پاناھسىز، پاسىبانسىزلارغا ئەزەلدىن چاقچاقنى مۇشۇنداق ئېغىر قىلىپ كەلگەن. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، پەقەتلا ئاشۇ پاناھسىز، پاسىبانسىزلار تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق چاقچاقلىرىنى كۆتۈرۈشكە قادىر.

توختەك پۈتۈن ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ سۈتچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلىنى بېلىگە تۈگۈپ ئىچكىرىدىكى يىراق شەھەرلەرگە تىجارەت قىلىشقا كېتىدۇ. ئۇنىڭدا پۇل بار، ساغلام تەن، بېجىرىم ئەقىل بار. شۇڭا، ئۇ ئىچكىرىدە تىجارەت قىلىپ تېخىمۇ كۆپ پۇللۇق بولىدۇ. ئۇ قەيەرگىلا كەتسە، نەدىلا تۇرسا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ئۇ يەنە، پەرۋانە كۆيۈپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى چىراغقا ئۇرغاندەك، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنى سىقىپ چىقىرىۋەتكەن، پاتقۇزمىغان ئاشۇ مەھەللىگە يەنە قايتىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ گۈلشەن ئىسىملىك نۇرلۇق چىرىغى پەقەت مۇشۇ مەھەللىدىلا پارلايدۇ. ئەمما ئۇنى يەنە بۇ مەھەللىدە ھاياتنىڭ بىرمۇنچە ئەگرى - توقايلىقلىرى كۈتۈپ تۇرىدۇ. راست دېگەندەك توختەكنىڭ يېزىغا كېلىپلا ھېچكىم ئولتۇرۇشنى خالىمايدىغان دۆڭ تۆپىلىككە سالغان ھەشەمەتلىك بىناسى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەدىلا تىنچىغان كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ. دېمىسىمۇ توختەكتەك بۇ مەھەللىگە ئەسلىي زاتىدىن يات، ئاتا - ئانىسىنىڭ تايىنى يوق يېتىمەكنىڭ بىر دۆڭگە مەھەللە خەلقىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتكۈدەك ھەيۋەت ئىمارەتنى سېلىشى، ئاشۇ «غوجا تام» لارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىماسلىقى مۇمكىنمۇ ئاخىر؟

توختەكمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنى ئادەم دەپ بىلىدۇ. ئۇمۇ بەختلىك ئائىلىدە تىنچ، باياشات تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە! ئەمما باياشات تىنچ تۇرمۇش بىلەن بەختلىك ئائىلىنى تەقدىر بىرلا ۋاقىتتا تولۇقى بىلەن نېسىپ



قىلغان كىشىلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. توختەكنىڭ گۈلشەن ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزۈشى، ئەمدى يەنە ئۇنى يېڭى زىددىيەت، يېڭى پالاكەتچىلىكلەرگە دۇچار قىلىدۇ. ھايات ئەسلىي شۇنداق دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ ئۆرى، ئۇنىڭغا قولۋاق سالغان جاننىڭ ئۇنىڭ دولقۇندىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

«بۇ چۈش ئەمەس» ھېكايىسىنىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە يازغۇچى ۋەقەلىكنىڭ كەسكىنلىشىشىگە سەۋەب بولغان نۇقتىلارنى دىئالوگ تەسۋىرى ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

« — . . . نېمىسىگە يوغان سۆزلەيدۇ ھوي ئۇ؟

— شۇنى دەيمىنا، بىز كىم، ئۇ كىم؟ . . . بىز دېگەن سادىر باينىڭ ئەۋلادلىرى!

— مۇشۇنىڭ بىلەن توختەكنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى قويۇشى. شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ، دېگەن گەپ بار. توختىغا سىڭلىمىزنىڭمۇ ئازراق مەيلى بارمۇ، قانداق؟

— مۇشۇنداق گەپنى سىرتتا مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم. . .

— شۇنداقمۇ؟ . . . ئۇنداقتا، بۇ بۇزۇقنى ئۆيگە مەھكەم سولايلى، ئاۋۇ توختەكنى مەھەللىدىن سۈرۈپ چىقىرايلى.

— شۇنداق قىلايلى، بولمىسا، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكىدىغان بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن!»

گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسىنىڭ قىلىشقان بۇ گەپلىرىدىن بىز نېمە سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ سىڭلىسىنى توختىغا بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى قانداق بىر روھىي ئازاب قىيناۋاتقانلىقىنى، نېمىشقا ئۇلارنىڭ توختەككە شۇ دەرىجىدە ئۆچمەنلىك قىلىشىدىغانلىقلىرىنى ناھايىتى روشەن كۆرەلەيمىز.

يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇر مەزكۇر ھېكايىسىدە «غوجا تام»

لارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پىنھان روھىي
دۇنياسىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ
بۇ خىل گەۋدىلىك خاسلىقى ئاساسىدا ھېكايىنىڭ مەركىزىي ئىدى-
يىسىگە ئوقۇرمەننى تەبىئىي ھالدا باشلاپ كىرىدۇ. بولۇپمۇ
«غوجا تام» لار ئىچىدىكى گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسىنىڭ يۇقىرىقى
قىسقا مەسلىھەتى ۋە دىئالوگلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنى تېخىمۇ
گەۋدىلىك سىزىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدىكى «ئا-
زاب» يارىلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ، نازۇك تەرەپلىرىنى ئىنچىكىلىك
بىلەن ئاشكارىلاپ، ئوقۇرمەن ئالدىدا ئۇلارنىڭ تىپىك ئالاھىدى-
لىكلىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك، تېخىمۇ روشەن نامايان قىلىشقا
مۇۋەپپەق بولىدۇ.
ئاخىر گۈلشەننىڭ بۇ ئۈچ تەلۋە ئاكىسى دېگىنىنى قىلىدۇ:
توختەكنى دۇمبالاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ، سىڭ-
لىسىنى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويىدۇ. قىزنىڭ ئاكىلىرىنىڭ نا-
مەرد چاكىنىلىقىغا، ھەسەتخور ـ شەرمەندىلىكىگە، ئاچ كۆز ـ
تەلۋىلىكىگە چىدىغۇچىلىكى قالمايدۇ.
پاكىز قەلب، بىغۇبار دىل ھامان ئۆزىنىڭ پاكىز ۋە بىغۇبار-
لىقى سەۋەبىدىن ئېپلاسلىق، ياۋۇزلۇق ۋە قارا نىيەتلىكنىڭ
قۇربانى بولىدۇ. مانا بۇ ھاياتتىكى تراگېدىيە، كىشى قەلبىنىڭ
تارىنى تىترىتىدىغان، كۆڭۈل تىنچلىقىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئە-
قىل ۋە پىكىر ئاتا قىلىدىغان تراگېدىيە. ئەدەبىيات ئەنە شۇنداق
مەنبەلەردىن كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەنە يازغۇچىدىن ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە ئۆگىنىش بىلەن بەدىئىي مۇ-
كەممەللىكنى، كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم ۋە ئىقتىدارنى يېتىلدۇ-
رۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
ھېكايىنىڭ تۈگەللىمىسىدە يازغۇچى يەنە ئۈچ ئاكا ـ ئۇكى-



نىڭ ئويلىرىنى مۇنداق بەدىئىي تۇستە تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەن
ئالدىدا ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئوبرازىنى تىكلەيدۇ.
«. . . سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدا يەنە يېڭى بىر قەبرە پەيدا
بولدى. بېلىگە يوغان ئاق باغلاشقان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۇنچىقماي
يەرگە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئاۋۇتنىڭ كاللىسىنى ‹ ھەي ـ ي، ماۋۇ
ھاماقەت قىزنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلار! . . . ئەمدى كىرد-
ىمىزنى كىم يۇيۇپ، ئاش ـ تامىقىمىزنى كىم ئېتەر؟ › دېگەن
ئەندىشە كېزەتتى. داۋۇت ئۆز ـ ئۆزىگە: ‹ ئەخمەق! بىزنىڭ
جاپايىمىزدىن بۇرۇنراق قۇتۇلماق بولۇپ مۇشۇ ئىشنى قىل-
دىڭ ـ ھە؟ . . . بوۋام كۆمگەن ئالتۇنلارنى تاپقاندا ئىش باشقىچە
بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ! . . . › دەپ پىچىرلايتتى.»
ئۆز قېرىنداشلىرى، ئۆز يېقىنلىرى، ئۆز يۈرەك پارىلىرى-
دىن ئايرىلغاندا، پەقەت پاكىز قەلبلا ھەقىقىي ياش تۆكىدۇ.
ئەمدى مۇنۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بولسا ئۆز دەردلىرىنىڭ ھەلەكچىلى-
كىدە. دېمەك، يازغۇچى بۇ ھېكايىسىدە باشتىن ـ ئاخىر بۇ ئۈچ
ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئوخشاش بىر خىل ۋەزىن
يۈكلەپ، ئۇلارنى تىپىكلىك يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرىدۇ.
يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «ساراڭ» ناملىق ھېكايىسى-
مۇ كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان ھېكايىلەر-
نىڭ بىرى. ھېكايە ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان:
بىرىنچى بۆلىكى «ئەسەر» نى ئېلىپ كەلگەن «ھېلىقى ئاپ-
تور» نىڭ سۆزلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىدە بولۇپ ئۆتكەن «ئەسەر»
توغرىسىدىكى مۇنازىرە، ئىككىنچى ھەم ئاساسىي بۆلىكى «ھېلى-
قى ئاپتور» يازغان «ئەسەر» نىڭ ئۆزى.
ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدىكى «ئاپتور» نىڭ سۆزلىرى ئو-
قۇرمەننى ئىختىيارسىز جەلپ قىلىپ، ھېكايە داۋامىغا بولغان
قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ. ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇۋاتقان نەرسە

«ئاپتور» نىڭ سۆزلىرىدە ئەقلىي پىكىر ياكى ھېكمەتنىڭ ئەكس
ئېتىپ تۇرغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادەمنىڭ كۆلكىسىنى
قىستايدىغان تېتىقسىز، لاۋزا، مەنىسىز گەپلىرى. ئۇنىڭ بۇنداق
باش ـ ئاخىرى باغلاشمىغان تاقتا ـ تۇقتا گەپلىرى يەنە قانداقلار-
چە ئوقۇرمەنلەرنى ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجىغا قىزىقتۇرىدۇ؟
بۇنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، يازغۇچى «ئاپتور» غا شۇنداق بىر
خىل خاسلىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈكلىيەلىگەن، يەنى ئۇنىڭ
مىجەزىدىكى غەلىتىلىك بىلەن گەپ ـ سۆزىدىكى غەلىتىلىكنى
بىر قىلىپ يۇغۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خىلدىكى ئادەم-
لەرنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىش بىلەن بىللە،
ئۇنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقان-
دا، يازغۇچى «ئاپتور» نىڭ خاسلىقىغا تەۋە بولغان ھېچقانداق بىر
ئېلېمېنتنى ئۆز سۇبيېكتى بويىچە ياساپ چىققان ئەمەس. بىز
«ئاپتور» نىڭ سۆزلىرىدىكى مۇنۇ قۇرلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ
باقايلى:

«. . . ھە، ھە، سىياھى سۇسكەن دەمسىز؟ قەلەمنىڭ
سىياھى تۈگەپ قالسا، ئالدىرىغاندا ئۇنىڭ ئۇچىغا تۈكۈرۈپ ـ
تۈكۈرۈپ قويۇپ يېزىۋېرىدىغانمۇ ئادىتىم بار دەڭە. ئۇنداق چاغدا
سىياھ سۇمۇرتمەن دېسىڭىز، كاللىغا كەلگەن گەپ قېچىپ
كېتىدۇ. ھېلىقى ئىلھام قاچتى دېگىنىمىز شۇمىكىن؟ . . . ھە
راست، مۇشۇ تۈكۈرۈكنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىمۇ بىر نەرسە
يازسامىكىن دېگەنتىم، يېزىپلا قالسام ئەكېلىپ كۆرسىتىمەن.
مەسىلەن، ئالايلى: دېھقان كەتمەن چاپقاندا قولىغا تۈكۈرىدۇ.
ئۇغۇ كەتمەننىڭ سېپىنى چىڭ تۇتىمەن دەپ شۇنداق قىلىدىغان-
دۇ، ئەڭ قىزىقى، يۈگۈرۈشكە چۈشكەن تەنتەربىيىچىلەرمۇ قو-
لىغا تۈكۈرۈپ قويىدۇ. بەزىلەر سوقۇشۇپ قالسا بىر ـ بىرىنىڭ
يۈزىگە تۈكۈرىدۇ. بىزنىڭ كونا ئادىتىمىزدە باللارنىڭ بېشىغا



چاقا چىقىپ قالسىمۇ چوڭلار تۈكۈرۈپ قويىدۇ. ئىشقىلىپ، يازى-
دىغان بولسا بۇمۇ خېلى قىزىق بىرنېمە بولۇپ چىقىدۇ جۇمۇ. . . »

«ئاپتور» نىڭ بۇ سۆزلىرى ئوقۇرمەن ئۈچۈن ئۆزلىرى ئۇچ-
راتقان مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنى دەرھال كۆز ئالدىغا كەلتۈرى-
دۇ. خۇددى بېلىنىسكىي ئېيتقاندەك: «يازغۇچى ئوبراز ئارقى-
لىق پىكىر قىلىدۇ. ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ نېمىشقا شۇنداق-
لىقىنى، ئۆزى ياراتقان مۇھىتنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولۇپ
قالغانلىقىنى ئوقۇرمەنگە ئىسپاتلاپ ۋە دەلىللەپ بەرمەيدۇ، بەلكى
كۆرسىتىپلا بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ. شۇڭا، ھەقىقىي يازغۇ-
چىنىڭ ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر يازالايدىغان يازغۇچىنىڭ
كاللىسىدا ئىدىيە ئەمەس، بەلكى ئوبراز گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ شۇ
ئوبرازلار ياردىمىدە ئىدىيىنى كۆرەلەيدۇ.» يازغۇچى مەتتىمىن
ھوشۇر مۇشۇ ئىلمىي نۇقتىنى توغرا چۈشەنگىنى ئۈچۈن، ئۇ ساپ
ھەم پاكىز يول بىلەن بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن ئىبارەت ئىجا-
دىي يولغا مېڭىپ ئوقۇرمەن نەزىرىدىكى شەرەپ پەللىسىگە يۈزلى-
نىدۇ.

«ساراڭ» ناملىق بۇ مۇكەممەل بەدىئىي ھېكايە باشقىچە يول
بىلەن كىشىنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ، چۈنكى ھېكايە
ۋەقەلىكى شەھەردىكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى-
دىكى ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان، ئادەتتە ئادەم ئانچە دىققەت
قىلىپمۇ كەتمەيدىغان، لېكىن مۇئەييەن ئومۇملۇققا ئىگە بولغان
جانلىق دېتاللاردىن قۇراشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «مەن» نى «سا-
راڭ» دېيىش جەريانىدىكى ۋەقەلىكلەر ناھايىتى ئاددىي، ئىخچام
ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، يۇمۇرلۇق تۈسىمۇ ئىنتايىن قويۇق.
مۇنۇ كىچىككىنە ۋەقەلىككە قاراڭ:

«. . . ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئۆزۈن
ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نومۇر ئالدىم. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە

كىرىۋىدىم، ئوتتۇرا ياش، تولۇق كەلگەن بىر دوختۇر ئايال
قولۇمدىن قەغەزنى ئالدى. ‹ ياش ۋاقتىدا خېلى چىرايلىق نېمە
بولسا كېرەك ›، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇمۇ كۆڭلۇمدىكىنى سەز-
گەندەك قىلىپ ماڭا بىر قىسمىلا قاراپ قويدى. ‹ ئېرىنىمۇ جىق
ئالدىغان نېمىغۇ دەيمەن؟ . . . ›، دەپ ئۆچلۇكۇم كېلىپ قالدى.
دوختۇر ئاق خالتىنىڭ يانچۇقىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ ئۈستەل-
دە قويۇپ تۇرۇپ:
— نەدە ئىشلەيسىز؟ — دەپ سورىدى.
— مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ . . . سىز دوختۇر بولغاندىن
كېيىن ئاۋۋال ئاغرىقتىن ‹ نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ ›، دەپ سورىمام-
سىز؟ — دەپ تېرىكىۋىدىم، دوختۇرنىڭ يوغان كۆزلىرى هەي-
رانلىقتا تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى، — سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى
بىلمەمدىم؟ ئاۋۋال نەدە ئىشلەيدىغانلىقىمنى سورىۋېلىپ، ئىش
ئورنۇمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ داۋالىماقچىمىـۇ
سىز؟ . . . سىزگە مەنپەئەتى تېگىدىغان بىر يەردە ئىشلەيدىغان
چىقىپ قالسام، پالانى ئىشىمنى مۇنداق قىلىۋەتسىڭىز، دېمەك-
چىمۇ سىز؟ مۇشۇمۇ داۋالاش بولدىمۇ؟! — دەپ ۋارقىرىغىنىمـ-
چە چىقىپ كەتتىم. هېلىقى ئايال ئارقامدىن ‹ ساراڭ ›، دەپ
قاراپلا قالدى. »
يازغۇچى « ئاپتور» نىڭ « ئەسەر» ى ئۇچۇن مانا شۇنداق هەم
ئىخچام، هەم قىزىقارلىق ۋەقەلىكتىن بىرقانچىسىنى تاللىۋال-
غان. مانا شۇ قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەر ئەۋجىدە « مەن» ئۆزىنى
راستتىنلا « ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ، سا-
راڭغا گۇناھ ئارتمايدىغان ساقچىنى كوچىدا كۆرۈپ، ئۇنى تۇيۇق-
سىز بىر مۇشت ئۇرۇپ ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. ساقچى « مەن» نى تۇتۇ-
ۋالغاندا، « مەن» مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:
« — مەن ساراڭمەن، يالغان بولسا خونۇنۇمدىن سوراپ



بېقىڭلار. دوختۇرمۇ بىلىدۇ. . . »
ئەمما « مەن» ساراڭ بولسىمۇ ساقچىنى ئۇرۇپ قويغان سە-
ۋەبلىك تۆت - بەش ئاي قامىلىپ قالىدۇ. هېكايىنى ئوقۇپ
كۆلۈپ كېتىۋاتقان ئوقۇرمەن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئويلىنىپ
قالىدۇ. يازغۇچى بۇ يەردە قاتتىق هەجۋىيلىك بىلەن بىر چوڭ
ئىجتىمائىي مەسىلىنى يورۇتۇپ، بىر هەقىقەتنى كۆرسىتىپ بې-
رىۋاتىدۇ. بۇ زادى قانداق ئىجتىمائىي مەسىلە؟ هازىر بىز ئاجا-
يىپ بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ
تەسەۋۋۇردىكىدىن كۆپ تېز، تەرەققىيات ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن
ئىشىكتىن بىزگە هەر خىل سەلبىي نەرسىلەر سىڭىپ كىرىپ،
پاكىز روهىيىتىمىزدە داۋالغۇش پەيدا قىلماقتا. ماركسىزممۇ
هەرقانداق بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى — ئاكتىپ ۋە پاسسىپ
تەرىپى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەلۋەتتە، مەدەنىيەتمۇ
شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تەرەققىيات ئىنسانىيەتكە زور پايدا ئې-
لىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىدىكى
ئېتىقاد ئۆلچەملىرىنى، ئەقىدە مۇستەهكەملىكى ۋە ساپلىقىنى
بۇزۇپ تاشلاپ، ئەسلىي ماهىيىتى نۇقتىسىدىن هېچقانداق قىم-
مەتكە ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن هەممىدىن
قىممەتلىك نەرسىلەرگە، هەممىدىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەك-
سىچە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، يېڭى ئىجتىمائىي
زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلماقتا. تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك
ئەللەردىكى ئادەملەر هازىر شۇ نۇقتىنى بارغانچە چوڭقۇر هېس
قىلماقتىكى، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ
قىممەتلىك بولغان ئېتىقاد، ئەقىدە، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەخلا-
قىي پەزىلەت، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېهىر - مۇهەببەت قاتارلىق-
لارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش هەممىدىن مۇهىم! مۇبادا مۇشۇ پەزىلەت-
لەر يوقىلىپ، بايلىق، پۇل، دۇنيا، مەنسەپ، شەخسىيەتچىلىك

مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىدىغان بولسا، مەلۇم ساندىكى پەزىلەت ساھىبلىرى بۇنداق جەمئىيەت تەرىپىدىن «ساراڭ» لارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز بۇنى كۆتۈرمەيدۇ ھەم كۆتۈرمەسلىكى كېرەك.

لېكىن بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئېڭىغىمۇ ئاشۇنداق سەلبىي نەرسىلەر مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. مانا بۇ رېئاللىقنى ئىدېئولوگىيە قوراللىرى ئىچىدە ئىجتىمائىيلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بەدىئىي ئەدەبىيات ئەڭ يۈكسەك سەزگۈرلۈكى بىلەن بايقىشى ۋە ئۇنى ئۆز خەلقىگە كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك.

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ «ساراڭ» ھېكايىسىنى مانا شۇنداق ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلىغان. مەزكۇر ھېكايىدىكى «مەن» ھارامدىن كەلگەن 2000 يۈەن پۇلنى «ئالمايمەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ «ساراڭ»؛ پۇلنى تۇل خوتۇننىڭ ئىشىكىگە تاشلاپ قويغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ «ساراڭ»؛ نامرات تۇل خوتۇن بۇ پۇلنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ «ساراڭ»؛ پەقەت ھارام پۇلنى ئىشلىتىشنى بىلگەن سەممەتجان بىلەن «مەن» نىڭ خوتۇنىلا ساق.

بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكلىرىمۇ ناھايىتى ئىخچام ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قۇرۇلمىسى سىلىق، سۇژېتى جەلپكار بولۇپ، ئوقۇرمەننى تۇيدۇرمايلا ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ يەرلىرىدىكى تېخى ئۇلارغا ئايان بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر دېڭىزىغا باشلايدۇ.

«‹مۇساپىرلار قاۋىقى› دا» يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرىدۇر. بۇنىڭدا بىز شۇ نۇقتىنى كۆرۈۋالالايمىزكى، يازغۇچى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى-



نى نەقەدەر ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكى ۋە ئۆگەنگەنلىكى، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق بۇلۇڭلىرىدىكى چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تولۇق ياردەم بېرەلەيدىغان ئەڭ ئاددىي، ئەڭ كىچىك، ئەڭ قىزىقارلىق دېتاللارنى تاللاپ چىقىشقا ماھىرلىقى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئۇقۇم، چۈشەنچە ۋە ئىدىيىسىنى رېئال ھايات مەنتىقىسىگە زورلاپ تېڭىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى ھەممىدىن يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن تەرەپلەرنى سەنئەتلىك يول بىلەن تولىمۇ ئىخچام، تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۆزگىچە ئىجادىي يول شەكىللەندۈردى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەدەبىيات ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن سەنئەتتۇر. سەنئەت ئۇ ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر. بۇ دېگەنلىك بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئوقۇرمەن ئۆزىگە كېرەكلىكىنى، شۇ ئەسەر يارىتقان ھايات مەنتىقىسى، قويۇق ۋە مەركەزلەشكەن رېئال تۇرمۇش پۇرىقى، ئېستېتىك پەللە دائىرىسىدە تەبىئىي ھالدا ئايرىپ چىقىپ ھېس قىلالىسۇن دېگەنلىك. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «‹مۇساپىرلار قاۋىقى› دا» مۇشۇ نۇقتىدىن يەنە بىر چوڭ بۆسۈش ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى مەزكۇر ھېكايىسىدە شەھەرنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر ئاددىي قاۋاقخانىنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە سائەتلىك كۆرۈنۈشنى تاللىۋالغان. ھېكايىدىكى «شائىر»، «مەن»، ھاراق تىلەمچىسى، «كۆزەتچى» ۋە ھېلىقى كېيىن قاۋاقخانىغا كىرگەن يىگىتلەر ۋە ئۇلارنىڭ گەپ - سۆز ھەرىكەتلىرى ئوقۇرمەنگە ناھايىتى كۈچلۈك رېئال تۇرمۇش پۇرىقىنى ھېدلىتىدۇ.

بىز پېرسوناژلار ئىچىدىكى «كۆزەتچى» نىڭ قاۋاقخانىدا قىلغان مۇشۇ سۆزىنىلا مىسال ئالساق كۇپايە:

«— ھەي، بۇ ھاراق دېگەن نېمىنىغۇ مەنمۇ بىر ئوبدانلا ئىچمەيدىغان بولۇپ قالغان، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى كىشى قولىدىكى ھارىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، — يېقىندا بىر رەنجىش بولۇپ قېلىپ يەنە ئىچىپ سالدىم. رەنجىش دېسەڭلار، ئۇزۇن يىل بولدى ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرىمەن دەڭلا، ئىنىلىرىم. بىر كۈنى ئولتۇرسام، ئۆي باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ:

— ئاكا، سىز بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ بەرسىڭىز، — دەيدۇ.

— نېمە گەپ؟ — دېسەم.

— ئاۋۇ ئۆيدىكى قوشنىڭىزنى بىلىسىزغۇ؟ — دەيدۇ. ماڭا قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدىغان بىر ياش بالا بولىدىغان.

— ھە بىلىمەن، يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىشلەيدىغان ماۋۇ بىر تام قوشناممۇ؟ — دېدىم. ئۇلار:

— ھە، شۇ قوشنىڭىز ھازىر بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستى. ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى كىچىك بولۇپ قاپتۇ. سىز ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى قوشۇپ، كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ، شۇ يىگىتكە بەرمەكچى، — دەيدۇ.

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى:

— ھەي، مەنمۇچۇ ئارمىيە يېڭى كەلگەن چاغلاردا مەھەللىدە ئاكتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمگە باش بولۇپ گومىنداڭچىلار بىلەن سوقۇشۇپ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۈچۈن قان ئاققۇزغان. ئەمدىزە تېخى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يىرتىق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن نېمىلەرگە ئۆيۈمنى بوشىتىپ بېرىپ، كۆدە - كۆرپەمنى يۈدۈپ نەدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈدەكمەن. بېرىپ باشلىقىڭغا ئېيتىش، كۆچمەيمەن، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن! دېدىم.

مېنىڭغۇ ئۆيدىن كۆچۈرۈۋېتەلمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئاچچىقىمدا كونا پەلتويۇمنى سېتىپ، مانا ئۈچ كۈن بولدى، پۇلىغا



ھاراق ئىچىپ يۈرىمەن، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتۇق.

— كۆزەتچىلىك قىلىمەن، — دېدى ئۇ، — بىزدەك ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمگە كۆزەتچىلىكتىن باشقا نېمە ئىش بار دەيسىلەر. شۇنىڭغىمۇ ئاران ئېرىشتىم، نەدە كۆزەتچىلىك قىلسام، ئىككى - ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا بوشىتىۋېتىپ، شۇ يەرنىڭ كادىرلىرىدىن بىرى ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ. ئۆتكەندە بىر ئورۇنغا كۆزەتچىلىك قىلىپ 500 يۈەن قەرز بولۇپ قېلىۋىدىم، قەرزنى ئۈزۈۋەتسۇن دەپ خېلى ئۇزاق ئىشلىتىپ قالدى. ‹ھە ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن - دە! › دېدىم. ھازىرقى كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئورۇنغا 2000 يۈەندەك قەرز بولدۇم. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەمدى ئۇ يەرگە چىڭىپلا كەتتۇق دەڭلا. . . قېنى كەلمەمسىلەر؟ . . .»

قاراڭ، كۆزەتچىنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىدىنلا بىز دەۋرىمىزدىكى ئاز ساندىكى چىرىكلىكلەرنىڭ بىھۇدە قۇربانى بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاز ساندىكى بەزى رەھبىري كادىرلار ھاكىممۇتلەقلىقىنىڭ پالاكەتچىلىكىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان شۇنداقلا ھاياتلىق ئۈچۈن خۇددى ئۆيگە سولىنىپ قالغان قۇشقاچتەك جەمئىيەت تېمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئۆزىنى تىنىمسىز ئۇرۇپ، ئەڭ ئاخىر «بىدشەملىك» بىلەن ئۆزىگە خاس چىقىش يولى ئىزدەۋاتقان كىشىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. يازغۇچى قەلەم يورغىلىتىپ كېلىۋاتقاندا، بەزى قەلەم ئىگىلىرىدەك ئۆز خاھىشىنى ئەسەرگە قىلچە تاڭمىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاپتور ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەيمەن دەپ بىھۇدە ئۇرۇنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەنمۇ مەزكۇر قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىۋاتقاندا ھېچقانداق بايان ۋە سۆز ئۇنىڭ ئۈچۈن زورۇققانلىق تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى ئەسەر قانچە زورۇقۇپ يېزىلسا، ئوقۇرمەنمۇ شۇنچە زورۇقۇپ ئوقۇيدۇ. قاند-

ـداق ئەسەر زورۇقۇپ يېزىلغان ئەسەر بولىدۇ؟ قەلەم ئىگىسىنىڭ
ئۆز ئىدىيىسىنى ئۆز يازمىسىغا زورلاپ تېڭىشى، هايات مەنتىقى-
سى ۋە چىنلىقىغا هۆرمەت قىلماسلىقى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەل-
گەن ئەسەر زورۇقۇپ يېزىلغان ئەسەر بولىدۇ.

ئەسلىي هاياتنىڭ ئۆزى تولىمۇ قىزىقارلىق، بولۇپمۇ ئۇيغۇر
هاياتىنىڭ ئۆزى يۇمۇرىستىك خاراكتېر بىلەن تولۇپ تاشقان.
ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىشنى ۋە مۇهاكىمە قىلىشنى بىلىدىغان قەلەم
ئىگىلىرى بۇ پۇتمەس خەزىنىدىن خالىغانچە دېتال ئېلىپ ئىشلى-
تەلەيدۇ. «‹مۇساپىرلار قاۋىقى› دا» هېكايىسىدە مەمتىمىن هو-
شۇر باشتىن ـ ئاخىر مانا شۇنداق ئۇقۇرمەننى جەلپ قىلىش
كۈچى كۈچلۈك بولغان قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن.
مەسىلەن، بىز مەزكۇر هېكايىنىڭ تۈگەللىمىسىدىكى مۇنۇ قۇر-
لارنى ئوقۇپ باقايلى:

«شۇ گەپ بىلەن، بىرەيلەن قوپۇپ شامىلنى ياقىسىدىن
سۆرىدى، يەنە بىرەيلەن ‹شائىر دېگەن سەندەك بولسا› دەپ
كۆتىگە تېپىپ، دۇكاندىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

— ماۋۇ ئاغىنىسىنى قانداق قىلىمىز؟

— هەيدە! . . .

‹ هەيدە › دېگۈچىنىڭ گېپى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە چاققانلىق
قىلىپ، تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىۋېلىپ، تېپىك يېيىشتىن
قۇتۇلۇپ قالدىم. 50 يۇەنگە يېڭىلا ئالغان شلەپەم ئۇستەل
ئۇستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغانىدى. ‹ ئىسىت، مەستلەر سېتىپ پۇلى-
غا هاراق ئىچىۋېتىدىغان بولدى ـ دە! › دەپ تۇرۇۋشۇمغا، شلە-
پەممۇ ئارقامدىن ئۇچۇپ چىقتى. يەردىن ئېلىپ توپىسىنىمۇ
قاقماي بېشىمغا كىيدىم ـ دە، ئاغىنەمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈر-
دۈم» . ئېنىقكى بۇ قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈۋاتقان ئوقۇرمەن ئۆزى-
نىڭ كۈلكىسىنى باسالماي قالىدۇ.



يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇرنىڭ
«قىزنىڭ قەلبى» ، «هاراق توغرىسىدا هېكايە» ، «گۈللىگەن
دالا» ، «ئايخان» ، «قىرلىق ئىستاكان» ، «بۆرە جىلغا» ،
«چوشقىلارغا بايرام» ، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ، «چار خوراز» ،
«قارا قورساق سەركە» قاتارلىق هېكايىلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇ-
تۇقلىرى بىلەن ئۇيغۇر چاغداش هېكايىچىلىقىدا ئالاهىدە كۆزگە
تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ هېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى
چۇچۇك، يۇمۇرىستىك خاراكتېرى كۈچلۈك، تۇرمۇش پۇرىقى
ئالاهىدە قويۇق بولۇپ ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە زوق بېغىشلايدۇ.

# كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى بوشلۇقلار

**ئىبراھىم هامۇت:** ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قايىسى تەرەپلىرىگە نۇقتىلىق ۋارىسلىق قىلىش زۆرۈر؟

**ئابدۇبەسىر شۇكۇرى:** ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىن باشلاندى دەپ قارايمىز. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتتا بارلىققا كەلگەن تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر، ھەربىي تەزكىرە، خاقانلار تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەر، خانلىقنىڭ تارىخىدا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان سانغۇنلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، شۇنداقلا شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. بەزى چەت ئەللىك ئالىملار مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەربىر ئابزاس، جۈملىلىرىنىڭ ئاخىرىنى قاپىيىلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۇنى دەسلەپتە شېئىر دەپ قارىغانىدى.

ئەنئەنىمىزدىكى قاپىيىلىك سۆزلەش ئادىتى، جەڭنامىلەر، قىسسەلەردىكى ھەربىر ئابزاسنىڭ ئاخىرىنى قاپىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش، پۈتۈنلەي ئاددىي جۈملە ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بىز مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنى شېئىر ئەمەس، بەلكى تىلىدىن كۈچلۈك شېئىر پۇراپ تۇرىدىغان نەسرىي ئەسەرلەر دەپ ئېيتالايمىز. دېمەك، مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتىمۇ بەدىئىي تىل جەھەتتىن ئىنتايىن گۈزەل ھەم نەپىس ئىدى.



گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرلىرىدە پروزا بىلەن شېئىرىيەتتە ناھايىتى ئېنىق ئايرىلىش بولدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىدا دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر، لىرىكىلار، ھېكمەتلەرنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلار ئالاھىدە روناق تاپتى. شەكىل جەھەتتىن بۇ دەۋرلەردىكى شېئىرلاردا باش قاپىيە (ئاللىرتاتسىيە) بىلەن ئاياغ قاپىيە بىرگە كېلىدىغان خۇسۇسىيەت شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ مۇقىملاشتى.

1965 - يىلى تۈركولوگ، ئالىم رەشىد راخمەتى ئارات «ئەسكى تۈرك شېئىرلىرى» («قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى») نامىدا نەشر قىلغان شېئىرلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە شېئىرلار بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلغاندا، كۆپ ساندىكى شېئىرلار باش ھەم ئاياغ قاپىيىدە كەلگەندىن سىرت، يەنە توق ۋە ئاچ قاپىيىدە كەلگەنلىكى مەلۇم بولغان.

بۇ دەۋردىكى شېئىرىيەتتە چاچما شېئىرلار ئالاھىدە گۈللەنگەن بولۇپ، ئاساسەن لىرىكا ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۈگۈنكى رۇبائىيغا ئوخشاپ قالىدىغان شېئىرلارمۇ بار بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئارۇز ۋەزنىنىڭ تەلپىي بويىچە يېزىلغان رۇبائىيلاردىن پەرقلىنىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىدا پروزا بىلەن تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە تېز بولدى، بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نوملىرى بولغان «ئالتۇن يارۇق»تىن، «داساكارما سۇترا»غىچە، «ئاۋادانا سۇترا»دىن، «ئۇن بەدۇك قىلىنىچ»قىچە بولغان نۇرغۇن نوملار ئۇيغۇر تىلىغا تولىمۇ يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. مانى دىنىغا ئائىت «خۇاستۇ ئانفىت» ھەم خىرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى

«ئىنجىل» قاتارلىق كىتابلارمۇ خېلى بۇرۇنلا تەرجىمە قىلىنىپ
بولغان. بۇ دەۋردە ناھايىتى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدە «ئىنجىل»
قاتارلىق «مۇقەددەس» كىتابلار تېخى تەرجىمە قىلىنمىغانىدى.

قۇچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرگەندىن سىرت، يەنە يېڭى بىر ژانىر — دىرامىچىلىقنى
بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە دىرامىچىلىقنى ناھايىتى يۇكسەك دەرى-
جىدە راۋاجلاندۇردى.

قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئەنە شۇنداق
شېئىرىيەت بىلەن پروزىنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ راۋاجلاندى.
ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئەدەبىياتىمىزغا نىسبە-
تەن ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى ناھايىتى روشەن تەسىرلەرنى كۆر-
سەتتى. بۇ ئەدەبىي تىلىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بېيىش باسقۇ-
چىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىدى. ئىلگىرى
ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق بايلىقى ئاساسىدا يېپەك يول-
دىكى بەزى مىللەتلەر تىلىدىن، يەنى ئەنەتكەكچىدىن، سوغدىچى-
دىن، ساكچىدىن، توخرىچىدىن سۆز قوبۇل قىلغان بولسا ئىسلا-
مىيەتتىن كېيىن ئەرەب، پارسچىدىن نۇرغۇنلىغان لېكسىكىلىق
گەۋدىلەرنى ئۆزلەشتۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا مە-
نىداش سۆزلەر كۆپىيىپ، قاپىيە ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى سورۇن
ھازىرلاپ بەردىكى، تۈركىي تىللىق شائىرلار قاپىيە چەكلىمىسى-
گە ئۇچرىمايدىغان بولدى.

يۇقىرىقىدەك تەرەققىياتلار نەتىجىسىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
شېئىرىيەتنىڭ تىلى، پاساھەتنىڭ تىلى، ئەدەبىياتنىڭ تىلى بو-
لۇپ خىزمەت قىلدى. پارس تىلىدىن باشقا تىلدا خەمسە يېزىش
مۇمكىن بولمايدۇ، دەپ قارىغان ئابدۇراخمان جامى نەۋائىينىڭ
«خەمسە» سىنى كۆرۈپ تاڭ قالدى. دېمەك، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي
تىلنىڭ پاساھىتى پەۋقۇلئاددە يۇكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، شې-



ئىرىيەت دۇنياۋى سەۋىيە ياراتتى. ئەمما، پروزىدا بولسا ئاجىز-
لىشىش ھالىتى كۆرۈلۈپ، پروزىدا يېزىلىدىغان تېماتىكا دېتاللى-
رى شېئىرىيەت بىلەن ئىجاد قىلىندى. گەرچە پروزا ئەسەرلىرى
بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
دەۋرىدىكى پروزىنىڭ ئەنئەنە ئىزچىللىقىنى كۆرسىتىپ بې-
رەلمەيمىز.

يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيا-
تىمىزدا ۋارىسلىق قىلىش زۆرۈر بولغان تەرەپ يەنىلا شېئىرى-
يەت، شېئىرىيەتتە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا شېئىرىي تىل،
ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى بول-
غان لىرىك بوشلۇقى، شېئىرىي ھېكمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى، شې-
ئىرىي ئوبراز قاتارلىق تەرەپلەردىن مەركەزلىك ۋارىسلىق قى-
لىپ، چاغداش شېئىرىيىتىمىزنىڭ، توغرىسى بۈگۈنكى دەۋردە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات يولىنى تېپىپ
چىقىشىمىز لازىم.

**ئىبراھىم ھامۇت:** بەدىئىي تىل جەھەتتىن ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتىنى قانداق ئۆرنەك قىلىشىمىز لازىم؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** بەدىئىي تىل ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم
ئامىلى، شۇنداقلا جېنى. بەدىئىي ئەدەبىيات ھېكمەتنى بەدىئىي
تىل بىلەن يۇغۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى
ھېكمەت ئاددىي ھالدىكى ھېكمەت بولماستىن، بەلكى كىتابخانغا
مەلۇم بولمىغان، رەڭدار تىلنى يېپىنچا قىلغان ھېكمەتتىن ئىبا-
رەت. بۇ ئەلۋەتتە بەدىئىي تىلنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان
يۇكسەك بەدىئىي ماھارەتتىن كېلىدۇ. بۇنداق بەدىئىي ماھارەتنى
گۈزەل بەدىئىي تىل شەكىللەندۈرىدۇ.

شېئىرىيەتنىڭ تىل گۈزەللىكى ئۇنىڭدىكى پاساھەتتە، تېخى-
مۇ توغرىسى ئوقۇرمەن ئۈچۈن ھۇزۇر بېغىشلىيالايدىغان دەللىك-

تە. ئەنە شۇنداق دەل جايدا ئىشلىتىلگەن تىل زوقلانغۇچىنىڭ
ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىغىچە يېتىپ بارالايدۇ، ئۇزاققىچە قەلب
تارىنى تىترىتەلەيدۇ.

ئەنە شۇنداق دەللىك نۇقتىسىدا تۇرغان تىلنى قايسى دەرىجىـ
ـدە ئۇيىنىتىش، قايسى دەرىجىدە يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش بەدىئىي
ئىستېداتقا، بەدىئىي ماھارەتكە باغلىق. شۇڭلاشقا، بۇگۈنكى
كۈندىكى بارغانسېرى قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان، ھاياتىي كۈچىنى
يوقىتىپ قويۇۋاتقان شېئىرىيەت تىلىمىزغا جان كىرگۈزۈشتە،
كلاسسىكلىرىمىزنىڭ شېئىرىي تىل يارىتىشتىكى ئۈلگىلىرى ناـ
ھايىتىمۇ قىممەتلىك. قەدىمكى دەۋرلەردىكى گۈزەل شېئىرىي
تىلدا مەيدانغا كەلگەن كۆپ خىل شېئىرىيەت شەكىللىرى ئاستا ـ
ئاستا تاشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە
كەلگەندە ئىپادىلەش قۇدرىتىگە باي تىلىمىز روياپقا چىقارغان
بەدىئىي تىل مۇھىتىدا ئارۇزنىڭ ھەر خىل بەھرىلىرى بارلىققا
كېلىپ يۇكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئەرەبلەردە پەيدا بولـ
ـغان بۇ شېئىر شەكلى پارس ئەدەبىياتىدا گۈللەندى. تۈركىي
تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا، جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ۋايىغا يەتتى، مېۋە بەردى (دۇنيادا شېئىرىيەتنىڭ ئارۇز ۋەزنى
ئەرەب ئارۇزى، پارس ئارۇزى ۋە تۈركىي ئارۇزى دەپ ئۈچكە
بۆلۈنىدۇ). كلاسسىكلىرىمىز ئارۇزنىڭ ئۆلچەملىرىگە ناھايىتى
قاتتىق ئەمەل قىلغان ئاساستا ئەسەرلەرنى پۈتتى. مەسىلەن،
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىرىنچى مىسراسى قايسى خىل ۋەزىن ئۆلـ
ـچىمىدە يېزىلسا، ئەڭ ئاخىرقى مىسرالىرىغىچە شۇ خىل ۋەزىن
ئېتىبارىدا يېزىلدى. نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىدە ئارۇزغا چۈشمەيـ
ـدىغان، ۋەزىن بۇزىدىغان بىرەرمۇ مىسرا ئۇچرىمىدى.

نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ مۇقام كۈيلىرى بىلەن جىپسىلىشىپ
كېتەلىشى، مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى



ئىگىلىيەلىشى دەل ئاشۇ مىسرالاردىكى ۋەزىن، كۈچلۈك شېئىـ
ـرىي رىتىم، مول ئاھاڭدارلىقتىن كەلگەندى.

بۈگۈنكى كۈندە شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇزنىڭ شېئىرىي
شەكىللىرى بولغان غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىيلارنى ھەقىقىي
ئارۇزنىڭ ئۆلچىمىگە سالىدىغان بولساق، كۆپلىگەن شېئىرلىرىـ
ـمىز ئارۇزغا چۈشمەيدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئەينى
دەۋردىكى ئارۇز ئۆلچەملىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش كېـ
ـرەك دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بۈگۈنكى تىلىمىز ئارقىلىق ئارۇزـ
ـنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىپ
چىقىشىمىز لازىم دېگەنلىكتۇر.

شۇنداق قىلغاندا، شېئىرلارنىڭ مۇزىكىلىق تۇسكە ئىگە
بولۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. شېئىردىكى مۇزىكىلىق تۈس
قانچە قويۇق بولسا، شېئىرنىڭ يېقىشچانلىقى شۇنچە يۇقىرى
بولىدۇ.

نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى خەلق نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە
يادلاپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا
نەۋائى شېئىرلىرىدىكى مەزمۇن گۈزەللىكىدىن سىرت، شېئىرـ
ـنىڭ مۇزىكا پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ۋايىغا يەتكەن ئاھاڭدارلىـ
ـقى، گۈزەل شېئىرىي رىتىمى ئىدى.

شۇڭلاشقا شېئىرىيەتتە كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئالاھىدە ئۆرـ
ـنەك قىلىشىمىز لازىم.

بىزدە تېخى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس
نەزەرىيىۋى سىستېمىسى شەكىللىنەلمىدى. ھازىرقى زامان ئەدەـ
ـبىياتىدىن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغىچە رۇس ئەدەبىيات نەزەرىيەـ
ـسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولدى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن باشـ
ـقا، ئەدەبىياتنىڭ قالغان ئىككى تەركىبىي قىسمى، يەنى ئىلمىي
پاساھەت بىلەن ئىلمىي مەنتىق تەرەپلەردىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرـ

دىن ئۈلگە ئېلىشىمىزمۇ يېتەرلىك بولمىدى.

ئىلمىي پاساھەتتىكى نەزەرىيىۋى ئىزچىللىقنى تېپىپ چى-
قىش ئۈچۈن بىز كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلى-
رىنى خۇلاسىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت جەۋھەرلىرىنى يىغىپ،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان نەزەرىيىۋى سىستې-
مىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. بىز ئەنە شۇ نەزەرىيىۋى قورال
بىلەن شېئىرىيىتىمىزنى، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنى ئۆلچەپ چى-
قالىساق، ئەدەبىياتىمىزغا ھەقىقىي دىئاگنوز قويۇپ، ئۇنىڭدىكى
كېسەللىكلەرنى تېپىپ ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرەلەي-
مىز. ئەپسۇس، بىز ھازىرغىچە ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇكەممەل
نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمىدۇق. شۇڭلاشقا
ئەدەبىي ئوبزورلىرىمىز پەقەت ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش، ئىزاھلاش
باسقۇچىدىلا توختاپ قالدى. ئەسەرنىڭ ھەربىر دېتاللىرىنى چۇ-
ۋۇپ ئوپېراتسىيە قىلالايدىغان ھالەت شەكىللەنمىدى. شېئىرىيەت-
تە بولسا شېئىرنى شەكىل جەھەتتىن، شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى
جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈپلا بولدى قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەي-
دانغا كەلدى. شېئىرنى ئىلمىي پاساھەت نۇقتىسىدىن، ئىلمىي
مەنتىق نۇقتىسىدىن، شېئىرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە گۈزەللى-
كى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلالايدىغان، پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان
باسقۇچقا تېخى يېتىپ بارالمىدۇق.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىلمىي مەنتىق تەرەپتىن ئۆزىمىزنىڭ
مىللىي ئىلمىي مەنتىق ئەنئەنىمىز خۇلاسىلەنمىدى. بۇنىڭدىكى
قانۇنىيەت تېخى تېپىپ چىقىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى
زامان ئەدەبىياتىمىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىن مەلۇم دەرىجىدە
ئايرىلىپ قالدى. مەيلى ئىپادىلەش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى
بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش جەھەتتىن بولسۇن، بۈگۈنكى دەۋر
ئەدەبىياتىمىز شۇنچە كەڭرى بولغان بىر مۇھىتنى بايقاشتىن



مەھرۇم قالدى. ئەگەر بۇ مۇھىتنى بايقىيالىغان بولساق ئەدەبىيا-
تىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پارلاق يول ئېچىلغان بولاتتى.

**ئىبراھىم ھامۇت:** بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قايسى
ژانىرى كلاسسىك ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشقا بەكرەك
موھتاج؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** بىزدە بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىدىكى پروزىنى رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە
شەكىللەندى، دەيدىغان قاراش بار. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى
كۆزىتىدىغان بولساق، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىنمۇ
بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىمىزغا ئۆرنەك بولالىغۇدەك ئەسەرلەر-
نى خېلى كۆپ ئۇچرىتالايمىز.

مەسىلەن، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «چاشتانى ئى-
لىك بەگ»، «ئوتۇنچى يىگىت» ھېكايىسى قاتارلىق ئەسەرلەر
دراماتىك توقۇنۇش، پېرسوناژلارنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكىتى ئارقى-
لىق پسىخىكىسىنى ئېچىپ بېرىش تەرەپلەردە پروزىچىلىقىمىزغا
ئۈلگە بولالايدۇ. پروزىدىكى ھاياتىي كۈچ ئوقۇرمەن ئويلاپمۇ
ئۈلگۈرمىگەن، تاسادىپىيلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان كەسكىن دراما-
تىك زىددىيەتلەردىن كېلىدۇ. بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز كلاسسىك
پروزىچىلىقىمىزدىكى پېرسوناژنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئىچكىرىلەپ
كىرىپ، پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەينەن تەسۋىرلەپ بې-
رىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئۆگىنىپ بۇ تەرەپتىكى ئاكتىپ
ئامىللارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا پروزا ئەسەرلىرىمىز سان جەھەت-
تىن خېلىلا كۆپ بولسىمۇ، ئەمما كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە تەسىر
پەيدا قىلالىغانلىرى، كىتابخانلارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا
ئېرىشكەنلىرى يەنىلا ئاز ساندا. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب،
بۈگۈنكى پروزىچىلىقىمىزدا مىللىي روھىيىتىمىزنى، ئۆزىمىز-

نىڭ مەدەنىيەت، ئەنئەنە تىندۇرمىلىرىمىزغا ئورتاقلاشقان مىللىي ئەنئەنىمىزنى كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكىدەك يارقىن ئىپادىلەپ بېرەلمىگەنلىكىمىزدە. كلاسسىك پروزىمىزدىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى يىغىنچاقلاپ ئۇنى بۈگۈنكى پروزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالمىغانلىقىمىزدا. بىز تېخى كلاسسىك پروزىمىزنى ئىستىلىستىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ كۆرمىدۇق.

بۈگۈنكى دەۋردە بىزدىكى پوئېزىيە بولسا تىل ئىشلىتىش جەھەتتىن نامراتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. لېكسىكىلىق تىل بايلىقىمىز كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەكسىچە شېئىرىيەت تىلىمىز نامراتلىشىشقا قاراپ يۈز تۇتتى. شېئىرىيىتىمىزدە تەكرارلىنىش كۆپ، ئۆزگىچىلىك، يېڭىلىق ئاز بولدى. بۇنداق بولغانىكەن، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇزدىن باشقا، يەنە بەزى گۈزەل ئەنئەنىۋى تۈرلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشىمىز، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىنى بۈگۈنكى شېئىرىيىتىمىزگە تەتبىقلىشىمىز لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا داستانچىلىق يوقىلىپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۇ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ داستان ژانىرىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. داستان ئەمەلىيەتتە شائىردىن يۈكسەك بەدىئىي قابىلىيەت، مول ھەم ئەتراپلىق بىلىم، مەلۇم ئىجادىيەت سەۋىيىسى تەلەپ قىلىدىغان ژانىر. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ھەقىقىي داستان يېزىلسا خەلق ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، ئالقىشلايدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا ئەخمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، بۇغدا ئابدۇللا قاتارلىق شائىرلارنىڭ داستانلىرى خەلقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە داستانچىلىقىمىزدا ئۈزۈكچىلىك شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىكلىرىمىزدىن داستانچىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت-



لىك نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىق بولۇپ رومانچىلىق بولمىسا، شېئىرىيەت بولۇپ داستانچىلىق بولمىسا، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟! بۇ ئەلۋەتتە شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرا ژانىرىغا يېڭىدىن دىئاگنوز قويۇپ بۈگۈنكى ساتىرالىرىمىزنى ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك ھەمدە كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ساتىرا يېزىشتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشىمىز زۆرۈر. كلاسسىك رۇبائىيلارنىڭ ۋەزىن ئۆلچىمى رەمەل بەھرىنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەربىر مىسرانىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەردە قىسقا، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار بولىدۇ. ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ھەربىر مىسراغا چۈشكەندە ئىزچىللىقنى ساقلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىسرالاردىكى ئاھاڭدارلىق شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ مىسرادا ئايرىم ـ ئايرىم ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۆتىنچى مىسرادا ئالدىنقى ئۈچ مىسرانى خۇلاسىلەيدۇ.

يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشقا موھتاج. بۇلار ھەرگىزمۇ قالاق نەرسىلەر بولماستىن، بەلكى مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەن قىممەتلىك جاۋاھىراتلاردۇر. بۇ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ئەدەبىياتىمىزغا قان قىلىپ قوشالىساق، ئەدەبىيات ئاسمىنىمىزدىكى خىرەلىكلەر يورۇشقا، چاقناشقا باشلايدۇ.

**ئىبراھىم ھامۇت:** ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتە كلاسسىكلىرىمىزدىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرەپلەر قايسىلار؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** ئەدەبىياتىمىزدا چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن كېيىن تاكى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە

رومانتىزم بارلىققا كەلمىدى. رېئالىزم خاتا هالدا قوبۇل قىلىنـ
دى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا هېچقانداق بىر ئېقىم شەكىلـ
لەنمىدى. ئەدەبىياتنىڭ ئـۆزىگـە خاس ئىدىيىسىمـۇ بولمىدى.
80 ـ يىللاردىن كېيىن يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەمەـ
لىي سەۋىيىسىنى كۆرۈپ يەتتى، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاجىزلىقلارـ
نى چۈشىنىپ، پروزا ئەسەرلىرىمىزگە قارىتا يېڭىلاش ئېلىپ
باردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە رومانتىزمنىڭ ئامىللىرى ئەدەبىياتىـ
مىزدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز كلاسسىك ئەـ
سەرلىرىمىزگە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، كلاسسىك ئەسەرـ
لىرىمىزدىن رومانتىزمنىڭ ئامىللىرىنى يەتكۈدەك تاپالايمىز. نەـ
ۋائىينىڭ «پەرهاد ـ شىرىن» داستانىدىنلا رومانتىزمنىڭ كلاسـ
سىكلىرىمىز قەلىمى ئاستىدا ۋايىغا يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.
نەۋائىي ئۆزى 15 ـ ئەسىردە ياشىغان. ئۇ پەرهادنى ماچىنىدىن
گرېتسىيىگە ئېلىپ بېرىپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىرـ
دە ياشىغان گرېك پەيلاسوپ ئەپلاتون ۋە سوقراتقا شاگىرت قىلىپ
بەردى. ئەپلاتوننى ئۆڭكۈردە پەرهادنى ساقلاپ تۇرغان هالەتتە
پەرهاد بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، پەرهادقا پەلسەپە ئۆگەتكۈزدى.
پەرهاد ئەپلاتوندىن پۈتكۈل ئىلىمنىڭ جەۋهەرلىرىنى ئۆگىنىپ،
ئۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان دېۋىلەرنى يېڭىپ، چۆللەرنى كېـ
زىپ، ئىران بوزقىرلىرىغا كېلىپ مانىنى تاپتى. ئۇ مىلادىيە
3 ـ ئەسىردە ياشىغان مانى دىنىنىڭ ئىختىراچىسى مانىدىن رەسـ
ساملىقنى، نەققاشلىقنى ئۆگەندى. نەۋائىي ماكان، زاماننىڭ قاىـ
داق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دۇنيادىكى مەشهۇر ئالىملار، پەيلاـ
سوپلار، سەنئەتكارلارنى بىر يەرگە يىغدى. پەرهاد ئۇلاردىن ئىـ
لىم تەهسىل قىلدى. ئاندىن پەرهادنى شىرىننىڭ يېنىغا ئېلىپ
باردى. پەرهاد ئۇ يەردە ئۇسسۇزلۇقتا قالغان خەلقنى كۆردى.



ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى ئۇسسۇزلۇق سۇغا بولغان تەشنالىق بولـ
ماستىن، بەلكى ئىلىم چاڭقاقلىقى ئىدى. پەرهاد بېهىستون
تېغىنى تېشىپ سۇ باشلاپ كەلگەندىن كېيىن، شىرىننىڭ ۋىساـ
لىغا يەتتى. مانا بۇلارنىڭ هەممىسى نەۋائىي قەلىمى ئاستىدىكى
رومانتىك دۇنيا، بىز بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئەنە ئاشۇنداق
رومانتىزمنى جانلاندۇرۇشىمىز لازىم. پروزا ئەسەرلىرىدىكى رېـ
ئاللىق ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىغا يوشۇرۇنغان،
نازۇك تۈيغۇلىرىدا ئەكس ئېتىۋاتقان رېئاللىق بولۇشى كېرەك.
كۆرۈنۈشتىكى ۋەقەلىك ئەمەس، بەلكى كۆرۈنۈشتىكى ۋەقەلىك
ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن ئىنساننىڭ قەلب گۈزەللىكى بولۇشى
كېرەك. بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئاكتىپ
ئامىللارنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ چىقالىساق ئەدەبىياتىمىزدا روـ
مانتىزم، شۇنداقلا ئۆزىمىزگىلا تەئەللۇق بولغان ئەدەبىيات ئېـ
قىملىرىمىز بارلىققا كېلىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا يۈزەكى كۆرۈنۈشنى تەسۋىرلەش هادىسىسى
يېتەرلىك بولسىمۇ، ئەمما ماهىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئىچكى
دۇنيانى ئىپادىلەش تېخى يۇقىرى پەللىگە يەتمىدى. «يۇم كۆزۈڭـ
نى، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل» دەيدۇ جالالىدىن رۇمى. شائىر
«ئاددىي كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب كۆزى بىلەن رېئاللىقـ
نى كۆرۈشى كېرەك. ئادەتتىكى كۆز شائىرلىق ئۈچۈن لازىم
ئەمەس، ئۇ هاياتلىق ئۈچۈن لازىم» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.
ئۇ يەنە، بىز جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىگە ئوخشاش ئىلغار
ئىجادىيەت مېتودى توغرىسىدىكى قاراشلاردىن ئۈلگە ئالالىساق،
ئەدەبىياتىمىز يەنە بىر خىل هاياتىي كۈچكە تولىدۇ. رېئالىزم،
رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزم هەتتا مودېرنىزم، جۈملىدىن ئاڭ
ئېقىمى، قارا يۇمۇرچىلىق، سۇررېئالىزم دېگەنلەرنىڭ ئېلېمېنتـ
لىرىنى كلاسسىكلىرىمىزدىن كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. بۇ بىز

ئۇچۇن غەيرىي نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ياۋروپا ئەدەبىياتى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىنىڭ ئىككىنچى ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرىنى ئالغان ئەمەسمۇ؟! گىئوتى «شاھنامە»نى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆكۈنگەن، ئۆزىنىڭ شېئىر يازغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «شاھنامە»نىڭ ۋەقەلىكى توغرىسىدا فىردەۋسى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنى يېزىپ بوپتۇ. ئەمدى باشقا تارىخچىلار نېمىمۇ يازار. «شاھنامە»نىڭ تىلى جەھەتتە ئۇ يەنە: «مەن نېمىدەپ شېئىر يازغان بولغىيتتىم، شېئىرنى باشقىلار يېزىپ بوپتىكەنغۇ، مېنىڭ يازغانلىرىم شېئىر بولماي قاپتۇ» دەپ ئۆكۈنگەندى. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتى ئۈچۈن، قەلەم قۇۋۋىتى ئۈچۈن ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى بولغىنى ئۈچۈن دۇنياۋى شائىر بولالىغان. بىزدىكى شائىرلارچۇ؟ ئۇلار قانداق قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ بىر مەسىلە. شۇڭا، بىزدە ئىجادىيەت مېتودى جەھەتتە كلاسسىكلىرىمىزدىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ.

**ئىبراھىم ھامۇت:** كلاسسىكلىرىمىزدىكى ئىلمىي پاساھەت بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن زۆرۈرمۇ؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** كلاسسىكلىرىمىزدىكى ئىلمىي پاساھەت بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. ئەمما، بىزدە ھازىرغىچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پاساھەت ئىلمى سىستېمىسى بارلىققا كەلمىدى. پاساھەت ئىلمى بولسا تىلدىكى گۈزەللىك، تەسەۋۋۇردىكى گۈزەللىك، ھاياتتىكى گۈزەللىك قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىدۇ.

مەسىلەن، «كۆز» دېگەندە، بۇنى مىللىي ئەدەبىياتتا قانداق گۈزەللىكلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟ قايسى مەدەنىيەت قاتلىمى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن؟ بۇلارنىڭ



ھەممىسى ئىلمىي پاساھەتنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدە بولىدۇ.

مەلۇم بىر پەلسەپىنى، ھېكمەتنى قانداق شەكىلدە، قانداق ئۇسۇلدا بايان قىلغاندا كىتابخانغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ؟ بۇ بالاغەت ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى.

پاساھەت ئىلمى ئەدەبىياتىمىزدا بوشلۇق ھالىتىدە بولۇپ، پاساھەت ئىلمىگە قارىتا ئەدەبىياتىمىزدا تېخى ھېچقانداق تەنقىد، باھا ئۆلچىمى قويۇلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا ئەدەبىياتىمىزدا پاساھەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى گەۋدىسىنىڭ شەكىللىنەلمىگەنلىكىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. كلاسسىكلىرىمىز پاساھەت ئىلمىنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان، ئىجادىيىتىدە قوللانغان بولغاچقا ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ، ئەدەبىياتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە يەتكۈزەلىگەن.

مېنىڭچە، كلاسسىكلىرىمىزدىكى ئىلمىي پاساھەت بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ئۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر نەزەرىيە. شۇڭا، بىز كلاسسىكلىرىمىز ئىلمىي پاساھەتنى ئۆگىنىپ، خۇلاسىلەپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىلمىي پاساھەتنى خۇلاسىلەپ چىقالىساق، بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدىمۇ يېڭىچە بولغان ئىلمىي پاساھەت نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرەلىسەك، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى ئەسەرلىرىمىزنى ئىستىلىستىكا نۇقتىسىدىنلا كۆزەتسەكمۇ ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەرنى بايقايمىز. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يولى دەل ئاشۇ پاساھەت ئىلمىدا. شۇڭا، كلاسسىكلىرىمىزدا ناھايىتى قاتتىق تەلەپلەر بىلەن ئورۇنلانغان پاساھەت ئىلمىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ چىقىشىمىز لازىم. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»تىن نەۋائىنىڭ «خەمسە»لىرىگىچە ئىلمىي پاسا-

ھەتكە مۇخالىپ بىرەر سۆز ـ جۈملە، ئىبارە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ ئەسەرلەر شۇنىڭ ئۈچۈن خەلققە شۇ دەرىجىدە يېقىشلىق تۇيۇلىدۇ. خەلق ئۇ ئەسەرلەرنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، يادلايدۇ. دېمەك، پاساھەت ئىلمىنى ئۆگىنىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك.

**ئىبراھىم ھامۇت:** كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى سەلتەنەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىل نېمە؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** بىز ھازىرغىچە پەقەت چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزنىلا ناھايىتى يۈكسەك سەلتەنەتكە ئېرىشكەن دەپ قاراۋاتىمىز. بۇنداق دېيىش تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس. ھازىر ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتقان ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە قولىيازمىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئالىملارنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ. پەلسەپىۋىلىككە تويۇنغان، ئاجايىپ بەدىئىي قىممەتلەرنى ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ بۇ زېمىندىن كۆپلەپ تېپىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئالىملار «بۇ خەلق ياشىغان زېمىن شەرق، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسىغا جايلاشقان. بۇ جايدا كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل تىللار بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى كۆپ تۈردە ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن» دېگەندەك قاراشلار بىلەن خۇلاسىلىدى. دەرۋەقە، دۇنيا مەدەنىيەت سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت چوڭ مەدەنىيەت دەل ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر ـ بىرى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىشىدىغان تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي شارائىتلارغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا دىن مەدەنىيىتىنى ياراتقۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئارىيانلارنىڭ بۇ زېمىندا ئولتۇراقلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇددا، مانى، ئاتەشپەرەسلىك، نېستورىيان دىنى قاتارلىق دىنىي ئىدېئولوگىيىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا، تېخىمۇ توغرىسى مەركىزىي



ئاسىيادا ئۆز ئارا تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى، پەلسەپىسىنى، دۇنيانى بىلىشتە ئېرىشكەن قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىجتىمائىي ھادىسە بولغان دىن مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە ناھايىتى چوڭقۇر تىندۇرما ھاسىل قىلدى. دېمەك، مەركىزىي ئاسىيادىكى خەلقلەر ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ چىقالىدى ھەمدە ئۇنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆز مەدەنىيىتىگە خىزمەت قىلدۇرالىدى. شۇڭلاشقا بۇ خەلق 9 ـ ئەسىرلەردىلا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك جەۋھەرلىرىنى تەرجىمە قىلالىدى. مەسىلەن، قوچۇدا «ئالتۇن يارۇق» ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبۇئاتلار مەيدانغا كەلدى ۋە باشقىلار.

ئىنسانىيەت ئۆز مەدەنىيەت تارىخىدا ئۈچ چوڭ ئويغىنىش دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن تاكى مىلادىيىنىڭ 1 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قەدىمكى گرېتسىيە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىدە تۇردى. دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلىم ئىگىلىرى گرېتسىيە، رىمدىن چىقتى. ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا تارىختا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا روياپقا چىقتى. بۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى يارىتىلدى. مەيلى بۇددىزم دەۋرى بولسۇن، ياكى ئىسلامىزم دەۋرى بولسۇن، پۈتۈن ئالىم، ئىلىم ئەھلىلىرى مۇشۇ زېمىنغا يىغىلدى ياكى مۇشۇ زېمىندىن يېتىشىپ چىقتى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللە-

نىڭ دەۋرى گرېكلار بارلىققا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. مەسىلەن، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقتىن چىققان ئەل خارەزمى باغداتتا نۇرغۇن گرېكچە ئەسەرلەرنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغاندىن سىرت، ماتېماتىكىدا ھىندى رەقىمىنى ئەرەبلەردە قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۇ يەنە ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمىنى كەشىپ قىلدى، ماتېماتىكا ساھەسىنى يېڭىلىدى. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ ئاسترونومى ئۇلۇغبەگ بولسا ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاسترونومىيە ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە نەتىجىلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلدى.

ئەدەبىياتمۇ مىسلىسىز گۈللىنىپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسىنى كۆرسەتتى.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىشى سانائەت ئىنقىلابى شەكلىدە ياۋروپادا بارلىققا كەلدى. بۇرژۇئا مونوپولى شەرقنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى غەربكە يۆتكىدى. ئەمەلىيەتتە ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى شەرقتىن ئالغانىدى.

ئالىملار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۈچ قېتىملىق مەدەنىيەت دەۋرى ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى ئەرەب مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى تۈركىي، پارس تىللىق خەلقلەر ئىسلامىيەتنىڭ رامكىسى ئىچىدە ئەڭ يۇكسەك پەللىگە ئېلىپ چىققان. ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋى



دىن بولالىشىدىمۇ تۈركىي، پارس خەلقلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭلاشقا ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى ئىنسانىيەتكە مەدەنىيەت گۈللىنىش تارىخىدا بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ تۇرىدىغان كۆۋرۈك بولۇپ قالغان. ئەنە شۇ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى تۈركىي، پارس تىللىق خەلقلەر ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئەنە شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بىزدە پەننىڭ ھەرقايسى تۈرى بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىنقى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەر يارىتىلغانىدى. شۇڭلاشقا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى سەلتەنەتكە ئېرىشتۈرگەن ئامىلنى ئالدى بىلەن مۇشۇ خىل مەدەنىيەت تىندۇرمىسى دەپ قارايمىز.

بىر خەلقتە پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ماس ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىسە، پەننىڭ مەلۇم بىر تۈرىنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىش بىھۇدىلىك، ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي، ئىجتىمائىي دەۋر بىر مىللەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەندە شۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇھىتىدىن پەۋقۇلئاددە يازغۇچى، پەۋقۇلئاددە شائىر، پەۋقۇلئاددە ئالىم چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى زامان، دەۋر روياپقا چىقىرىدۇ، ئەدەبىياتمۇ ھەم شۇنداق. مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋر تەسەۋۋۇر قىلمىغان دەرىجىدە يازغۇچىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، قىرغىزلارنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى، مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى چىڭغىز ئايتماتوفدەك دۇنياۋى يازغۇچىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

ئوتتۇرا ئەسىردە بىزدە پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە قىممەتلىك نەتىجىلەر بولغاچقا ئەدەبىياتىمىزمۇ دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانىدى. جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك سەلتەنەتلەرگە ئېرىشكەنىدى.

**ئىبراھىم ھامۇت:** كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا يۇقىرىقى

تەرەپلەردىن ۋارىسلىق قىلىپ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ئۈچۈن يەنە قانداق شەرتلەرنى هازىرلىشىمىز لازىم؟

**ئابدۇبەسىر شۈكۈرى:** كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزدە قەدىمكى تىللىرىمىزنى بىلىدىغان، كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىن بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان ئىلمىي قوشۇن شەكىللىنىشى كېرەك. ئەدەبىياتىمىزدا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ كلاسسىكلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش هالىتى كېلىپ چىقتى. بۇ مەلۇم جەهەتتىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ تىللارنى مۇكەممەل بىلىش ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا مەجبۇرىيەت، ئەقەللىي تەلەپ بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى قەدىمكى ئىدىيەلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىش كېرەك، دەپ قارىمايمىز. شۇنداقلا قەدىمكى تىللىرىمىزنى قوللىنىشىمىز لازىم دەپمۇ قارىمايمىز. چۈنكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن تىل. بۇ يەردە بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز، پەقەت ئاشۇ قەدىمكى كلاسسىكلىرىمىزدىكى مىللىي ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان، مىللىي روهقا تويۇنغان سەنئەت شەكىللىرىدىن بۈگۈنكى كۈندە پايدىلىنىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەدىمكى تىللىرىمىزنى پۇختا بىلىش كېرەك. بۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى كلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىكى ئىدىيەلەر شەرق، غەرب پەلسەپىسىنىڭ مېغىزى، جەۋهەرلىرى، كلاسسىك مۇئەللىپلىرىمىز ئۆز نۆۋىتىدە پەيلاسوپ، ئالىم، شائىر بولالىغان. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسى



11 ـ ئەسىردە پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك قاراش بولالىغان. ئۇ ئۇستقۇرۇلما نۇقتىسىدىن پەلسەپىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. مەهمۇد كاشغەرىي بولسا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشاۋاتقان زېمىنلارنى خەرىتىگە ئېلىپ، 11 ـ ئەسىردىلا يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ياۋروپادا تېخى ئۇ ۋاقىتلاردا يەرشارىنىڭ يۇملاقلىقىنى بىلىپ يەتمىگەن، پەقەت 14 ـ ئەسىردىن كېيىنلا ياۋروپالىقلار ئاندىن يەرشارىنىڭ يۇملاقلىقىنى بايقىيالىغان.

ئەنە شۇلار ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى بوشلۇق ئىدى. كلاسسىكلىرىمىز بۇ بوشلۇقلارنى ئۆز ئەقىل مېۋىلىرى بىلەن تولدۇرغانىدى. بۇ يەردىكى ئەقىل مېۋىسى دەل كلاسسىكلىرىمىزنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە بىز تەسەۋۋۇپنى قايسى دەرىجىدە چۈشىنەلىدۇق؟

نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىنىچۇ؟ بۇلاردىكى هېكمەتلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولدۇق؟

بۇددا پەلسەپىسىنىچۇ؟ ! بۇ سوئاللار بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈنكى روهىيىتىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئىسلام پەلسەپىسى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا بۇددا پەلسەپىسىمۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك. قەدىمكى شائىرلىرىمىز، مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ ئۆلمەس شاهانە ئەسەرلەرنى يارىتىپ چىقالىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئۇلارنى ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كلاسسىكلىرىمىزنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقالىغانلىقىدا. شۇنداق بولغانىكەن، ياشلىرىمىز قەدىمكى تىل ۋاستىسى بىلەن كلاسسىكلىرىمىزنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشى ئۇلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماهارەتلىرىنى تەتقىق قىلىشى لازىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا هەقىقىي مەنىسى بىلەن ۋارىسلىق قىلالايمىز. ئاندىن بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن يوپيورۇق بىر داغدام يولغا چىقالايمىز.

# «ئوۋ تاماشىسى» دىن تۇغۇلغان ئوي

ئوۋ موتىۋى بىزگە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ۋە سۆزلەنمە ئەدەبىياتىمىز بىلەن تولىمۇ تونۇشلۇق. «غېرىب ـ سەنەم» داستانلىرى، «ئاق ئۆلەمبەردىخان» چۆچەكلىرى ئەڭ بۇرۇن مۇشۇ موتىۋقا زىكرى قىلىدۇ. يەنە ئالىقانداق خەلق نامايەندىلىرىنىڭ سۇژىتلىرى مەزكۇر موتىۋ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەمما بۇ موتىۋنىڭ قانداق ھېكمەتكە، قانداق ئىدىيىگە سەھنە بولغانلىقى بۇ باشقا گەپ.

ئەخمەت ئىمىن ئەپەندىنىڭ «ئوۋ تاماشىسى» بىزگە ئۈچ قېتىملىق ئوۋ كۆرۈنۈشىنى بېرىدۇ. ئۈچ قېتىملىق ئوۋنىڭ ھەربىرىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. قاراڭ، بىرىنچى قېتىملىق ئوۋغا: كۆزىدىن تۇماقە ئېلىنغان ئاچ قارچىغا ئاجىز، بىگۇناھ، بىچارە توشقانغا تاشلاندى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قارچىغا تەرىپىدىن ئېلىنغان ئولجا، ئۆز نەپسى بالاسى بىلەن قارچىغىنى ئاچ قويغان جاننىڭ غانجۇغىغا ئېلىندى. ئەمما شۇ ئولجىنى قولغا چۈشۈرگەن قارچىغا يەنىلا ئاچ قالدى. چۈنكى شەرق ئەللامىلىرى ئېيتقاندەك ئىنساننىڭ نەپسى ـ بالا ئازگىلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ پەقەت گۆر توپىسى بىلەنلا تولاتتى. ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاتا ـ ئانىسى بولغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن ئىنسان ۋۇجۇدىغا كۆچكەنىدى. شەيتانىي نەپس ئىنسان بالىسىنىڭ ۋۇجۇدىنى، ئەقلىنى ۋە پاكلىقىنى شۇ دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلىدىكى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى تونۇيالمايدىغان دەرىجىگە باردى. قارچىغا ئىگىسى مانا شۇ ئۆزىنىڭ نەپس زەنجىرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەققانىي، ئەقلىي پىكىرلىرىنى مەھكەم



بوغۇپ تاشلىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھېچنېمىنى، ھەتتا ئىككىنچى بىر جاننىمۇ ھېسابقا ئالمايدىغان جان ئىگىسى ئىدى. شۇڭا قۇل خوجا ئەھمەد يەسەۋىدىن نەۋائىغىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن كېيىنكى كلاسسىكلىرىمىزغىچە نەپسىنى ئىبارەت بۇ چىركىنلىك ساھىبىنى ئىنسانىي سۈپەتلەر بىلەن ھايۋانىي سۈپەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان پاسىل قىلغانىدى. نەۋائىي تەلقىنلىرىدە بۇ ھېكمەت ۋايىغا يېتىدۇ.

شۇنداق، ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ئوۋغا تاشلانغان قارچىغا ئىككىنچى بىر نەپسىنىڭ قۇربانى بولۇشقا تەييار. ئەمما ئۇ ئىككىنچى بىر نەپسىنىڭ ماھىيىتىنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتى. ئۆز نەپسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن جاننىڭ ئىككىنچى بىر نەپسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قارچىغا ئىگىسى ۋە قارچىغىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مۇشۇ ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئىنسانىي سۈپەتلەرنىڭ ھەرقانداقىدىن ئاجايىپ يىراقتا تۇراتتى. بىلسەك، ئىنسان تراگېدىيىسىنىڭ مەنىۋى يىلتىزى، دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. شۇڭا بىگۇناھ، ئاجىز توشقاننىڭ جاللىتى قارچىغا، دارى بولسا ئوۋچىنىڭ غانجۇغىسى بولدى. بىرىنچى ئوۋ بۇ ھايات ھەقىقەتلىرىنى تولىقى بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىگە تاشلىدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئوۋ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقان كىشى ئەقىل ئىگىسى ئىدى. تاماشا، «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» . بۇ دۇنيا تاماشا دۇنياسى. راست، بۇ تاماشىنى ھەممىمىز كۆردۇق ھەم كۆرۈۋاتىمىز. ئەمما، شۇنى بىلىش ھاجەتكى، ئەقىل ۋە ۋىجدان ئىگىلىرى تاماشىنىڭ يۈزە كۆرۈنۈشىدىن ئۆتە، ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە نېگىزىگە قىزىقىدۇ.

قاراڭ، ئىككىنچى قېتىمقى ئوۋ تاماشىسىغا: كۆزىنىڭ تېزرەك ئېچىلىشىنىلا، ياق، بالا نەپسىنىڭ تېزرەك قاندۇرۇلۇشىنىلا ئىزدەيدىغان قارچىغا يەنە بىر توشقانغا تاشلاندى. بۇ قېتىم توشقان ئۆزىنىڭ جان ھەلقۇمىدا تىركەشتى، ئۇنىڭ تېرىلىرى

يىرتىلدى، ئۆز ھاياتلىقى ئۈچۈن قان تۆكتى. قارچىغىنىڭ قاناتلىرى، پەيلىرى چاتقاللارغا ئۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى «جەڭ» قارچىغىنىمۇ بەدەل تۆلەتكەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقىدىن ئەسەر قالمىدى. ئۇ شۈمشىيىپ قالدى. ھاياتلىق، جان ۋەزنى نەپس تېشىدىن ئېغىر چىقتى. مۇقەررەركى، بۇ تارازا ھامان ھاياتلىق ۋە جان ۋەزنى تەرەپكە قىيسىياتتى. بۇ ھال ئەقلىي مىزانغا ياتسىمۇ، ئەمما ئەخلاقىي مىزانغا ياتمايدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى، پاكىز ئەقىدە، ئېتىقاد، روھ ۋە ۋىجدان چەكسىز خورلۇققا دۇچ كەلگەندىلا ھاياتنىڭ قىممىتى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. مانا بۇ ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسى بولىدۇ. ئەمەلدە بەدىئىي سەنئەتنىڭ تراگېدىيىلىك دېتالىمۇ دەل شۇ يەردىن چىقىدۇ. بىزدە ھازىر ئىككى ئادەمنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئارىدا بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ «تراگېدىيە»، قاتناش ھادىسىسىگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ «تراگېدىيە»، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ «تراگېدىيە»... ئىشقىلىپ، ئۆلۈمنىڭ ھەممىسى «تراگېدىيە» دېتالى بولۇۋاتىدۇ. ئەسلىي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تراگېدىيە دېتالى بۇنداق ئاددىي ۋە مەنىسىز بولمايدۇ. جاھان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدىن شېكىسپىرنىڭ «ھاملىت» درامىسىدىكى ھاملىتنىڭ ئۆلۈمى نەق بىز ئېيتىۋاتقان تراگېدىيىگە دېتال بولالايدىغان ئۆلۈمدۇر. شۇڭا ئۇ تاماشىبىن قەلبىنى باشقىچە لەرزىگە سالىدۇ. تاماشىبىن قەلب دۇنياسىغا تىنىمسىز كىرەلەيدۇ.

قارچىغا قارشىلىقتىن، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ نەپسىنىڭ قۇلى، ھەققانىيەتنىڭ دۈشمىنى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ شۇملۇق، ساختىلىق ھەم نەپسانىيەتنىڭ تۇماقىسى بىلەن مەھكەم ئېتىلگەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئاق - قارىنى كۆرىدىغان كۆزىمۇ، ھەققانىيەتنى ھېس قىلىدىغان قەلبى - يۈرىكىمۇ يوق. ئۇ ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، شۇڭا شۈمشىيىپ قالدى. ئۇ توشقاننىڭ نېمە



ئۈچۈن ئۆزىنى چاتقاللارغا ئۇرۇپ، ھەتتا تېرىسىنىمۇ تاشلاپ چىققانلىقىنى، قارچىغا پەيلىرىنى چاتقاللاردا قويغىنىنى، قىسقىسى بۇ يەردىكى بىر قۇدرەتلىك ھەققانىيەت كۈرىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئەمدى بىز ئاساسىي نەپس ئىگىسى، قانخورنىڭ ئۆزى — ئوۋچىغا قاراپ باقايلى: قىزىق، ئوۋچى باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىمىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ «مۇتتەھەم» توشقانغا ئۇچراپ قالغانلىقىنىلا ئىقرار قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، توشقان ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنىمۇ ئېلىپ قاچمىغان بولسا، ئۇنىڭچە بولسا ھەتتا لازىم تاپقاندا توشقانلار يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ غانجۇغىسىغا ئېسىلىپ بەرگەن بولسا، قىسقىسى ئۆز - ئۆزىنى بوغۇزلاپ بەرگەن بولسىلا - ھە؟! ئوۋچى مانا شۇلارنى ئويلىدى. چۈنكى ئوۋچىنىڭ كۆزى نەپس تۇماقىلىرى بىلەن تېخىمۇ مەھكەم ئېتىلگەنىدى. بۇ «تۇماقە» ئۇنى شۇ كويلارغا سالغانكى، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتتە بولىدىغان ئەڭ ئېسىل سۈپەتلەر ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە ئالىيجانابلىقلارنىڭ ھېچبىر ئىزناسىنى قويمىغان. ناھايەت، بۇ ھال ھايات تراگېدىيىلىرىنىڭ بەھۇزۇر ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇنبەت تۇپراق بولغان.

قارچىغا ئۆلۈمدىن قورقىدۇ. ئۇ شۈمشىيىپ قالدى. ئەمما ئۇنى نەپس ۋەسۋەسىسى ئۆز ئارامىغا، ئۆز ئىختىيارىغا قويمايدۇ. ئۇ قاچانكى خۇدا بەرگەن نېسىۋىسىنى ئۆز ئەركى، ئۆز ئىختىيارى بويىچە تەبىئەتتىن ئېلىپ يېيىشنى بىلگەندە ئاندىن ئوۋچىنىڭ قولىدىن ئىبارەت بۇ يىرگىنچلىك زىنداندىن لەھزە ئۇچۇپ يىراقلارغا، ئەركىن ۋە گۈزەل تەبىئەت دۇنياسىغا كېتىدۇ... بۇنى چۈشىنىپ يەتمىگەن قارچىغا يەنىلا ئوۋچى ئۈچۈن ئوۋ قىلىشقا تەييار. تەكرار ئوۋ يەنە باشلاندى. ئوۋچى يەنە شۇ ئوۋچى، قارچىغا يەنە شۇ قارچىغا، كۆزىدە يەنە شۇ تۇماقە. قارچىغا يەنە بىر توشقانغا تاشلاندى. مانا ئەمدى ئويلىمىغان بىر كارامەت يۈز

بەردى. «مانا ئاجىزلىقىغا تەن بەرمىگەن ئاجىزنىڭ كارامىتى، ئۆلۈم تەھلىكىسى ئالدىدا شۈمشىيىپ تۇرمايدىغان جان ئىگىسىنىڭ كارامىتى». بۇ يەردە قارچىغا نەپس ھېساباتىنى قىلىۋاتىدۇ. توشقان بولسا جان ھېساباتىنى قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا توشقان ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا تىركەشتى، كۈرەشتى. ئۇنىڭ جان ئازابى ئەمدى غەزەپكە ئۆزگەرگەنىدى. «بۇ غەزەپ ئاجىزنىمۇ كۈچلۈكتىنمۇ كۈچلۈك قىلىۋەتتى». غەزەپ توشقاندا ئۆزىدىن كۈچلۈك بىلەن ئېلىشىش ئىرادىسىنى قوزغىدى. راست، ئىرادە ئاجايىپ نەرسە، بولۇپمۇ ئۆزىگە غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى مەنىۋى ئوزۇق قىلغان ئىرادە ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھاياتىي-كۈچتۇر. شۇنداق، ئاجىزلارنى كۈچلۈكلەردەك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانمۇ ئىرادە، ئاجىزلارغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغانمۇ ئىرادە.

قاراڭ، ئۈچىنچى قېتىملىق ئوۋ ئاجايىپ بولدى. توشقان ئىرادىسى بىلەن قارچىغا ئۈستىدىن غالىب كەلدى. قارچىغا ئۆلدى. ئوۋچى مەيۈسلەندى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلمىدى ھەم قىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ پۇشايمان قىلىشنى بىلسە ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەخمىقانە تارىخنىڭ كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان سەھىپىلىرى شۇنچە ئۇزاق خاتىرە - پۈتۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتمەيتتى.

ئوۋ بىزگە بەك تونۇش موتىف. ئەمما ئۇنى ئەقىل ۋە ۋىجدان تۇيغۇسى بىلەن تاماشا قىلىش بۇ باشقا گەپ. ئەخمەت ئىمىن ئەپەندى «ئوۋ تاماشىسى» دا بىزگە ئۈچ قېتىملىق ئوۋ تاماشىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ بۇ تاماشىنى بىزگە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدان تەلەپ قىلىدىغان سەھنىسىدە كۆرسەتتى. بىزنىمۇ خېلىلا پۇخادىن چىقاردى. بۇ نەسىرنىڭ ماڭا بەرگىنى بەك كۆپ بولدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ نەسىرنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇقى شۇ بولدىكى، ئاپتور ئاددىي ۋە ئىخچام ئادەتتىكى ئۈچ قېتىملىق ئوۋ



ۋەقەلىكىنى ئۆزىنىڭ ئەقلىي دۇنياسىغا ئايلاندۇرالىغان، ۋەقەلىككە ھېچقانداق غەيرىي رەڭ تۇسى بېرىشنى ئويلىماي، ئەكسىچە پارچە - پۇرات ئاددىي ۋەقەلەر كۆرۈنۈشىدىن ھېكمەتلەر قۇچىقىدىكى سەنئەتلىك تۇيغۇنى، سەنئەت قۇچىقىدىكى ھېكمەتنى جانلاندۇرغان. ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئاپتور ھەرقانداق ئادەتتىكى تۇرمۇش دېتاللىرىنى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلەر بىلەن تولغان ئەقلىي دۇنياسىدا يۇغۇرۇپ ئاندىن ئوقۇرمەن ھۇزۇرىغا سۇنىدۇ.

# ئەسلىم ئەينىكى، ۋەسلىم تارىخى

— يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

تالانتلىق يازغۇچى مۇھەممەت باغراش «سەپداش»، «ساۋاب» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىمىزگە كىرىپ كەلگىنىدىلا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە «رىزقى»، «ئاپئاق ئېچىلغان سۆگەتگۈلى»، «تۆتقۇلاق»، «ئادەملەر»، «يېشىل ۋادا» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ھېكايىلەرنى تەقدىم قىلدى. يازغۇچى كېيىندىنلا پوۋېست ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ، پوۋېستچىلىقىمىز قىممەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يازغۇچىنىڭ «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ئۇنىڭ كېيىنكى يېڭى ئىزدىنىش باسقۇچىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىي مېۋىلىرىدىن بىرىدۇر. مەن يازغۇچىنىڭ «يۈرەكتاغ» پوۋېستىنى مۇشۇ يازمىنى ھازىرلاشتىن ئىلگىرى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا بۇ ئەسەر ماڭا ئۆزگىچە ئىلھام ۋە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلاتتى. مەنىۋى جەھەتتىن قانداقتۇر يىتتۈرۈپ قويغان ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلىرىمنى تېپىۋالغاندەك بولاتتىم. يازغۇچى بۇ پوۋېستقا ئىنتايىن كەڭ بىر مەنىۋى قاتلامنى، ئىنتايىن ئۇزاق بىر تارىخىي مەنىۋى دۇنيانى، مىللىي روھنى، مىللىي جاننى، مىللىي قاننى ۋە مىللىي ۋىجداننى سىڭدۈرگەنىدى. ھەر ئوقۇغىنىمدا ئەسەردىكى مۇشۇ مەنىۋى



دۇنيا مېنى ئاجايىپ پاسىلسىز قەدىمىي تارىخ ئۇپۇقلىرىغا، ئىمان ۋە ئېتىقادتەك پاكىز مىللىي روھىي دۇنياغا باشلاپ كېتەتتى. پىكرىم ھەر تەرەپكە چېچىلاتتى...

دېمىسىمۇ «يۈرەكتاغ» ماڭا تونۇش ئىدى. ئۇ ماڭا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان باتۇر ئاتامدەك، مېنىڭ ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىدىغان غەمگۈزار ئاپامدەك تونۇش ئىدى. بۇ «يۈرەكتاغ» ئاتامغىمۇ، ئاپامغىمۇ ئاشۇنداق تونۇشلۇقىنى بىلىمەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغىمۇ شۇنداق تونۇشتۇر، ئەلۋەتتە. 1993 - يىلى ياز كۈنلىرى ئىدى. مەن پىكىرداش ئاكا بۇرادىرىم مۇھەممەت باغراشنى يۇرتۇم پىچاننى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدىم. پىچان ناھىيىسىنىڭ پىچان يېزىسىغا قاراشلىق كىچىك كەنتىنىڭ مۇرەن دېگەن مەھەللىسى مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي ئىدى. باراقسانلىق ئىچىدىكى بۇ كۆجۈم مەھەللىنىڭ ھەربىر ئەزاسى، ھەربىر تۈپ دەل - دەرىخى، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى، ھەتتا ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىت - ئېشەكلىرىگىچە ماڭا بەك تونۇش ئىدى. مەھەللە ئەتراپىدىكى دۆڭ - تۆپىلىكلەر، مەھەللىنىڭ جەنۇبىغا تۇتىشىپ كەتكەن چەكسىز قۇم تاغلار، بۇ تاغلار ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ماڭا ھەم شۇ قەدەر تونۇش ئىدى. كىچىك چاغلىرىمدا مەھەللىمىزدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان پەسىللىك دەريانىڭ سۇلىرى ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىدى. بىز ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرىغا شۇڭغۇپ ئويناپتتۇق، قىسقىسى، مەھەللىمىزدە تەبىئەتنىڭ ھەممە كۆركى ۋە گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مەن مەھەللەمنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. باشقا مەھەللىلىكلەر ئالدىدا مەھەللەم بىلەن پەخىرلىنەتتىم. مەن يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنى مەھەللەمگە باشلاپ كەلگىنىمدە، راستىنى ئېيتسام بۇ مەھەللىنىڭ كىچىك چاغلىرىمدىكى كۆركىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئەمما مۇھەممەت باغراش يازغۇچىلىق

نەزىرى بىلەن بۇ ئۇيغۇر يېزىسىدىن ئۆزگىچە بىر مەنە تاپقاندەك قىلاتتى. بۇ مەھەللە ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. مەھەللىمىزنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى تۆپىلىكتە «ئاچچىق» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بىر بېغىمىز بار ئىدى. بىر كۈنى يازغۇچى بىلەن ئىككىمىز دەل ئاشۇ باغقا سەيلىگە چىقتۇق. تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى يازغۇچىنىڭ قەلبىدە يېڭى ئىلھاملارنى ئويغاتقان بولسا كېرەك، ئۇ يىراقلارغا كۆز تىكەتتى، كۆكرەك قەپىسىنى تولدۇرۇپ، چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالاتتى. ئۇ ئۈن ـ تىنسىز خېلى ۋاقىتقىچە چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرىغا تىكىلگىنىچە قۇشلار چۇرۇقلاپ سايراپ تۇرغان باغ ئالدىدىكى يولدا جىم تۇراتتى. بۇ باغ ھەقىقەتەن جىمجىت ئىدى. تىقما ـ تىقما ئادەملەر بىلەن تولغان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئۈزۈلمەيدىغان ئۈرۈمچىدەك شەھەردە تۇرىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بۇنداق گۈزەل جىمجىت تەبىئەتنىڭ قۇچىقى ھەقىقەتەن جەننەت ئىدى. بىر چاغدا يازغۇچى مېنى چاقىرىۋالدى ۋە قولى بىلەن قۇم بارخانلىرىنى كۆرسىتىپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدىن چوقچىيىپ چىققان يۈرەككە ئوخشايدىغان تاغنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ تاغنى «يۈرەكتاغ» دەيدىغانلىقىمىزنى، «يۈرەكتاغ» ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بەردىم. ماڭا چوڭ ئانام بۇ رىۋايەتلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. يازغۇچى بۇ رىۋايەتكە ئالاھىدە قىزىقتى. رىۋايەتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كىچىك بالىلىق چاغلىرىمدىكى «يۈرەكتاغ»قا بېرىش ئۈچۈن قۇم ئاتلاپ سەپەر قىلغانلىقلىرىمىزنى، يېقىندىلا 12～13 ياشلار چامىسىدىكى ئۈچ ئوغۇل بالىنىڭ «يۈرەكتاغ»قا بارىمىز دەپ چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن جانلىرىدىن ئايرىلغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. ئۇ بىر ھايات ھەقىقىتىنى تاپقاندەك ھايا-



جانلاندى، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى ۋە ئىشەنچ بىلەن كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

«ئابدۇبەسىر، بۇ ئاجايىپ رىۋايەتلەر ئىكەن. بىلىسىڭىز قەلبىمدە ‹يۈرەكتاغ› ھەققىدە بىر ئەسەر يېزىلىپ بولدى. . .» دېدى.

دېگەندەك يازغۇچى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «يۈرەكتاغ» ناملىق پوۋېستىنى ئېلان قىلدى. مەن پوۋېستنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن يازغۇچىنىڭ ئىستېداتىغا قايىل بولدۇم. يازغۇچى مەن ئېيتىپ بەرگەن بىر رىۋايەت ۋە كىچىككىنە بىر ۋەقەلىكنى ھەقىقىي يازغۇچىغا ۋە سەنئەتكارغا خاس يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پۈتمەس مەزمۇنلارغا ئىگە قىپتۇ. يازغۇچىلارنىڭ ۋەقەلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە ھايات رېئاللىقىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشى مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بۇ تېما ماڭا تونۇش ئىدى، ئەمما يازغۇچىنىڭ بۇ تېمىنى شۇقەدەر كۈچلۈك ھاياتىي قۇدرەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىدىم. پوۋېست ئوقۇرمەننى تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن مىللىي تارىخ روھى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك رىۋايەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۈچ سەبىي دىلنىڭ بىر مەنىۋى دۇنياغا ئىنتىلىپ «يۈرەكتاغ» سەپىرىگە ئاتلانغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتە ھەربىر بالا ئۆزىگە خاس بالىلار خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. جاپالىق سەپەر، تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز چاقچاقلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى مۇقىمسىز كەيپىياتلىرىغا سەۋەب بولىدۇ. مىراۋۇش ئادەتتە مەھەللىدىكى تەڭتۇشلار ئىچىدە ئەڭ كۈچتۈڭگۈر، قورقۇمسىز، باتۇر، ھۆرمەتكە سازاۋەر بالا ئىدى. ئەمما چۆل دەھشەتلىرى ئۇلارنى جان ھەلقۇملىرىغا قىستىغاندا، مىراۋۇش تەبىئىي رەۋىشتە ئادەتتە كۆزگە ئىلمايدىغان، ئەمما تۇرمۇش ـ ھايات

تەجرىبىلىرىگە ھەممىدىن بەك پىششىق بولغان، ۋەھىمە سىناقلى-
رىدىن ئۆتەلىگەن تۇرەك «پىت» نىڭ ھىمايىسىگە ئۆتىدۇ. ئەل-
ۋەتتە ئىلدوسمۇ شەھەردە چوڭ بولغان بالا بولغىنى بىلەن بۇ
يىراق سەھرادىكى شاقۇرلۇق بالىلار ئىچىدە مىراۋۇشقا قول قو-
ياتتى. ئۇمۇ ھايات تەھلىكىسى ئالدىدا تۇرەك «پىت» نىڭ قەيسەر-
لىكىگە، تەدبىرلىكلىكىگە ۋە باتۇرلۇقىغا قايىل بولىدۇ. قاتتىق
چۆل قوينىغا دۇچ كەلگەندە مىراۋۇش بىلەن ئىلدوس خۇددى
مېكىيان چۈجىلىرىدەك تۇرەك «پىت» نىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى
ئاتىدۇ. ئادەتتە بالىلار كۆزگە ئىلمايدىغان تۇرەك «پىت» ئۇلار-
نىڭ كۆز ئالدىدا توساتتىن بىر زەبەردەس ھىمايىچىگە، يولباشچى
پاسىبانغا ئايلىنىدۇ. جان ھەلقۇمغا يەتكەندە ئۇلاردا نە يۇرەكتاغ-
نى كۆرۈش ئىستىكى، نە بالىلارغا خاس ھايات خۇشاللىقلىرى
قالمايدۇ. ئوقۇرمەن ئەسەرنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جېك
لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» ناملىق ئاجايىپ ئەسىرىدىكى كار-
تىنىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى،
ئاپتور بۇ بۆلەكتە خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاشماي-
دىغان ئۈچ ئوغۇل بالىنىڭ ئىچكى سېزىملىرىنى، مەنىۋى دۇنيا-
سىنى ناھايىتى چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە ئېچىپ تاشلايدۇ. ئەمما
مۇھىت كارتىنىسىنى بالىلارغا خاس بىغۇبار ساددا قىزىقارلىق
ھايات ئەمەلىيىتىدىن ئايرىپ تاشلىمايدۇ. بالىلارنىڭ روھىي
دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە تۇرەك «پىت» نىڭ جان ھەلقۇمىدىمۇ
يۇرەكتاغقا بېرىش ئىرادىسى ئوقۇرمەنگە ئىنسان خاراكتېرى-
دىكى زىددىيەتلىك ھايات ھەقىقەتلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشلار-
نى ئىنتايىن روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۈچ بالا
رېئال ئادەملەرگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئۈچ پېرسوناژ ئىچىدە
تۇرەك «پىت» نىڭ ئوبرازى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك روياپقا چىقى-
دۇ. قاراڭ، تۇرەك «پىت» نى بالىلار ئارىغا ئالمايدۇ. ئۇ كەپ-



سىز، ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدۇ. ئەمدىلا ئون ئىككى ياشقا كىر-
گەن تۇرۇقلۇق قىز بالىلارغىمۇ چاقچاق قىلىدۇ، ئىت تالاشتۇرى-
دۇ، تۇخۇم چېكىشىدۇ، توخۇ، كەپتەر، ئۈزۈم، قوغۇن ئوغرى-
لايدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۈزۈم، قوغۇن دېگەنلەر تولۇپ ياتسىمۇ
باشقىلارنىڭكىنى ئوغرىلاپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئۇ-
ياتلىق ئىشلارنى پەقەت تۇرەك «پىت» لا قىلىدۇ. شۇڭا بالىلار
ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بالىلار ئۇنىڭدىن قاچقانسېرى ئۇ
بالىلارغا پىتتەك چاپلىشىپلا يۈرىدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق بىر بالا
ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ قورقۇمسىزلىقى بى-
لەن مىراۋۇش ۋە ئىلدوسنىڭ قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن
ئالغاندا ئوقۇرمەن قەلبى لەرزىگە كېلىدۇ. ئېنىقكى، ئادەمنىڭ
مەنىۋى دۇنياسى شۇقەدەر مۇرەككەپ بارلىق. ھاياتنى ئىنچىكە
كۆزىتىشنى بىلگەن ئىقتىدارلىق قەلەم ساھىبلىرىلا ئۇنىڭ ئەنە
شۇنداق ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان كارتىنىلىرىنى
سىزىپ چىقالايدۇ.

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بابى «يۇرەكتاغ» ھەققىدىكى ئاجايىپ
سېھىرلىك رىۋايەتلەرگە بېغىشلانغان. بۇ رىۋايەت نەچچە مىڭ
يىللاردىن بۇيان خەلقىمىز ئىچىدە دەۋردىن - دەۋرگە، ئەۋلاد-
تىن - ئەۋلادقا، ئاتىدىن - بالىغا ئېيتىلىپ كەلگەن. گەنسۇنىڭ
سۇنەندىكى سېرىقئۇيغۇرلاردىن تارتىپ تاكى تەكلىماكان قىرغاق-
لىرىغىچە بولغان ھەممە ئۇيغۇرلار ئاشۇ بىر كىرورەن بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئەسكى بالىقلار ۋە قوۋملەر ھەققىدە رىۋايەتلەرنى
ئېيتىشىدۇ. سېرىقئۇيغۇرلارنىڭ «كۆچ - كۆچ» داستانىدا ئېيى-
تىلىشىچە ئۇلار ئەسلىدە شىجى - خاچى دەپ ئاتىلىدىغان چىلەن
تېغى (سېرىقئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىدا «يەتتە تاغ» دېيىلىدۇ)
نىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرلەردىن كۆچۈپ كەل-
گەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى شىجى - خاچى دېگەن

قەدىمىي ئەللەردە ياشىغانىكەن. ئۇلار ياشىغان شەھەرلەردە ئوغرى - يالغان، جىنايەت، ھەسەتخورلۇق، ئىشقىلىپ، ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مۇخالىپ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. خەلقى باياشات، تۇرمۇش پاراۋان ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ بوسۇغىسىنى ۋە ئىتلىرىغا يەم بېرىدىغان يالاقلىرىمۇ ئالتۇندىن ئىكەنتۇق. تەڭرى بۇرقانلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ ئالتۇندىن ئىكەنتۇق. . .

باياشاتلىق، توقچىلىق، ئادەملەرنى يارانقۇچىسىدىن يىراقلاشتۇرىدىكەن. كىشىلەر بېشىغا كۈن كەلگەندىلا تەڭرى بۇرقاننى يات ئېتىدىكەن. ئادەتتە ئۇنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. تەڭرى بۇرقاننى ئۇنتۇش كۈچىيىپ بارغاندىن كېيىن ئەلدە بىشايان ئىشلار، جىنايەتلىك قىلمىشلار باش كۆتۈرۈپتۇ. تەڭرى بۇرقان بەگقۇلبەگدەك بىر دانىشمەنگە بۇ ئادەملەر ئۈستىگە غەزەپ ياغدۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپتۇ. بۇ دانىشمەن قەبىلە ئاقساقىلى كىشىلەرنى يامان يولدىن توسۇپتۇ. ئەمما كىشىلەر يەنە خالىغىنىنى قىلىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ تەڭرى بۇرقاننىڭ غەزىپى تۇتۇپ توققۇز كېچە - كۈندۈز قاتتىق بوران چىقىرىپ، توپا ياغقۇزۇپتۇ. دانىشمەن قەبىلە ئاقساقىلى قەبىلىسىدىكىلەرگە ئېيتىپتۇ. ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرسە بۇ دەھشەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. بەزى كىشىلەر ئاقساقالغا ئەگىشىپتۇ، ئاقساقال قىرىق غۇلاچلىق خادىنى يەرگە تىكىپتۇ - دە، ئات - ئۇلاغ، مال چارۋا يېتەكلەپ ئاشۇ خادىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپتۇ. 40 غۇلاچلىق خادا نەچچە قېتىم كۆمۈلۈپ بوپتۇ. ھەر قېتىم كۆمۈلۈپ بولاي دېگەندە ئاقساقال بۇ خادىنى تارتىپ چىقىرىپ قويىدىكەن. يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىدىكەن. توققۇز كۈندىن كېيىن ئاسماندىن ياغقان قۇم توختاپتۇ. ئەمما پۈتۈن شىجى - خاچى قۇم ئاستىغا غەرق بوپتۇ. قەبىلە ئاقساقىلى قوۋم -



قېرىنداشلارنى باشلاپ، مۇڭلۇق «كۆچ - كۆچ» ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ ئەلمىساقتىن ياشاپ كەلگەن ئەزىز دىيارىدىن، ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھى ياتقان مازارلىرىدىن ئايرىلىپ كۈنتۇغمىشقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ. تەڭرى بۇرقان مىڭئۆيلىرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەرلەردە تەڭرى بۇرقاننى قايتا تونۇپ، گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپتۇ، ئاندىن ھاياتلىق ماكانى ئىزدەپ يەنە داۋاملىق كۈنتۇغمىش تەرەپكە مېڭىپتۇ. مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، بىر كۈنى مانا مۇشۇ يەتتە تاغ (چىلەن تېغى) باغرىغا كەلگەندە قەبىلە ئاقساقىلى توختاش پەرمانىنى بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يەتتە تاغنىڭ كۈنتۇغمىش تەرەپلىرىدە يۇلغۇن يوقمىش. ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئەزەلدىن يۇلغۇن يوق يەردە ياشىمىغانمىش. شۇڭا ئاقساقال يۇلغۇن يوق يەرگە بېرىشنى راۋا كۆرمەسمىش. . . شۇ چاغدا پادىلار ئىچىدىكى بىر قارا بۇقا كېلىپ ئالدى پۇتلىرى بىلەن يۇلغۇننىڭ تۈۋىنى تىلغاپتۇ. ئۇ يەردىن زۇمرەتتەك بۇلاقلار چەشمە بولۇپ ھەر تەرەپكە ئېقىپتۇ. بۇنىڭدىنمۇ مۇۋاپىق زېمىننىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار مانا شۇ يەتتە تاغ باغرىلىرىنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ قاپتۇ.

بۇ رىۋايەت موتىفى تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى ھەممىلا ئۇيغۇر ماكانلىرىدا، چەرچەندە، چاقىلىقتا، لوپلۇقلار ئىچىدە، كۇچادا، تۇرپاندا، پىچاندا ھەممىلا يەردە بار. رىۋايەتنىڭ باش قىسمى ئوخشاش، پەقەت ماكانلاشقان يەرلىرىدىلا پەرق بار. مەسىلەن ئالايلى، پىچان ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى دىغار، دالانكارىز يېزىلىرىدا بۈگۈنمۇ مويسىپىتلار مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ. . .

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ تەكلىماكاننىڭ ئىچىدىكى شەھرى كېتىك دەپ ئاتالغان بىر شەھەردە ياشاپ كەلگەنىكەن. بۇ شەھەر ئاجايىپ باياشات بىر شەھەر ئى-

كەن. ئوغرى ـ يالغان يوق ئىكەن، تىنگەن ئىنسان يوق ئىكەن،
ئاللانىڭ رەھمىتى تەگكەن بۇ ئەلنىڭ كىشىلىرى باياشاتلىق سەۋە-
بىدىن خۇدالىق دەۋاسى قىلىشقا ئۆتۈپتۇ. ئەقىدىدىن ياتلىشىپتۇ.
ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ، بۇ زېمىنگە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز
قۇم ياغقۇزۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر دانىشمەن بىر قىسىم كىشىلەرنى
باشلاپ خۇددى يۇقىرىقى رىۋايەتتىكىدەك خادا ئەتراپىنى ئايلىنىش
ئۇسۇلى بىلەن بىرمۇنچە كىشىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قاپتۇ.
بوسۇغىسى ئالتۇندىن، ئىتلىرىغا يەم بېرىدىغان ياالاقلىرى ئالتۇن-
دىن بولغان شەھرى كېتىك قۇم ئاستىدا قاپتۇ. ئامان قالغان
كىشىلەرنى ئاشۇ دانىشمەن يېتەكلەپ بۈگۈنكى لۇكچۇننىڭ ئاماد-
شا دېگەن يېرىگە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. «ئامانشا» دېگەن ئىسىم
ئامان قالغان شەھەرلىكلەر دېگەننىڭ قىسقارتىلمىسى ئىمىش.
كېيىن بۇ كىشىلەر كۆپىيىپ لۇكچۇن، ياڭقىر، تۇيۇق، سىر-
كىپ، لەمجىن، دالانكارىز ۋە دىغارلارغا كېڭەيگەنمىش. . .
شەھرى كېتىك زادى قەيەردۇر؟ دېگەن مەسىلە ئۇستىدە
كۆپ ئىزدەندىم. 2004 ـ يىلى مەن سۇنەن سىرىقئۇيغۇر ئاپتو-
نوم ناھىيىسىدىكى غەربىي سىرىقئۇيغۇرلار ئىچىدە يىغلاپ تۇرۇپ
ئېيتىلغان ئاشۇ مەزمۇندىكى «كۆچ ـ كۆچ» داستانلىرىنى ئاڭ-
لاپ، جەنۇبىي يىپەك يولى بىلەن مېڭىپ بېقىش ئىستىكىگە
كەلدىم. دوخان، ئاقسايچىندىن ئۆتۈپ كۆكنۇرنىڭ گېرمو، خۇا-
توگو دېگەن يەرلىرىدىن ئالتۇنتاغ ئىچىگە كىردىم، ئاندىن چاقد-
لىقنىڭ مىرەنگە چۈشتۇم. مىرەندىن تارىمغا كىرىپ لوپنۇرغا
كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بۇ رىۋايەتنى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلى-
دىم. لوپنۇرغا كەلگەندە لوپنۇر ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش
ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونىر كادىرى ئىسمايىل ئاكا بىلەن تونۇش-
تۇم. بۇ كىشى دەل 1900 ـ يىلى سۋېن ھېدىنغا يول باشلاپ
قەدىمكى كرورەن شەھرىنى كۆرسىتىپ قويغان ئوسمان (لەقد-



مى «ئۆردەك») دېگەن كىشىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئېيى-
تىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئوسمان دېگەن كىشى دادد-
سى بىلەن تەكلىماكان جاڭگاللىرىدا ئوۋچىلىق قىلاتتىكەن. بىر
قېتىم ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئوۋچىلىق قىلىپ جاڭگالنىڭ
ئىچكىرىسىگىچە ئۇزاپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا قەدىمىي بىر شەھەر-
نىڭ خارابىسىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۆي ئىزلىرى بەزى
ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ساقلىنىپ قالغانىكەن. ئوسمان بوۋايغا
ئاتىسى بۇ شەھەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ
ئۆتكەن قەدىمىي شەھەر ھەققىدىكى رىۋايەتنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.
1900 ـ يىلى سۋېن ھېدىن بۇ يەرگە كەلگەندە ئوسمان بوۋاي
بىلەن ئۇچرىشىپ قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىنى ۋە قەدىمىي تاش-
لاندۇق نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوسمان بوۋاي
بۇ پەرەڭنى باشلاپ ئۇدۇللا كرورەن شەھىرىگە بېرىپتۇ. مانا بۇ
قەدىمىي كرورەن شەھىرىنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا تۇنجى بىلىنىشى
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. . .
مەن بۇ يەردە شۇنى دېمەكچىمەنكى، يازغۇچى مۇھەممەت
باغراش «يۇرەكتاغ» پوۋېستىنى يۇرتىمىزنىڭ ۋە ئەجدادىمىزنىڭ
نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي كەچمىشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق
بولغان ئەنە شۇنداق ھاياتىي كۈچكە ئىگە تارىخىي سىيمالار ۋە
تارىخىي رىۋايەتلەر بىلەن باغلايدۇ. ناھايەت، ئۇ بۇ پوۋېستىنىڭ
تېماتىكا چوڭقۇرلۇقىنى تېخىمۇ زور كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ تېندىنسىيىسى مول تارىخىي كارتىنىلار
بىلەن ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان بەدىئىي ۋە تارىخىي
ھېكمەتلەر سەھىپىسىدە قايتا جىلۋىلىنىدۇ. بۈگۈن بەزى يازغۇ-
چىلىرىمىزنىڭ قەلىمىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە بەزى قىممەت-
لىك موتىفلار يېڭىچە ھاياتىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. مۇ-
ھەممەت باغراشنىڭ پوۋېست ئىجادىيەتلىرىدىن ئۇنىڭمۇ مۇشۇ

نۇقتىلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسلىمۇ بۇگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز ناھايىتى زور بەدىئىي ئىجادىي قىممەت تاپىدىغان چەكسىز مۇنبەت بوز دەل مۇشۇ ئىدى. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يازغۇچى مۇھەممەت باغراش مۇشۇ نۇقتا ھەققىدە ئىزدەنگەندە ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى تارىخىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدىغان رىۋايەتلەرنى تاللىۋېلىپ بۇ رىۋايەتلەرنىڭ شەكلىگە قارىغاندىمۇ مەزمۇنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن ئەھمىيەت بەردى. بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى ئۇچۇن ئېيتقاندا بۇ ئارتقۇرۇشقا تېگىشلىك مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

پوۋېستنىڭ ئۇچىنچى بابىدا يازغۇچى چېكىنمە بايان بىلەن بۇ ئۇچ سەپەرداشنىڭ بىر ئاجايىپ گۈزەل ئىستەكتە يۇرەكتاغ سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرىكى مەنىۋى دۇنيالىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. يازغۇچى بۇ بۆلەكتە شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىلدوسنى سۈژىت لىنىيىسىنىڭ مەركىزى قىلىپ تۇرۇپ بىر ھېكايە قۇرۇلمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇرىدۇ. ئىلدوس شاقۇرنى، شاقۇرلۇقلارنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر تۇپ دەرەخ، ھەربىر تاغ، ھەربىر ئېرىق سۇ، ھەربىر تام ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىگە ئىشىنىدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ بىغۇبار باللارغا خاس قەلبى شەھەردە تاپقىلى بولمايدىغان چەكسىز مەنىۋى سەينالاردا يايرايدۇ. شۇنداق «. . . شەھەردە ئۇنداق رىۋايەت ـ چۆچەكلەر يوق، بار دېيىلگەندىمۇ پەقەت كىتابلاردىلا بار. شەھەرلىكلەر ئۆزلىرى توغرىسىدا، ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان يەر توغرىسىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرى توغرىسىدا ناھايىتى ئاز ئويلامدىكىن؟ ياق، زادىلا ئويلىمايدۇ. راست ئەمەسمۇ، مانا ئىلدوس ئون ئىككى ياشلىق يىگىت بولۇپ قالغۇچە ھېچكىم ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ ھېكايە ـ چۆچەك، رىۋايەت ئېيتىپ بەرمىدىغۇ! ھەتتا دادىسىمۇ!



دادىسىنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت خىزمەت، ئىدارە، ئەمەل، ئولتۇرۇش. . . ئاپىسىچۇ؟ ئاپىسى تېخىمۇ بىلمەيدۇ، ئاپىسى پەقەت ‹ياخشى ئوقۇ، كەلگۈسىدە ئالىم بول، يازغۇچى بول!›، ‹تامىقىڭنى ۋاقتىدا يېگىن›، ‹قولۇڭنى مەينەت قىلما›، ‹كىيىمىڭنى پاكىز ۋە رەتلىك كىيگىن!›، ‹ئاپتاپتا ئوينىما، قارىداپ كېتىسەن›، ‹تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟. . .› دېيىشنىلا بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن ھالقا، نوركا پەلتو، قاتارچاي، ئۇنىڭ تويى، بۇنىڭ تويى. . .»

ئىلدوسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شەھەردىكى مۇشۇ ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمىدا ھەر كۇنى بىرلا خىل ھايات رىتىمى بىلەن ياشاۋېرىدۇ. ئۇلار ھېكايە ـ رىۋايەت تۇرماق يېزىدىكى ئاتا ـ ئانىسى ھەققىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئويلايدۇ. پەقەت يېزىسىدىكى مېۋىلەر پىشقاندىلا ئۇلارنى ئاندا ـ ساندا ئەسكە ئېلىپ قويىدۇ. سەبىي دىلىنىڭ قەلبىدە بۇ تۇزكورلۇقلار، بۇ مۇناپىقلىقلار، بۇ تىنىگەندىلىكلەرگە غەليان كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا ئۇ يېزىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىلدوسنىڭ قەلبىدىكى شاقۇرلۇقلار ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارنى ـ كۆكسى كەڭ، بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ۋە سادىق، غەيۋەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. جەڭگى ـ جېدەل قىلىشمايدۇ. ئۇلار ھەرقانداق يېمەكلىكنى ھۇزۇر بىلەن يەيدۇ، شۇكرى قىلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئىسراپخورلۇقتىن پۈتمەس خورلۇق ۋە گۇناھ ھېس قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچىلا ھېكايە، رىۋايەت، قوشاقلارنى ئېيتالايدۇ. . . بۇ ھال ئىلدوسنىڭ قەلبىدە سەھراغا بولغان چەكسىز مۇھەببەتنى شەھەردىن زېرىكىش تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتىدۇ. پوۋېستنىڭ ئۇچىنچى بابى مانا شۇنداق رېئال ھايات ھەققەتلىرى ئالدىدا سەبىي بىغۇبار قەلب ئىگىسىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ساپ ئىنتىراپلار، پاكىز ـ گۈزەل

سەزگۈلەر، بارلىق گۈزەللىك ۋە ئىزگۈلۈكلەرنىڭ ئويغانغانلىقد-
نى مۇكەممەل سۈژىت بىلەن ئەڭ ئىخچام شەكىلدە ھېكايە
قىلىدۇ.

تۆتىنچى بابتا يازغۇچى ھېكايە ۋەقەلىكىنى بىرىنچى بابتىكى
ھېكايە سۈژىتىغا ئۇلايدۇ. بۇ باب يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ
ئۈچ بالىنىڭ چۆل دەھشىتى ئالدىدىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرى
بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەسىرلىك، كونكرېت ۋە
ئوبرازلىق تەسۋىرلەيدۇ. پوۋېستنىڭ بەشىنچى بابى ئەمەلىيەتتە
تۆتىنچى بابنىڭ ئۇلانمىسى ياكى داۋامى بولۇپ، دەل مۇشۇ باب
ئوقۇرمەنگە جېك لوندوننىڭ «ھاياتقا مۇھەببەت» ناملىق ھېكايد-
سىدىكى ئىككى پېرسوناژنىڭ ئۆلۈمگە قارشى كۈرىشىنى، ھاياتد-
لىق ئۈچۈن تىركىشىش كارتىنىسىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ھېكايىدە
«مەن» ھاياتلىق ئۈچۈن ھەممىدىن، 15 قاداق ئېغىرلىقتىكى
كېپەك ئالتۇندىن ۋاز كەچتى. «مەن» نىڭ دوستى بىل بولسا جان
تەھلىكىسى ئالدىدا ئۆزىنىڭ جانجىگەر دوستىنىمۇ تاشلاپ، ئۆز
بېشىلا ئېلىپ قاچتى. «يۈرەكتاغ» پوۋېستىنىڭ بەشىنچى بابىد-
مۇ ئەنە شۇنداق جان تەھلىكىسى ئالدىدا ئۈچ سەبىي جان ھەسرەت-
لەر چېكىشىدۇ، پۈتمەس پۇشايمانلار قىلىشىدۇ. ئەمما «ھاياتقا
مۇھەببەت» تىن پەرق قىلىدىغان يېرى شۇكى، بۇ ئۈچ دوست
بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرى ئۆلگەندىمۇ بىرگە
ئۆلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ «ھاياتقا مۇھەببەت» ھېكايىسىدىكى ئىك-
كى سەپەرداش نەپسىنىڭ قۇلى ئىدى، ئۇلار پۈتمەس بايلىققا
ئېرىشمەكچى ئىدى. ھالبۇكى ئۆلۈم ساھىلى ئۇلارغا قۇچاق ئاچ-
قاندا، بايلىقنىمۇ قىممەتلىك نەرسە ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم
بولىدۇ - دە، بىل ئۆلۈم دەشتىگە ئەڭ يېقىن دوستىنىمۇ تاشلاپ
كېتىپ قالىدۇ. ئۇلار مىسكان دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش
ئېغىزىغا بېرىۋالسىلا ھاياتنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى



بىلىشىدۇ. بىلىش لازىمكى بايلىقنىڭ قۇلى بولغان قەلبتە ياۋۇز-
لۇق ۋە شەخسىيەتچىلىك ھۆكۈمران بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق قەلب
ئىگىلىرىدە مېھرىبانلىق سۆيگۈ ۋە ساداقەت بولمايدۇ. «يۈرەك-
تاغ» پوۋېستىدىكى ئۈچ سەبىي، كىرسىز قەلب ئەجدادىنىڭ
ئەقىدىسىنى، ئەجدادىنىڭ ئۆلمەس روھىنى، قىسقىسى، بىر
يۈكسەك غايىۋى ئېتىقادنى ئۆزلىرىنىڭ مەنزىلى قىلغاندۇر. ئې-
تىقاد، سۆيگۈ ۋە ساداقەتنىڭ تەڭسىز قۇدرىتى دەل مانا شۇ
يەردە. بۇ ئۈچەيلەنمۇ ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا قورقىتى، ئەمما
بىر - بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلمىدى، بەلكى جان ھەلقۇمىغا يەت-
كەندىمۇ ئۇلار ئۇيۇل تاشتەك بىر گەۋدە بولدى. چۈنكى ھايات
قىممەت، ھاياتتىنمۇ مۇھەببەت قىممەت ئىدى...

پوۋېستنىڭ بەشىنچى بابى ئوقۇرمەنگە بۇ ھايات ھەقىقىتىنى
ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن قايتا ئۇقتۇرۇپ، بۇ
ھېكمەتنى يەنە بىر قېتىم پۈتمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.
بۇ سەھىپىدە يازغۇچى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئېچىپ
بېرىشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بولۇپمۇ تۆرەك «پىت» نىڭ
يېزا بالىلىرىغا خاس قورقماس ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ
كەلگەندە تەدبىر ئىزدەيدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاكى ئۇنىڭ
روھىي دۇنياسىغىچە ناھايىتى ئىنچىكە قەلەمگە ئېلىنىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئوقۇرمەن كۆز ئالدىدا بۇ ئۈچ بالىنىڭ ئۆزىگە خاس
خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى ۋە ئوبرازلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللد-
شىدۇ.

پوۋېستنىڭ ئالتىنچى بابىدا نارىش بوۋاي، دانى ياغچى باش-
چىلىق شاقۇرلۇقلار قەدىمىي قۇم بارخانلىرى ئىچىدىن ئۈچ بالد-
نىڭ جەسىتىنى تاپىدۇ. پۈتۈن شاقۇرلۇقلار چەكسىز ھەسرەت
ۋە قايغۇغا پاتىدۇ. ئېغىر مۇسىبەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتەي-
دۇ، يۈرەكلىرىنى تىترىتىدۇ. قۇملۇقتا ئېغىر سۈكۈت ھۆكۈم

سۇرىدۇ. پەقەت نارىش بوۋايدىن باشقىلىرى بۇ ئۈچ سەبىي دىل-
نىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان بىر ئىشنى قىلىپ
قويغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ بەڭباشلىقىغا، ئۇلارنىڭ «كۆچ - كۆچ»
رىۋايىتىنى تولا ئاڭلاپ، مۇشۇ «قۇرۇق گەپ» كە ئىشىنىپ مۇشۇ
ئاقىۋەتكە دۇچار بولغانلىقىنى كۆڭۈللىرىدە ئەيىبلىشىدۇ. ئەمما
نارىش بوۋاي ئۇنداق قارىمايدۇ. نارىش بوۋايچە بولغاندا بۇ ئۈچ
سەبىي جاننىڭ ئۆلۈمى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئۆلۈم ئىدى.
كىشىلەر ئاتا - بوۋىلىرىدىن تايماقتا. بۇ باللار ئەنە شۇ ئاتا -
بوۋىلىرىنى، ئەجدادلىرىنى ياد ئېتىپ تېخى جىق ئادەملەر ئويلى-
مىغاننى ئويلاپ، مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بوپتۇ. نارىش بوۋاي
يەنە مۇنداق ئويلايدۇ: «. . . بۇ باللار ئەجدادلىرىنى ياد ئې-
تىپ، بىز ئويلىمىغاننى ئويلاپ مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار بوپتۇ!
بۇنىڭ گۇناھى كىمدە؟ ئاتا - بوۋىسىنى ياد ئېتىپ، بېلىنى
باغلاپ چىققان مۇشۇ ئۈچ ئوغۇل بالىدىمۇ ياكى ئاتا - بوۋىلىرى-
مىزدىن، ئۇلارنىڭ روھىدىن يۈز ئۆرۈپ، بىر بۇردا ناننىڭ قۇلى
بولۇپ، تىرىكچىلىك غوۋغاسىدا ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويغان بىز-
دىمۇ؟ بىزمۇ مۇشۇ باللاردەك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى ياد ئېتىپ
تۇرغان بولساق، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ يۇرتىدىن بىنا بولغان ‹ يۇ-
رەكتاغ › نى تاشلىۋەتمەي تاۋاپ قىلىپ تۇرغان بولساق، مۇشۇ
باللارنى ماۋۇ ئۇلۇغ بوۋاڭنىڭ، مۇنۇسى ئۇلۇغ موماڭنىڭ ياتقان
يېرى بولىدۇ، دەپ پات - پات ‹ يۈرەكتاغ › قا ئۆزىمىز بىلەن
بىللە ئاپىرىپ تۇرغان بولساق بۇ باللار بۈگۈنكى قىسمەتكە دۇچار
بولامتى؟ . . . » مانا بۇ جىقنى كۆرگەن، ھەممىنى ئويلىيالايدى-
غان قوۋمنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقان
دانىشمەن نارىش بوۋاينىڭ ئويلىغانلىرى ئىدى. يازغۇچى بۇ بابتا
نۇقتىلىق ھالدا مىللىي ئەقىدە، مىللىي روھ، مىللىي ئەخلاق
ۋە مىللىي مەدەنىيەتتىكى يىمىرىلىش ھادىسىلىرىگە دەھشەتلىك



ئوت ئېچىپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە
قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە بەدىئىي ھې-
كايەت يولى بىلەن تولىمۇ يارقىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ
سەھىپىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئەقىللىق كىتابخان ئۆز مىل-
لىتىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلارغا پاتماي قالمايدۇ.
مەزكۇر سەھىپىدە يازغۇچى يەنە ماھىرلىق بىلەن تىك ئۇچار
ئايروپىلان ۋە ماشىنىدا «يۈرەكتاغ» قا بېرىپ ئەجدادلارنىڭ قەدى-
مىي قەبرىلىرىنى قېزىۋاتقان ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئېپى-
زوتىنى قوشىدۇ. ئۇلار ئاللىبۇرۇن كۆرۈكلەئىنەنىڭ جەستىنى
يۈرەكتاغدىن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇ ھال نارىش
بوۋاينىڭ يۈرىكىگە شەمشەر ئۇرغاندەك چەكسىز ئازابلارغا مۇپتىلا
بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بوۋاينىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىدۇ. رو-
ھىيىتى خورلۇق ھېس قىلىدۇ. ئەجدادلىرىنىڭ دەقيانۇسنىڭ
زامانىسىدىن تىنچ - ئامان كېلىۋاتقان تۇپراق باشلىرى مانا ئەمدى
ۋەيران قىلىنىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا نارىش بوۋاي: «كۆرۈكلە-
ئىنەمنىڭ گۆرىنى ئېچىشىپ، ئۇستىخانلىرىنى ئېلىپ كېتىشىپ-
تۇ، ئەتە بەگقۇلبەگ ئاتىنىمۇ شۇنداق قىلغۇدەك! ئەمدى كىمگە
تېۋىنىمىز! ئەمدى كىمگە سېغىنىمىز! كىم گۇناھكار؟ مانا
بىز — مۇشۇ تۇرغانلار، مۇشۇ چوڭلار! بىزنى شۇ تاپتا ‹ ئاسىي ›
دېسىمۇ، ‹ گۇمراھ › دېسىمۇ ئىشقىلىپ نېمىلا دېسە ئەرزىيدۇ!
ئەلھۆكمىللا، دەپ بېشىمىزنى سېلىپ تۇرماقتىن ئۆزگە ھېچقان-
داق سەۋەب - باھانىمىز يوق! گۇناھىمىز ئۈچۈن يۈزىمىز قىزار-
سۇن! ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنىڭ ئالدىدا، « ‹ يۈرەكتاغ ›
نىڭ ئالدىدا، مۇشۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ يۈزىمىز
قارا! . . . » نارىش بوۋاينىڭ بوغۇلۇپ ئېسەدەپ تۇرۇپ قىلغان
بۇ ئازابلىق خىتابى ئوقۇرمەنگە تەبىئىي رەۋىشتە «بىلگە خاقان»
ۋە «كۆلتېكىن» مەڭگۈ تاشلىرىدىكى كۆلتېكىن ۋە بىلگە خاقان-

نىڭ خەلققە قىلغان ھەسرەتلىك خىتابىنى ئەسلىتىدۇ. نارىش بوۋاي مۇشۇ ھەسرەتلىك نىدادىن كېيىن ھارۋىسىنى كەينىگە بۇراپ بۇ ئۈچ نارەسىدىنى ئەنە شۇ ئەجدادلىرىنىڭ يۈرىكىدىن پۈتكەن «يۈرەكتاغ» نىڭ قۇچىقىغا دەپنە قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. نەق مۇشۇ ھايات كارتىنىسى ئوقۇرمەننى ئاجايىپ بىر روھ دۇنياسىغا، ئۆز خەلقىنى قايتا چۈشىنىش پاسىلىغا باشلاپ بارىدۇ.

«يۈرەكتاغ» پوۋېستى مانا شۇنداق كەڭ ھايات كارتىنىسىنى، مىللىي مەنىۋى دۇنيانى ئالتە بابتىن تەشكىل تاپقان بىر ئىخچام ھېكايەت سۇژىتى ئۈستىگە يۈكلەپ ئەسەرنىڭ مەزمۇن سىغىمچانلىقىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا «يۈرەكتاغ» پوۋېستى ھەقىقەتەن مۇنەۋۋەر ئىجادىي ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر. يازغۇچى مۇھەممەت باغراش پوۋېستلىرىدا ئاپتورنىڭ مۇھاكىمىلىق بايانى ئاساسىي يېزىش ئىستىلىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. ھېكايەت سۇژىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن يەنە بۇ ئىككى تەرەپ بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئىدىيىسىنى ھېكايەتنىڭ ھەربىر ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە تولۇق سىڭدۈرۈش ئىزچىللىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئىستىكىنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال يازغۇچى ئىجادىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىي يولنى شەكىللەندۈرگەن. «يۈرەكتاغ» پوۋېستى يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ مۇشۇ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرغان ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پروزا ئەسەرلىرىدە مۇئەللىپنىڭ مۇھاكىمىلىق بايانى ياكى مونولوگ بەك كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ كەتسە ئوقۇرمەنگە گاھىدا مۇھاكىمە ماقالىلىرىدەك تۇيغۇ بېرىپ، بەزى سەھىپىلەردىن زېرىكىش كەيپىياتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇژىتلىق ئەسەرلەردە مۇئەللىپ مۇھاكىمىسىنى تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە ھايات ھەقىقىتىنىڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىش ئاقىلانىلىقتۇر. چۈنكى ئىقتىدارلىق يازغۇچىلار ھېچ نەرسە دېمەي تۇرۇپمۇ ئوقۇرمەننىڭ قەلبىگە نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى تىۋشسىز قويۇپ قويالايدۇ. مەن يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىدىكى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

2006 ـ يىل 26 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

# پاكىز سەھرانىڭ بىغۇبار ناخشىسى

سەھرا بىر ناخشا. . .

شۇنداق، سەھرا ئۇ ئېيتسا ـ ئېيتسا تۈگىمەيدىغان بىر
ناخشا. ساددا، بىغۇبار سەھرانىڭ ھەربىر پەسلى، ھەربىر كۈنى،
ھەربىر كېچىسى، ھەربىر تېڭى ھەقىقىي شائىر قەلبىنى بىئىخ-
تىيار لەرزىگە سالىدىغان كۈچلۈك قۇدرەتكە ئىگە ناخشا! سەھرا-
دىكى بىغۇبار قەلب ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارمۇ ساددا، شۇقەدەر مېھرى-
بان، شۇقەدەر مۆمىن، شۇقەدەر ئېتىقادچان. بىلسەڭ بۇ تېخىمۇ
قالتىس سىمفونىيە. . . سەنئەتنىڭ بۇنداق ھاياتىي كۈچىنى زاما-
نىۋى شەھەر ئادىمى ھېس قىلمايدۇ. ھېس قىلسىمۇ ئۇلارغا بۇ
قۇدرەتلىك كۈچ تەسىر قىلالمايدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ
قەلبلىرىدە ئېتىقادنىڭ ھاياتىي كۈچى سۇسلاشقان، كىشلىك
مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىي مېھرىبانلىق دەرەخلىرىنىڭ يىلتىزلىرى
قۇرۇشقا باشلىغان. ئىنسان بالىسى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەقىقىي
ئېتىقادىنى قانچە تېز تېپىۋالسا ئىدى، زەھەرلىك خورەكلىرىدىن
شۇنچە تېز ئويغىنىپ، مېھرىبانلىق بۇلاقلىرىدا ئۆز تەشنالىقلى-
رىنى شۇنچە تېز قاندۇرار ئىدى. يېتۈك پەيلاسوپ، كامالەتكە
يەتكەن شائىر ئەلىشىر نەۋائى بۇ خۇسۇستا ئۆز تەلقىنلىرىدە
مۇنداق دەيدۇ:

كىمكى جەھان ئەھلىدە ئىنسان ئېرۇر،
بىلكى نىشانى ئاڭا ئىمان ئېرۇر.

مانا، شۇنى بىلگىنكى دەيدۇ نەۋائى: جاھان ئەھلى ئىچىدە



ئىنسان بارمۇ؟ بار دېيىلسە شۇ ئىنساندا ئەڭ ئاۋۋال ئېتىقاد
«ئىمان» بولۇشى كېرەك. ساددا قەلب ئىگىلىرىدە ئىمان (ئېتىد-
قاد) بار. ئۇلار ئىنسانلار، ئۇلار ئادەملەر توپى ئىچىدىكى ياخشى-
لار. تېماتىك گۈزەللىك، پاكىز سەنئەت مانا شۇلارغا تالىق.

ھايات گويا سەھنە مەن ئۇچۇن،
ياڭرىتىمەن ئۇندا ناخشىلار.
كۈيلىرىمگە تېما گۈزەللىك،
كۈيلىرىمگە تېما ياخشىلار.

(«ھايات گويا سەھنە مەن ئۇچۇن» دىن)

ھايات سەھنىسى. شائىر بۇ سەھنىدە بىر ناخشىچى. ئۇ،
ئەمدى تۈگىمەس كۈيلىرىنى گۈزەللىك تېمىسىغا ئاتىدى. بۇ تېما
ھاياتىي گۈزەللىكلەر تېمىسى — ياخشىلار مەدھىيىسى تېمىسى
ئىدى. ياخشىلارنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشىلارنىڭ تۈگىمەس ئىل-
ھام بۇلىقى، تەڭداشسىز مەنبەسى ئۇلۇغ ئانا. ئانا ئۇلۇغ!
راست، ئانا بەك ئۇلۇغ! نېمىشقا؟ ئۇنىڭ توققۇز ئاي توققۇز كۈن
قورساق كۆتۈرۈپ، بىزنى ھاياتلىق ئالىمىگە تەۋەللۇت قىلغانلىقى
ئۈچۈنمۇ؟ ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ئاپئاق سۈتىنى بىزگە ئايانماي بېرىپ
چوڭ قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بولمىسا بىۋاقىت تاشلانغان
ياۋۇز چاڭگالدىن بىزنى ھىمايە قىلىپ قاتارغا قوشقانلىقى ئۈچۈن-
مۇ؟ ۋە ياكى بولمىسا ئۇنىڭ تۈن ـ تۈنلەپ بىز ئۈچۈن كىرپىك
قاقمىغانلىقى سەۋەبلىكمۇ؟ . . . ياق ـ ياق، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى
بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس. بۇنداق دېسەم چۆچۈمە، تەپتىش بىلەن
قارىما. چۈنكى دۇنيادىكى باشقا ھايۋانلارمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئاپى-
رىدە بولغان پۇشتىغا ئەنە شۇنداق شەكىلدە كۆيۈنىدىغۇ، ئاخىر؟!
ئۇنداق بولسا بىزنىڭ (ئىنسانلارنىڭ) ئانىلىرىمىز بىلەن ئاشۇ
ھايۋانلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ سىنىكچە ھېچبىر پەرقى يوقمۇ؟ . . .

بار، ئەلۋەتتە تولىمۇ روشەن پەرقى بار. بىزنىڭ ئانىلىرىمىز بىزگە تولىمۇ قىممەتلىك مەنىۋى ئەڭگۈشتەرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئەڭگۈشتەر نېمە دەمسەن، ساڭا دېسەم ئۇ مېھرىبانلىق، ئۇ ئەقىل، ئۇ ئېتىقاد!

قارا، مۇشۇ نۇقتىدىن ئانا ھەقىقىي بىر ھېكمەت، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تاغدەك ھېكمەت بىلەن تولغان:

تاغ دېگۈم بار سېنى جان ئانا،
ۋۇجۇدۇڭدا تاغدەك قۇۋۋەت بار.
سەن ياشىسەن تاغلاردىن ئۇزاق،
ۋۇجۇدۇڭدا تاغدەك ھېكمەت بار.

(«جان ئانا» دىن)

بۇ ھېكمەت تاغدىن ئۇزاق ياشايدۇ، ئېتىقادلىق پەرزەنتلا بولىدىكەن بۇ ھېكمەت مەڭگۈ ياشنايدۇ.

ئەسلىي مەنىسى بىلەن چىن ئىنسان بولماق نەقەدەر قىيىن ئۆتكەل ـ ھە! نەۋائى تەلقىنلىرىدە ئىنسانغا بېرىلگەن مىزان تولىمۇ يۇقىرى، تولىمۇ يۈكسەك. قارا، ئەلىشىر نەۋائى «ھەيراتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ يىگىرمىنچى مەقالاتىدا مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ: ئاجايىپ سەلتەنەتلىك شاھىنشاھ خىسرەۋى ساھىب كەرەم بىر كۈنى كەچلىك تاماقتا ئىشتىھا بىلەن ئولتۇرىدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى ئۇنىڭغا ھەمداستىخان بولدى. ئولىغان قۇل ئاڭا پايپېتەك ئىدى. شۇ چاغدا پادىشاھقا تائام ئەكېلىۋاتقان بىر قۇل دىققەتسىزلىكتىن تېيىلىپ كېتىپ قولىدىكى قىزىق ئاشنى پادىشاھنىڭ بېشىغا تۆكۈپ سالدى. ئايھات، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق... ئەھۋالغا شاھىت پۈتۈن سورۇن ئەھلى مەزكۇر قۇلنى ئۆلۈمگە مەھكۇم دەپ ھېسابلىدى. جاللاتلار ھەم تەق بولۇپ پادىشاھنىڭ ئەمرىنى كۈتتى. ۋەزىرلەر، قۇللار كېلىپ



پادىشاھنىڭ باش ـ كۆزىنى سۈرتۈشتى. ئۆلۈمگە مەھكۇم قۇل بولسا لاغىلداپ تىترەيتتى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتارغان، كۆزلىرىدىن ھاياتلىق نۇرلىرى تامام ئۆچكەنىدى. شاھ قۇلغا بىر قارىدى ـ دە، ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان ۋەزىرلەر بۇ قۇلنى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماي، ئەكسىچە ئازاد قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شاھتىن تەھقىقلەپ سورىدى. شاھ دېدىكى، قاراڭلار ئۇنىڭ ھالىغا، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلدى. ئەمدى ئۆلۈككە يەنە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىش دۇنيادا قانچىلىك نامەردلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟

ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە نەۋائى شاھقا مۇراجىئەتنى باشلايدۇ. «ساقىي، ئەمدى قۇي شادلىق مەيگىنى، بىر ئىنسان ئىنسانلار توپىغا قېتىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەستە ـ مۇزتەغرەق بولاي...»

شاھىنشاھ خىسرەۋى ساھىب كەرەم شۇنچىلىك سەلتەنەتلىك تەخت ۋە تاجىغا مۇيەسسەركى، ئەمما ئۇ ئىنسانلار مەملىكىتىدە ھېچقانداق ئورۇنغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇ قۇلنى ئازاد قىلغانلىق پەزىلىتى بىلەن مەزكۇر مەملىكەت تۇپرىقىغا قەدەم باسالىدى.

قارا، بۇ نېمىدېگەن قالتىس ھېكمەت.

بىز ئانىلارنى مەدھىيىلەپ تالاي ـ تالاي شېئىرلارنى يازدۇق، ئەمما بىز ئانىلارنىڭ ھەقىقىي ئىنساننى تۇغقانلىقى بىلەن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئانىلارنى ھەم شۇنداق مەدھىيىلىدۇق، ئەمما بىز ئاتىلارنىڭ ئاشۇ ئىنساننى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق.

پەزىلەتنىڭ مەكتىپىدۇر ئاتىلار،
ئىنسانلارغا قەدىر بەرگەن، نۇر بەرگەن.

شان ـ تۆھپىسى ئاسمىنىدا تارىخنىڭ،
چاقنار مەڭگۈ قۇياش كەبى نۇر تۆككەن.

(«ئاتىلار» دىن)

راست، ئاتىلار پەزىلەتنىڭ مەكتىپى، تالاي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى بىز ئۇلاردىن ئۆگەنگەن. ئاددىيسى ھالال، ۋىجدانەن ياشاشنى، مېھنەتلىك تۇرمۇشنى بىز ئۇلاردىن ئۆگەنگەن. ھايات سوققىلىرىغا ئۇرۇلغاندىمۇ تەۋرەنمەيدىغان ئىرادىنى ھەم بىز شۇ مەكتەپتىن ئۆگەنگەن:

كۆك ئاسمانچە بار كۆڭلىنىڭ كەڭلىكى،
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى ھېكمەتنىڭ.
قان ئۇقچۇغان تومۇرىدا ھەر دائىم،
ياڭراپ تۇرار كۈي ـ سازلىرى مېھنەتنىڭ.

(«ئاتىلار» دىن)

ياش شائىر ھەبىبۇللا رەجەپ قايناق ئۇيغۇر يېزىسىدا، قويۇق ئۇيغۇر مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ 1986 ـ يىلى شېئىرىيەت سېپىمىزگە ئۆزگىچە سالماق قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىدا پىكىر خاسلىقى، قۇرۇلما ئۆزگىچىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلەرنى ئانا سەھرا ئۇنىڭغا بەخش ئەتكەن. سەھرا پاكىزلىق ۋە تەبىئىيلىككە تويۇنغان. پاكىزلىق ۋە تەبىئىيلىكنىڭ ئۆزى سەنئەتتۇر. شائىر ھەبىبۇللا رەجەپ بىز يۇقىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتكەن چىن ئىنسان ئۇستىدە توختالغاندا مۇنداق تەبىئىي پىكىرلەرنى تىزىدۇ:



چىن ئىنسان بولۇشنىڭ يولى جاپالىق،
گەر گېزى كەلگەندە كەچكىن جېنىڭدىن.
ئەل بىلەن ياشايسەن مەڭگۈگە بىللە،
گۈل ـ چېچەك ئېچىلسا ئۆمۈر ئىزىڭدىن.

(«گۈل ئۇنسۇن ئۆمۈر ئىزىڭدىن» دىن)

شائىرغا سەھرادا ئەڭ ئاۋۋال مېھنەتكەش دېھقان شېئىرىي پىكىر بەردى. شائىر قەلبىدە ئەسلىدە پىنھان ياتقان تۇيغۇ دېھقان بەرگەن پىكىر ئەۋجىدە لەرزىگە كەلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىدىن مانا مۇنداق تەبىئىي مىسرالار قەغەز بېتىگە چۈشتى:

تەبىئەت تەختى ئۆزرە شاھىنشاھسەن،
چىمەنلىك ئېتىز ـ قىرلار سېنىڭ ئورداڭ.
تۈگىمەس خەزىنەڭدۇر چىلان تۇپراق،
چاھارباغ بولۇر ئەجرىڭ بىلەن شورتاڭ.

(«دېھقانغا» دىن)

شائىرنىڭ مەزكۇر ناخشىسىدىكى بۇ تەبىئىيلىكنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ناخشىسى پاكىز، بىغۇبار روھنىڭ ناخشىسى. تەبىئىيلىكتىن، بىغۇبارلىقتىن ماغدۇر تاپقان روھ كۆمۈلمەيدىغان، ساغلام، ساپ روھتۇر. بۇنداق روھ شائىرغا ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغاندا شائىر پاسىلسىز لىرىك ھېكمەت مۇلكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ.

ھاياتىم ئىشىكىنى چېكىدۇ ئەجەل،
كۆمۈلگەن قەدرىمنى تاپقۇچە شۇنداق.

زۇلمەتلىك لەھەتكە بولسامۇ مەھكۇم،
روھىمنىڭ ناخشىسى قالىدۇ بىراق.

(«ھايات تەزكىرەم» دىن)

كۆڭۈل ئاسمىنىنى ھېكمەت يۇلتۇزلىرى، پاكىز روھنىڭ تولۇن ئېيى بېزىمىگەندە ئىدى. ئىنسان بالىسى قاباھەت گۆرىستانىدا تىمىسقىلاپ، تەمتىرەپ يۈرەر ئىدى. چۈنكى ھېكمەت يۇلتۇزى، بىغۇبار روھنىڭ تولۇن ئېيى ئۆز زىياسىنى بەخش ئەتمىگەن كۆڭۈل ئاسمىنىدا نادانلىق، ياۋۇزلۇق، ئىپلاسلىق بۇلۇتلىرى تولۇق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن بولىدۇ. ناھايەت ئۇنىڭدىن نېمە ياغىدۇ؟ . . . بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس. شۇڭا شائىر قىلچە ئىككىلەنمەي مۇنداق ياڭراق خىتابنى قىلىدۇ:

. . . . . .
بىراق بىر غەم سېلىقىغا قالمىسۇن،
بېرىپ قويسام شۇ تۇمانغا خىيالنى.
دەيمەن كۆڭۈل ئاسمىنىغا ئادەملەر،
يولاتمىسا شۇنداق تۇمان، زاۋالنى.

(«تۇمان» دىن)

قىزىق، مەنىۋى دۇنيانىڭ قىزىقى شۇ يەردىكى، بەزىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا پارلاپ تۇرغان زىيا چەشمىلىرى بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا زاۋال تۇمانلىرى ھۆكۈمران. شۇڭا بۇ ئادەم بالىلىرى توپى ئىچىدە ئاجايىپ زەھەرلەر بىلەن سۇغىرىلغان مەنىۋى ئوقلار توختاۋسىز ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بۇنداق نەپرەتلىك ئوقلارغا يەنە ئۇلار ۋايسايدۇ. ئەمما بۇنداق ئوقلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرمەيدىغان يەنە بىر نەرسە بار، ئۇ — سۆيگۈ



قالقىنىدىن ئىبارەت. ئەمدى ھايات پەلەمپىيىگە نەزىرىڭنى ئاغدۇرساڭ سۆيگۈ بىلەن نەپرەت قوش كىندىك بولۇپ يۈرۈشىدۇ:

رەنجىپ يۈرمە بۇ ھايات شۇنداق،
كۈتكىنىڭلا ھەل بولماس پەقەت.
سەن تاللىغان يولۇڭدا ياتار،
گىرەلىشىپ سۆيگۈ ۋە نەپرەت.

(«رەنجىپ يۈرمە» دىن)

دېمەك، مۇشۇ پالاكەتچىلىك ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزىنى كەڭلىك، ئازادىلىك زېمىنىدىن قوغلايدۇ، قىزىق، ئۇلار شۇ سەۋەبلىك كەڭرى يوللاردىمۇ يۈرەكلىك قەدەم تاشلاپ ماڭالمايدۇ:

ئويلاپ قالدىم ھۈنىرى بىلەن،
دارۋاز لايىق ھۆرمەت ئالقىشقا.
بىز ئادەملەر كەڭرى يولدىمۇ،
ماڭالمايمىز تۈزۈك نېمىشقا؟

(«نېمىشقا؟» دىن)

شائىرنىڭ ئابدۇللا ئارىپوفقا تەقلىد تەرىقىسىدە يازغان مەزكۇر شېئىرىدا ئاددىي، راۋان، تەبىئىي، ساغلام ۋە سەمىمىي كارتىنا بىلەن چۈشەندۈرۈش بىھاجەت بولغان كىنايىلىك خىتاب ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ھەبىبۇللا رەجەپ شېئىرلىرىدا ساپ ۋە ساغلام لىرىك تۇيغۇ بىلەن پەلسەپىۋى ھېكمەت تەبىئىي بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان شېئىرىي ھېكمەتلەر تويۇنغان گۈزەل لىرىكا قۇچىقىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شائىر «ئاقارغان

سۆيگۈ» ناملىق لىرىكىسىدا ئاجايىپ تىنىق بەدىئىي كارتىنىنى
بېرىدۇ. قارا، كىشىگە ئىزگۈ ھېسلار بېغىشلايدىغان ئاپئاق
قارلىق دالىنىڭ سەھىرى. يېڭى بىر كۈنىنىڭ ھاياتلىقى كۆزىنى
ئاچتى. چىغىر يوللاردىن تۈش - تۈشتىن پادىلار مەرىشىپ
چىقتى، ئاجايىپ تىمتاس تەبىئەتنىڭ قوينى ئەمدى ھاياتلىق شاۋ-
قۇنغا كۆمۈلدى. ئەمما ئۇيقۇدىكى تىمتاس ئاق دالىغا بىرىنچى
بولۇپ شائىر چىقىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىنى
لىرىك ھېسلار لەرزىگە سالدى. ناھايەت بۇ ھېكمەت پۈتۈلدى:

قايناق ھېسقا چۆمۈلدۈم بۇ دەم،
ئاق دالىغا رىشتىم چېتىلىپ.
ئاقلىق ئىچرە ئاقارغان سۆيگۈم،
كەڭلىكلەرگە كەتتى چېچىلىپ.

شائىر ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ شېئىرلىرىدا يەنە بىر ئالاھىدە
كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىك يەڭگىللىك ھەم راۋان-
لىقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا بىزگە
ئۇنىڭ شەكلى قانداقتۇر بىر خىل خەلق قوشىقى ياكى بېيىت
شەكلىدەك ئىخچام، يېنىك، راۋان تۇيۇلىدۇ. قۇرۇلمىدىكى بۇ
ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ لىرىكىلىق ھاياتىي كۈچىنى
يەنىمۇ ئارتتۇرىدۇ.
ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ شېئىرلىرىدا يۇقىرىقى بىرقاتار ئالاھى-
دىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بىللە مۇنداق بىر يېتىشسىزلىك-
مۇ بار: ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا ھېكمەت يۇكسەكلىكى تازا
ۋايىغا يەتمەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ بەزى شېئىرىي
ھېكمەتلىرىنىڭ قاتلام چوڭقۇرلۇقى يوق. شۇنى ئېتىراپ قىلىش
لازىمكى، بۇ مەسىلە ئۇيغۇر چاغداش شېئىرىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك
ساقلىنىۋاتقان مەسىلە. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنى بىز



ياخشى ئۆگەنگەن بولساق بۇ نۇقتىنى ناھايىتى روشەن ھېس
قىلالايتتۇق. ئەلىشىر نەۋائى ئۆز تەلقىنلىرىدە ئىنسانىنىڭ
بالايى - نەپسى ئۇستىدە قەلەم يورغىلاتقاندا، گاھ ئۇنى ھايۋانى
سۇپەتلەر سەھىپىسىدە يورۇتسا، گاھ ئۇنى تويۇنغان ساتىرىك
قامچا ئاستىدا مەسخىرە قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنى خەلق فولكلورىدى-
كى پەلسەپىۋى ھېكمەتلەر پەللىسىدىكى زۇلقەرنەيىن ھېكايىتىگى-
چە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق كۈچلۈك پەلسەپىۋى قاتلام ھەرقانداق
شەبىستانلىق قەلبىگە چىراغ ياقىدۇ. ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ «گۈل-
دەستىلەر تىزايلى دېدىڭ» ، «باھار ناخشىسى» قاتارلىق شېئىر-
لىرىدا ئۇقۇملاشقان ئاددىي چۈشەنچىلەر ئۆز مەۋجۇتلۇقى دائىرى-
سىدىن قاڭقىپ چىقالماي، جىمىدە بىر ئىزدا تۇرۇپ قالغان.

# سىرلىق ۋە مۇرەككەپ ئىنساني
# ھېسسىياتنىڭ يارقىن ئوبرازى

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ
ساغلام، ئەڭ پاكىز تۇيغۇلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەلەمنى
ئات قىلىپ بەدىئىي ئەدەبىيات بېغىدا كەزگەن ھەرقانداق بىر
شائىر، يازغۇچى بۇ تېمىغا ئىشتىراك قىلماي قالمىدى. كلاس-
سىكلاردىن ھازىرغىچە، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن جۇڭگو ئەدەبىيا-
تىغىچە، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغىچە، ئەدىبلەر
بۇ تېما ئۈستىدە خىلمۇخىل ئۇسلۇبلار بىلەن ئەركىن قەلەم
يورغىلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق، نازۇكلۇق، ساغلاملىق، پا-
كىزلىق — گۈزەللىكتۇر. سەنئەت گۈزەللىكنىڭ قارىسىنى
ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەڭ ئاۋۋال كۆرىدۇ. سەزگۈر دىماغلىرى-
دا گۈزەللىكنىڭ ھىدىنى ھەممىدىن بۇرۇن ھىدلايدۇ، گۈزەللىك
ئۈچۈن بوزلايدۇ. ھاياتتىكى گۈزەللىكنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى
مۇئەييەنلەشتۇرمەسلىك، ئۇنى يۇكسەكلىككە كۆتۈرمەسلىك ئۆت-
كەن نادانلىقتۇر ھەم سەنئەت ئۈچۈن ھالاكەت پاجىئەسىدۇر.

مەلۇمكى، سىياسىي مەيدان ھەممىگە، ھەتتا تەقدىرگە قادىر
بولغان، بىز تېخى ئۇنتۇپ كېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيۋاتقان ئاشۇ
چاغلاردىمۇ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بۇ گۈزەل سەزگۈ يەنىلا ئەقىدە
ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ جازا مەيدانىغا چىققان باش ئەگمەس
باتۇردەك سىياسەت سىرتمىقى ئالدىدىمۇ پىسەنت قىلمىغانىدى.
ياۋۇز ئەجدىھادەك جاھالەتلىك ئەسىرلەرنىڭ ئالدىدىن پەرۋاسىز،
مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ئۆتكەن بۇ «باتۇر» ئۈچۈن تۇنۇگۈنكى



سىياسەت سىرتمىقى قانچىلىك نېمىدى؟ . . . بىراق، ئېچىنىش-
لىق ھال شۇكى، ئەدەبىياتىمىز مەزكۇر «باتۇر»نى كۆرۈپ تۇ-
رۇپ ئۆزىنى غېپپىدە دالدىغا ئالدى ياكى ئۇنىڭدىن خۇددى چوڭ-
قۇر پاتقاقتىن ئۇركۈگەن ئېشەكتەك داجىپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا
بىزنىڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ب. ئا. لاۋرېنىفنىڭ «قىرىق بىرىن-
چى» سىدەك كۆڭۈلنى لەرزىگە سالىدىغان ھەقىقىي بەدىئىي ئە-
سەرگە ئېرىشەلمىدى. قىسقىسى، ئوقۇرمەنلىرىمىز قاپىيىلىك
ياكى باغلاشتۇرۇلۇپ يېزىلغان بىر دۆۋە سىياسىي شوئارنىڭ
ئاستىدا مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇدەك بىرەر تامچە مەنىۋى
سۇ تاپالماي ئۆز مەنىۋىيەتلىرىنى، ئۆز ئىدراكلىرىنى تامامەن
چۆرۈپ تاشلىغان ماشىنىسىمان خامۇش ئادەملەرگە ئايلىنىپ قال-
دى. ئوقۇرمەنلىرىمىز «دۆۋە»نىڭ ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى
بىلەن تەڭلا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئۇلارنىڭ چاڭقىشىنى باسىدىغان
ئۇسسۇزلۇق تېپىلىشقا باشلىدى. . .

كەينىمىزگە شۇنداق بىر قاراپ ئەدەبىياتىمىز بېشىدىن كە-
چۈرگەن ئىسسىق ـ سوغۇقلارغا زەن سالساق، ئەدەبىياتىمىزنىڭ
ئۆز ۋۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولۇپ
كېلىۋاتقان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسى ئەنە شۇنداق تەۋرەنمەس،
ئەنە شۇنداق ئۆلمەس تېما ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ (ئەل-
ۋەتتە، بۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بارلىق مىللەت
ئەدەبىياتلىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش).

ئۇلۇغ رۇس شائىرى پوشكىن «ئەركىنلىك ئۈچۈن غايەت
زور كۈچ مۇھەببەت!» دېگەنىدى. بۇ يەردىكى مۇھەببەت گەرچە
كەڭ مەنىدىكى مۇھەببـەت بـولسىمـۇ لېكىن بىز دەۋاتقان سۆي-
گۈ ـ مۇھەببەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇھەببەت — مۇقام، مۇھەببەت — ناخشا! ناخشىنىڭ بۇلى-
قى مۇھەببەت. سەممىي ئەمما قەيسەر، ئاق كۆڭۈل ئەمما مۇ-
ھەببەتكە باي ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىنلا ناخشىسىز ياشىغان

ئەمەس. شۇنداق، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بوۋاق چېغىدىكى گۈڭراشلىرىدىن ئېڭىكى قوۋۇشتۇرۇلغىچە بولغان هاياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ناخشا. ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى، بالىلارنىڭ ئانىلىرىنى چاقىرىشلىرى، ئانىلارنىڭ بۆشۈك ئالدىدىكى ئەللەيلىرى، مۇسىبەت ماتىمىدىكى هازىلىرى، ئۇلارنىڭ تۆگىلىرىنىڭ كولدۇرمىلىرىدىن چىققان ئاۋازلار، هارۋىلىرىنىڭ مايسىراپ كەتكەن چاقلىرىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازلىرىنىڭ هەممىسى ناخشا! ئۇيغۇرنىڭ تەقدىر كەچمىشلىرى، باتۇرلىرىنىڭ پاك ـ غۇبارسىز قەلبىمۇ، هەتتا قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ مۇهەببەتلىرىمۇ ناخشا! . . .

بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز مانا شۇ ناخشىنى ياڭرىتىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى، مۇشتاق بولىدىغىنىمۇ مانا شۇ ناخشا. بۇ ناخشا ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ.

مەن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا يولداش پەزىلەت ئىسرائىلىنىڭ «قۇرىغان ياپراق» ناملىق هېكايىسىنى ئوقۇپ ئۆزگىچە زوق ئالدىم. دەل شۇ چاغدا تۇساتتىن گېرمانىيىنىڭ مەشهۇر شائىرى گېنرىخ گېيىننىڭ «بىر يىگىت بىر قىزغا بولۇپتۇ ئاشىق» دېگەن شېئىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار خىيالىمغا كەلدى:

بىر يىگىت بىر قىزغا بولۇپتۇ ئاشىق،
بىراق قىز تاللاپتۇ يەنە بىرىنى.
ئۇمۇ هەم كۆز سېلىپ بۆلەك رەناغا،
ئاپتۇ ئۆز ئەمرىگە بېرىپ سىرىنى.

هېلىقى قىز دەردكە تۇرالماي چىداپ،
تېگىپتۇ ئالدىغا ئۇچرىغان ئەرگە.
هېلىقى يىگىتمۇ هەسرەتكە چۆكۈپ،
بوپتۇ پۇشايماندا تەشنا زەهەرگە.



بۇغۇ بىر قەدىمدىن قالغان رىۋايەت،
لېكىن ئۇ مەڭگۈگە يېڭى هېكايەت.
كىمكى دۇچ كەلسە بۇ يەڭلىغ ئىشقا،
يۈرىكى گەپ ـ سۆزسىز بولغۇسى پارە. . .

«قۇرىغان ياپراق» هېكايىسىدىكى رابىيە ئوبرازى مانا شۇ يەڭلىغ ئىشقا دۇچ كېلىپ پاك، گۈزەل، تاتلىق سېزىملارغا باي يۈرىكى تىۋىشسىز پارە ـ پارە بولۇۋاتقان ئوبراز. ئۇ ئوبرازنىڭ مۇرەككەپ ئىنسانىي هېسسىياتى مېنى ئىختىيارسىز ئۆز ئەركى بىلەن پاسىلسىز؛ ساپ، سەمىمىي سۆيگۈسى بىلەن پاسىللىق بولغان رېئال كۆڭۈل دۇنياسىغا ئېلىپ كىردى. بۇ «دۇنيا» هەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. مەن بۇ «دۇنيا» دا روهىي ۋە ئېستېتىك تەشنالىقىمنى خېلىلا قاندۇرۇپ قايتىپ چىقتىم. كارىۋىتىمدا بىر پەس سۇنايلىنىپ يېتىپ ئويلىدىم: چاڭقىشىمنى بېسىپ، خاتىرەمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ «دۇنيا» نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى هەققىدە باشقا ئوقۇرمەن، ئاپتورلىرىمىز بىلەن پاراڭداشقۇم كېلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم ۋە قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ جېنى (بولۇپمۇ پروزا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن) پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى، ئىچكى دۇنياسى ۋە نازۇك هېس ـ تۇيغۇلىرىنى ئېچىپ بېرىشتۇر، يەنى بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتۇر. بىزنىڭ زور سالماقنى تەشكىل قىلغۇچى قەلەمكەشلىرىمىزدە شۇ نۇقتا يېتەرسىزكى، بىز پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا مەنىۋىيىتىگە كىرمەيمىز هەم كىرەلمەيمىز. نەتىجىدە بىزنىڭ ياراتقان «ئوبرازىمىز» ئىنسانىي خاراكتېرلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. بىز ئىنساننى — ئادەمنى يازىمىز. ئىنسان پەقەت باي، مۇرەككەپ روهىيىتى بىلەنلا هايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئادەم.

قېنى كېلىڭ، بىز «قۇرىغان ياپراق» ھېكايىسىدىكى مۇنۇ قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ ئاندىن رەسمىي سۆھبىتىمىزنى باشلايلى:

«. . . مېنىڭ مىنۇت ئىلگىرىكى كەيپىياتىمدىن ئەسەر يوق، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. مەن نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىمەن؟ ئۇلارمۇ ساۋاقداشقۇ، بەلكىم مۇنداقلا ئولتۇرغاندۇ. . . »

«خۇداغا شۈكرى، دىلنار مېنىڭ نېمىشقا بىردىنلا شۈكلەپ قالغىنىمنى سەزمىگەندەك قىلىدۇ. بۇ سىرىمنى بىراۋغا بىلدۈرۈپ قويۇشتىن خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! »

«مېنىڭ گۈلمىرەدىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەققىم بار؟ يا ئۇ ئۆتكۈرنى مەندىن تارتىۋالمىغان تۇرسا، مەن گۈلمىرەنىڭ تەقى - تۇرقىنى كۆز ئالدىمدىن ئىنچىكىلەپ ئۆتكۈزدۈم. . . »

رابىيەنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنىڭ دەسلەپكىدىلا ئاپتورنىڭ ھەققىي ئادەمنى يېزىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: رابىيە ئۆتكۈرنىڭ ئىشقىدا خۇپىيانە كۆيىدۇ. ئۆتكۈرنىڭ باشقا بىرەر قىز بىلەن بىرگە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدا ساغلام ئادەمگە خاس پۈتمەس رەشك، ھەسەت تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، پاك روھىي دۇنياسىنى ھەسرەت، ئازاب تومانلىرى قاپلايدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ بۇ توماندىن قۇتۇلماقچى بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئازابقا مۇپتىلا بولغاندا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، بىراق روھىي ئازابقا مۇپتىلا بولسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ناھايىتى تەس. رابىيە مانا شۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس شەرم - ھايا، ئار - نومۇسلارغىمۇ ئىگە. ئۇ بۇ ئىچكى ئازابلىرىنى باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن تولىمۇ قورقىدۇ. دېمەك، مۇشۇ تۇرغۇدىن مەزكۇر ئوبراز دەسلەپكىدىلا تولۇق ئادىمىلىك سۈپىتى بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ، بىزنى ئىختىيارسىز روھىي



دۇنيانىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ قىسمىغا باشلايدۇ. بىز ئاپتورنىڭ قەلىمى كەينىدىن ئەگىشىپ خاتىرىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىگە كىرگىنىمىزدە ئەسەر قەھرىمانى بىلەن تەڭ تېخىمۇ زور ئازابقا مۇپتىلا بولىمىز: رابىيە ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئۆتكۈرنىڭ گۈلمىرەنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، گۈلمىرەنىڭمۇ ئۆتكۈرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى دەل بۇ بۆلەكتە ئوقۇرمەنگە مەلۇم بولىدۇ. بۇنى ئاپتور قىسقىغىنە بىر ۋەقەلىك، يەنى ئۆتكۈر، گۈلمىرە ۋە خاتىرە ئىگىسىنىڭ كىنوغا بېرىشىدىن ئىبارەت تولىمۇ قىسقا ۋە ئومۇمىي بولغان ۋەقەلىك بىلەن ئاشكارىلايدۇ. شۇ چاغدا ئوقۇرمەندە مىسكىن، ئازابلىق يۈرەكنىڭ ئىگىسى بولغان رابىيەگە نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ ئوقۇرمەننىڭ قەلب دۇنياسىنى يەنە بىر چالغىتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بويىغا يەتكەن ئۇيغۇر قىزىنىڭ سۆيگۈ يولىدىكى ئوڭۇشسىز تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئادەمگە خاس ئىچكى دۇنياسىدىن ئىزدەيمىز.

خاتىرىنىڭ بەشىنچى بۆلىكىدە ئاپتور رابىيەنىڭ روھىي دۇنياسىنى چۇلغىۋالغان ئادەمگە، بولۇپمۇ رەسىدە بولغان قىزلارغا خاس بولغان سۆيگۈ ئازابىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ: دەرس ۋاقتىدىمۇ رابىيەنىڭ خىيالى ئاللىقانداق يەرلەردە — شېرىن ۋە سۆيۈملۈك ئىستەكنىڭ شەپقەتسىز قاتىلى بولغان باغرى تاش ئەمەلىيەت دەشتلىرىدە كېزىدۇ. ياپراقتەك پاكىز ۋە نازۇك قەلبىگە رەھىمسىز ئۇرۇلغان بۇ تەقدىر قىسمىتى ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنىڭ ھەممىنى (بىردەمگە بولسىمۇ) زېھىن بىلەن ئاڭلىشىغا يول قويارمۇ؟ بۇ ئىنسانىي پسىخىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تۇرغۇغا كەلگەندە ئوقۇرمەننىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ مۇكەممەل، ئىنسانىي ھايات، ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ بارلىق قانۇنىيەتلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولغان بىر تىپىك ئادەم — بويىغا

يەتكەن ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئوبرازى تولىقى بىلەن زاھىر بولىدۇ.

بىزگە تېخىمۇ كۈچلۈك بەدىئىي زوق ئاتا قىلغۇچى مۇنۇ قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈڭ:

«. . . بىر چاغدا قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى، ياغقىن قار توختىماي يېغىۋەر! كەچ كۈزدىكى ئاخىرقى ياپراقلارنى چۈمكەپ تاشلىغىنىڭغا ئوخشاش، قەلبىمدىكى بارغانچە سولۇپ كېتىۋاتقان غۇبارسىز سۆيگۈ غۇنچىسىنى ئۆز قوينۇڭغا ئال! مەن قەلبىمنى تىنىمسىز تاتىلاپ يارا قىلىۋاتقان ئازابلىق ھېسلىرىمنى، كۆز ئاچماستىنلا ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەن بەختسىز مۇھەببىتىمنى سېنىڭ سېخىي قوينۇڭغا كۆمۈۋېتەي! بۇرۇنقى غەمسىز چاغلىرىمدىكىدەك قاقاقلاپ كۈلەلەيدىغان بولاي!»

قاراڭ، بۇ غۇبارسىز قەلبنىڭ ئازابلىق سۆيگۈ قۇچىقىدا تۇۋلىغان ئېتىقادتەك پاك، نەسردەك جەڭگىۋار ھەم يېقىملىق، ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇچى ياڭراق ساداسى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقىي ساپ ئىنساننىڭ قەلبىدىن چىقىدىغان ھەسرەتلىك ئەمما مۇڭلۇق لىرىك ناخشا ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاللىقانداق خىلۋەت دەشتتىن كۆز شامىلى بىلەن قوشۇلۇپ يىراق - يىراققا ئاڭلىنىپ، گۈزەل ئەمما كۈرەش، زىددىيەت توقۇنۇش بىلەن تولغان ئىنسانىي ھاياتنى دەردلىك بايان قىلىۋاتقان ساتارنىڭ دەردلىك مۇڭى ئەمەسمۇ؟

بىز مەزكۇر ھېكايىنى ئەنە شۇنداق ھاياجان ۋە زوق ئىچىدە ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوقۇپ خاتىرىنىڭ يەتتىنچى بۆلىكىگە كىرگىنىمىزدە باش قەھرىمانىمىز (خاتىرە ئىگىسى) نىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ مۇرەككەپ نۇقتىلىرى ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ: رابىيە پۈتمەس روھىي ئەلەمدىن ئۆز ۋۇجۇدىغا ياماشتۇرغان يالغۇزلۇق ئوتىنىڭ ئازابىدا ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. گۈلمىرە كىرىپ ساۋاقداشلىق ۋە دوستلۇق مېھرى بى-



لەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى بېسىپ ئولتۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاپتور يەنىلا ئاساسىي كۈچنى رابىيەنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىشقا قارىتىپ، مۇنداق بىر جۈملە بىلەن ئۇنىڭ ئازابلىق كۆڭلىنى ئوقۇرمەنگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«گۈلمىرەنىڭ قولى ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. بەلكىم بۇ قوللارنى ئۆتكۈر تالاي قېتىملاپ تۇتقاندۇ، ھەتتا بۇ قوللاردا ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئىزى باردۇ. . .»

مانا بۇ بىر قۇر سۆز ھەممىگە، رابىيەنىڭ شۇ چاغدىكى ئىچكى كۆڭۈل تۇيغۇلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە كۇپايە قىلىدۇ. ئاپتور يەنە رابىيەنىڭ ياتاقداشلىرىنىڭ قىسقا دىئالوگلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ تەڭ دېمەتلىك شۇ قىزلارغا خاس پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى يورۇتۇپ، رابىيەنىڭ ئىشق ئازابلىرىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي رېئاللىقتىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاشلا ھەممىنى — ئازاب، ھەسەت، قىزغىنىش، شېرىن ئىستەك، گۈزەل تۇيغۇلارنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنسانغا خاس سەممىي ئىشق ئازابى ۋە كۆڭۈل تۇيغۇسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۈرەك شۇنداق ئازابتا قالغاندا، شېرىن تۇيغۇ ئازابىنى چېكىۋاتقاندا، مۇشۇنداق ئازابقا تۇنجى دۇچ كېلىۋاتقان يۈرەك ئىگىسىگە بۇ دۇنيا، دۇنيادىكى گۈزەللىكنىڭ ھەممىسى قاپقاراڭغۇ، زېرىكىشلىك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. رابىيە ئۈچۈن ھاياتمۇ مەنىسىز، گۈزەللىكمۇ يىرگىنچلىك بىلىنىدۇ. بۇنى ئاپتور بەزى قەلەمكەشلەردەك بىر توقاي ئاپتور تىلى بىلەن ئىپادىلەپ ئولتۇرماي مۇنۇ قىسقا دىئالوگ بىلەنلا يورۇتىدۇ.

«ئۇلار شۇنداق زېرىكمەي ياسىنىشاتتى، ياتاقنى خۇشبۇي پۇراق قاپلاپ كېتەتتى.

— ھەي رابىيە نېمانداق مەستۇرە قىزلاردەك ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟

— چاماداندىكى كىيىملەرنى نەۋرىسىگە ساقلاۋاتىدىغۇ دەيمەن ئۇ.»

مۇزىكىدا رىتىم ۋە ئاۋاز بىلەن ئوبراز يارىتىلغاندەك بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئوبراز، تىل ئارقىلىق يەنى ئاپتور تىلى ۋە پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق جۇلالىنىدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى مانا شۇ يۇقىرىقى جۈملە - پېرسوناژ تىلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ باش قەھرىمانىنىڭ ئازاب ئىچىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تېخىمۇ يارقىن سىزىپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي ئوبراز يارىتىشىدا، شۇڭا بەدىئىي ئوبرازسىز ئەدەبىي ئەسەرنى بىز ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز ھەم تەسەۋۋۇر قىلىشنىمۇ خالىمايمىز. ماكسىم گوركىمۇ بۇ ھەقتە «بەدىئىي ئەسەر بايان قىلىپ بېرىشنى ئەمەس، ئوبراز ۋە مەنزىرە ئارقىلىق تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىدۇ» دېگەنىدى.

ئەمدى بىز گېپىمىزنى يىغىنچاقلىساق «قۇرىغان ياپراق» ھېكايىسى زادى قانداق سېھرىي كۈچى بىلەن بىزنى ئۆزىگە شۇقەدەر جەلپ ئەتتى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار: بىرىنچىدىن، ئاپتور رابىيە ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. مەزكۇر ئەسەردە رابىيە ئوبرازى ئىنسانغا خاس ئىچكى دۇنياغا، روھىيەتكە، پسىخىكىغا ۋە تۇيغۇ جەھەتتىكى ماھىيەتلىك زىددىيەت توقۇنۇشلىرىغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنداقلا ئادەمگە خاس ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىچكى دۇنيا بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىلدى. ئاپتور ئادەمنى، ساپ قەلب ئىگىسىنى ياراتتى.

ئىككىنچىدىن، ئاپتور مەزكۇر ئەسەردە بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىخچام بولۇش (تۈزۈلۈش ۋە شەكىل جەھەتتىن) ئۆلچىمىنى كاپالەتلەندۈردى. بىر پۈتۈن ئەسەر يەتتە بەتكىمۇ يەتمەيدىغان توققۇز پارچە خاتىرىدىن تۈزۈلگەن. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان پېرسوناژ ئىندىۋىدۇئاللىقى مانا شۇ قىسقىغىنە كومپوزىتسىيىگە



ئۇستىلىق بىلەن جايلاشتۇرۇلغان. كومپوزىتسىيىدە توققۇز بۆلەكنىڭ بىر - بىرىگە ئورگانىك باغلىنىشى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپلا قالماي، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش زۆرۈر بولغان بۆلەكلەر بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى بۆلەكلەر دەل جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۆلەكلەر بىلەن بۆلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي مۇناسىۋەت، يەنى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى يېتەرلىك ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلەنگەن.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەردە باي، گۈزەل ئۇيغۇر تىلىدىن ماھىرانە پايدىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ بايان، مۇھاكىمە، تەسۋىر ۋە لىرىك ئېلېمېنتلار ئەسەر شەكلى بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇلغان. بۇ ھال ئوقۇرمەنگە تىل گۈزەللىكى زوقىنى بېغىشلايدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەسەردە يەنە جانلىق تىلدىن پايدىلىنىشمۇ بەدىئىي ئوبراز ئۈچۈن يېتەرلىك خىزمەت قىلغان. مەسىلەن، «... قىزلار تاماقتىن يېنىپتۇ - دە، ياتاق ئىشىكى ئېچىلدى: ‹تۇرە، ئاداش، ساڭا سۇيۇقئاش ئەتتۇرۇپ ئېلىپ كەلدىم، ئىسسىقىدا ئىچىۋال› دېگىنچە دىلنار تاماق قاچىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، قوشۇقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.»

ھازىر قىزلاردا، بولۇپمۇ شەھەر قىزلىرى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ستۇدېنتكىلار تىلىدا «دوستۇم» سۆزىنى «ئاداش» دەپ ئىشلىتىش خۇددى ئۇلار كىيىشىۋالغان مودا كىيىملەردەكلا مودا بولۇپ قالدى. ئاپتور بۇ ئالاھىدىلىكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئوبرازنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.

تۆتىنچىدىن، بۇ ئەسەر گەرچە سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن بەزى ئوخشاش تېمىدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، مىللىي ئەدەبىيات مىللىي شەكىلگە تولۇق ئىگە بولۇشى شەرت، ئۇنداق بولماي-

دىكەن ئوقۇرمەنلىرىمىز تولۇق قانائەت هاسىل قىلغۇدەك زوققىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئوخشاش بىر تېما، ئوخشاش بولمىغان ئەل، مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ قەلىمىدە ئوخشاشمايدىغان مىللىي شەكىللەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئېنىق. مەشهۇر يازغۇچى شىلبىي جەكسەن (1919 — 1965) نىڭ سۆيگۈ - مۇهەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىن بىز ئامېرىكا ئىنگلىزلىرىنىڭ مىللىي ئالاهىدىلىكىنى ناهايىتى روشەن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، ئۆز قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ شۇ تېمىدىكى ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر مىللىي پۇرىقىنى كۈچلۈك هىدلىساق بولىدۇ. بىز بىر قىسىم قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە پەقەت پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىدىنلا ئۇنىڭ (پېرسوناژنىڭ) ئۇيغۇرلۇقىنى هېس قىلالايمىز. «قۇردغان ياپراق» هېكايىسىدىكى رابىيە ئوبرازىدا ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىق ۋە شەرم - هايا روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىر يىگىتنىڭ ئىشقىدا شۇنچىلىك ئازاب چەككەن رابىيە غۇرۇر ۋە نومۇستىن بۇ ئازابنى هېچكىمگە تىنمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ.

بەشىنچىدىن، بۇ هېكايىنىڭ ئاخىرلىشىشىنىمۇ ناهايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور هېكايىسىنىڭ ئاخىرىنىمۇ، بىزنىڭ بىر قىسىم قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ هېلىقى باش قەهرىمانىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدىغان قېلىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى يېڭىچە يول بىلەن، يەنى باش قەهرىماننىڭ مۇرەككەپ ئىنسانىي هېسسىياتى بىلەن، خاتىرىنى كۆرگۈچىنىڭ رابىيەنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى ۋە رابىيەنىڭ شۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان تىلىكى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئوقۇرمەنلەرگە تۇرمۇشنىڭ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ، كىشىلىك هېسسىياتىنىڭ، ئادەم روهىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزۇپ، ئوقۇرمەن ئالدىدا هەقىقىي گۈزەل ۋە جىلۋىدار، بىراق زىددىيەتلىك روهىي دۇنياسىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى پەيدا قىلىدۇ.



# پىنهان ئىشق گۈلخانلىرى

— شائىر مۇهەممەت خېۋىر غەزەللىرى هەققىدە ئىككى كەلىمە

ئېيتىش كېرەككى «ئەرۇز» (بۇگۈنكى تىل ئىستېمالىمىز بويىچە «ئارۇز») ئەرەبىي كەلىمە. هەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب زېمىنلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بەسىرەدە تۇغۇلغان ئىمام خەلىل ئىبنى ئەهمەد (مىلادىيە 722 — 792) نىڭ «ئىلمى ئەرۇز» ناملىق كىتابىدا سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ، شېئىرنىڭ ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى قىلىنغان. هەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى «مىزانۇل ئەۋزان» دېگەن ئەسىرىدە: «خەلىل ئىبنى ئەهمەد رەهمىتۇللاهكى بۇ فەننىڭ ۋائىزىدۇر»[1] دەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ هەقتە هازىر هېچبىر مۇنازىرە يوق. گەپ شۇ يەردىكى، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئۇزاق تارىخقا ئىگە «ئەرۇز ۋەزنى» ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يېقىملىق ئاهاڭدارلىققا، ئىچكى رىتىمدارلىققا، مۇزىكىلىق گۈزەللىككە، هەتتا تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك، ئويناق تاغ سۈيىدەك جەزبىدارلىققا ئىگە قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمىدە ئاجىز ساهە بولۇپ قالىدۇ؟ نېمىشقا زامانىمىزغا كەلگەندە ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئىجادىي هاياتىي كۈچى ۋە سەنئەت كۈچى بارغانچە ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ؟ ئارۇز

① ئەلىشىر نەۋائى: «نەۋائى ئەسەرلىرى» 16 - توم، تاشكەنت 1967 - يىلى ئۆزبېكچە نەشرى، 137 - بەت.

ۋەزىننى بىلىدىغانلار، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مىزانلىرى بىلەن ئاشۇنـ
ـداق ئويناق شېئىرلارنى يازالايدىغانلار نېمە ئۈچۈن بارغانچە ئازىـ
ـيىپ كېتىدۇ؟
شۇنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىش لازىمكى، كلاسسىك
ئەدەبىياتىمىز بىلەن چاغداش ئەدەبىياتىمىز ئارىسىدىكى ئىزچىلـ
ـلىقتا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ئۈزۈكچىلىك شەكىللەنـ
ـگەنىدى. بۇ ئۈزۈكچىلىك بەدىئىي ئىپادە جەھەتتە، بەدىئىيات
ئىلمىدە، پاساھەت ئىلمىدە ناھايىتى روشەن كۆرۈلدى. «قۇتادغۇ
بىلىگ» ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە شېئىرىي ئاھاڭدارـ
ـلىقنى ۋە شېئىرنىڭ مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى كۈچـ
ـلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇـ
ـزۇن ـ قىسقا ئاھاڭداشلىقى ۋە لەۋ ئاھاڭداشلىقى ناھايىتى قاتتىق
پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان. مەلۇمكى، ئارۇز ۋەزنى سۆزلەردىـ
ـكى ئۇزۇن ـ قىسقا بوغۇملارنىڭ رىتىملىق مۇزىكا (ئاھاڭ)
شەكىللەندۈرۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان مىللىي شېئىرىي ئاھاڭ
قېلىپى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ئۇيغۇرنىڭ تەـ
ـلەپپۇز ۋە تىنىقىنىڭ ئەڭ يارقىن سۈرىتىدۇر. شۇڭا، ئۇ كۈچـ
ـلۈك مىللىيلىككە ئىگە. ئارۇز بەھرلىرى مىڭلارچە يىللاردىن
ئارتۇق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاشۇ فونېتىكـ
ـلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ، مىللىي شېئىرىيەـ
ـتىمىزنىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق مۇزىكا سەزگۈسىنى تولۇق كاپاـ
ـلەتلەندۈرۈپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىل پاساھىتىنى تەڭداشـ
ـسىز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنىدى. دېمەكچىمەنكى، كلاسسىكـ
ـلىرىمىز ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن، تىلىمىزـ
ـنىڭ بەدىئىي پاساھىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قىممەتلىك
بەدىئىي ئېلېمېنتلارغا كۆپ قىسىم مۇئەللىپلىرىمىز سەل قارايـ
ـدىغان بولۇپ قالدى. بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش.
گېزى كەلگەندە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ دېگەنلىك،



ھەرگىزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يېزىش كېرەك، دېگەنـ
ـلىك ئەمەس. ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئاھاڭدارلىقنى، مۇزىكىلىق
خۇسۇسىيەتلەرنى تولۇق ئىشقا ئاشۇر، تىلىمىزنىڭ سەنئەتلىك
ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلان دېگەنلىك. ئەلـ
ـۋەتتە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق پەرقلەر بار.
ئەمما، بۇ پەرقلەر ھەرگىزمۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ گۈزەل ئۆرنەكلىـ
ـرىنى نامايان قىلىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ.
ھازىر ئارۇز ۋەزنىگە تەئەللۇق كۆپرەك قوللىنىلىۋاتقان بىر
شېئىرىيەت تۈرىمىز غەزەلدۇر. غەزەل ـ لىرىك ھېس ـ تۇيغۇـ
ـنى، قەسىدىلىك پىكىرلەرنى، قەلبنى لەرزىگە سالغۇچى ھېكمەتـ
ـلەرنى ئىپادە قىلىشقا ئەڭ باب كېلىدىغان ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت
شەكلىدۇر. مانا مۇشۇ شەكىلدە يازىدىغانلارمۇ ھازىر بارغانچە
ئازىيىشقا باشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدىمۇ مەن كۆپ ئويلىنىـ
ـمەن. ئەمما، بۇ باشقا مۇھاكىمە تېمىسى بولغاچقا بۇ يەردە
توختىلىشنى راۋا كۆرمەيمەن.
شائىر مۇھەممەت خېۋىر يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان
شېئىرىيىتىمىزنىڭ مانا شۇ بوش قېلىۋاتقان غەزەل تۈرىنى تاللىـ
ـۋېلىپ، نۇقتىلىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر.
ئارۇز ۋەزنى ئىچىدە غەزەل كۈچلۈك رىتىم ۋە مۇزىكىلىق خۇسۇـ
ـسىيەتنى تەلەپ قىلىدىغان، شائىرلاردىن تەڭداشسىز ئىشق ۋە
ئالاھىدە قەلب سەزگۈسى تەلەپ قىلىدىغان تۈر. شۇڭا، ئەلىشىر
نەۋائىيدەك ئىشق ئوتىدا كۆيەلىگەن ھەقىقىي ئاشىقلارلا مەزكۇر
تۈرنى ۋايىغا يەتكۈزەلىگەنىدى. شۇنداق شائىرلارلا گۆھەردەك
قىممەتلىك پىكىرگە، ئالماستەك ئۆتكۈر تىلغا، ئىستىبدات خەزىـ
ـنىسىدىن پارلاپ چىققان ئىشققا ئىگە بولالىغانىدى. شېئىر —
قەلبنىڭ ۋولقانى، دېگىنى مانا شۇ بولسا كېرەك. ھەزرىتى
ئەلىشىر نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ:

«. . . پاساھەت دىۋانىنىڭ غەزەلخانلىرى، ئالماستەك تىل شەرەپلىرى گۆھەر تۆككۈچى سۆزى بىلەن ئاشىقلارنى باشقا ئىنسانلار تاجىنىڭ گۆھىرى قىلغان. ئاشۇ ياراتقۇچىنىڭ ھەمدۇسانا جاۋاھىراتلىرى بىلەن سۆزنىڭ دىباچىسى (سۆز بېشى، مۇقەددىمە) نى بېزىمىسە ئاشىقلارنىڭ جان خامىنىغا ئوت سالالىغۇدەك بىر چوغ كەبى گۆھەرنى نەزمە يىپىغا تىزالمايدۇ. . . »①

ئەلىشىر نەۋائىچە ئېيتقاندا، غەزەلخان بولۇش ئۈچۈن ئەنە شۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇش لازىم. مەن مەزكۇر نۇقتىنى بىرمۇبىر شەرھلىمىسەممۇ بولار. ھالبۇكى، بىز بۇنىڭدىن غەزەلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاشىقلارنىڭ جان خامىنىغا ئوت سالالىغۇدەك چوغ كەبى گۆھەرنى نەزم يىپلىرىغا تىزماق ئۈچۈن پىنھان قەلبلەر ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنىلا ئەمەس رەھمانىنىمۇ ئۆرتەيدۇ، بۇ مۇقەددەس ئوتنى رەھمانىغىمۇ تۇتاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەدىمىي ھاياتنىڭ ئىزلىرى سۈپىتىدە بىزگە ھەمراھ بولغان ئاجايىپ سېھىرلىك رىۋايەتلەر يېڭى تۈسكە كىرىدۇ. ئەمما، قەدىمىي رىۋايەتلەر مەڭگۈلۈك ھەسرەتلەر بىلەن قەلبىمىزدە ھىجران داغلىرىنى قالدۇرۇپ ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنداق بىر ھەسرەت ئوتىكى، ھەتتا زەرگى روھلارنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنى پايخان قىلىدۇ. بۇ ئوتنىڭ ئاشىقلار دىلىدىكى ھارارەتلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. مانا بۇ كۈللى جاھاننىڭ، پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ ھامىيسى. بىلىڭكى بۇ ھەرگىزمۇ ئالتۇن ئەمەس، ئەپسانىمۇ ئەمەس، بۇ — مەڭگۈ ئۆچمەس شائىر قەلبىدۇر. بۇ پىكىر مۇھەممەت خېۋىر مىسرالىرىدا مۇنداق قارار تاپتى:

يول بويىدا قانچە سائىل كەلدى سولغۇن جان تىلەپ،
بىز ئۇلارغا سەپلىدۇق جان، كۆيدى رەھمان، ئۆچمىدى.

① «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 ـ بەت.



قۇم كۆمۈپ ئۆتكەن رىۋايەت ئۇندى باشقا تۈس بىلەن،
يازدى ھەسرەت كۆكرىكىمگە داغى ھىجران، ئۆچمىدى.
بەك يامان دىللارغا سەرسان رەزگى روھلار يايسا تور،
ئاتەشتىن كۆيدى لاۋۇلداپ زەۋقى زامان، ئۆچمىدى.
ياندۇرۇپ بولماس قەدەمدىن دىلغا ئۆتكەن لەرزىنى،
چايقىلىپ ياش ئىچرە كەلدى، كۈللى جەريان، ئۆچمىدى.
ئۇ ئەمەس چۆل ۋىل ـ ۋىلى ھەم، ئۇ ئەمەس ئەپسانە ھەم،
شۇ سەپەر زەنجىرى مەن دەپ ياندى پىنھان، ئۆچمىدى.

راست، كلاسسىكلىرىمىزدا ئىشق گۈلخانىدا كۆيمىگەن شائىرنى ئۇچراتماق تەستۇر. بۇ ئىشقنى شۇنچىلىك يۈكسەك بەدىئىي مەجازىي پەللىگە كۆتۈرۈش يار تەسەۋۋۇرىنى ھامىلە قىلىدۇ. شۇڭا، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يار ھەققىدىكى ھېكمەتلىرىدە ئاساسىي پىكىر لىنىيىسى مۇنداق تۈزۈلىدۇ:

يارسىز كۆڭۈل — سۇلتانسىز مۈلۈك.

سۇلتانسىز مۈلۈك — جانسىز جىسىم.

جانسىز جىسىم — رەيھانسىز قارا تۇپراق.

رەيھانسىز قارا تۇپراق — ئايسىز تۈن.

ئايسىز تۈن — ئابىھاياتى بولمىغان زۇلمەت (ئابىھايات پاياندسىز زۇلمەتتە بولارمىش).

ئابىھاياتى بولمىغان زۇلمەت — جەننەت بېغىدىن يىراق بولغان دەۋزەخ.

جەننەت بېغىدىن يىراق بولغان دەۋزەخ — ساۋاب ۋە ئىزگۈلۈكتىن تامامەن خالىي نەپس قۇللىرىنىڭ ماكانىدۇر.

دېمەك، «لىرىك خاتىمە شۇنداق بولسا، يەنى ھىجرەتنىڭ شۇنداق ئازابى بولسا ياردىن ۋاز كېچىش، ئىشقتىن نېرى بولۇش ھەرگىزمۇ ئاقىلانىلىك بولماس.»①

① ن. م. موللايېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى ئۆزبېكچە نەشرى، 1965 ـ يىل.

مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدە ئىشق ئىنتىزارلىقىنى تاۋلايدىغان گۇلخان، ھىجرەت دەلىلىدىن يوقالغان غەمگۇزار. مۇنۇ مىسرالارغا قاراڭ:

ئىشق گۇلخانىدىن تاپتىم ئۇزۇلمەس ئىنتىزارىمنى،
خىياللار ئالدى مەيلىمدىن ئۇزۇلمەس ئىختىيارىمنى.
شارابتىن بەزلىشىش دەردمەن ئىشىغا بىر ئۇدۇم بولدى،
ھىجىر دەلىلىدىن تاپتىم يوقالغان غەمگۇزارىمنى.
كىشىنىڭ بەختىگە ئىقبال تىلەپ ئۆتمەكتە مەۋقەيىم،
تاپارمەن ئاخىر، بەلكىم، شۇ يەردىن لەيلىزارىمنى.

مۇتەسەۋۋۇپلار شۇنداق ئېيتقاندى: كىمكى ئىشقتىن ئالجىيدۇ، ئۇ شۇبھىسىزكى شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرگۈچىدۇر. جەننەت بېغىدىن ھەيدىلىشىمىزگە شەيتانىنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلمىگەن نادان دەل شۇ ئۆزىدۇر. تاڭلا بەش كۈندە كۆرىسەنكى، ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇ ھەممىدىن زەئىپ ۋە ھەممىدىن خار. چۈنكى، ئۇ نەپسى مۇلكىنىڭ شاھى، شەيتان لەئىنىنىڭ قۇلى. مۇبادا كىمكى ئىشقتىن تاڭلارنى ياسىيالىسا، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن كىشى بەھرىمەن بولالايدۇ، ئوتلۇق ئىشقتىن مەست بولالايدۇ. قاراڭ:

كىم ئىشقتىن ئالجىدى، كىم كىردى شەيتان كەينىگە،
تاڭلابەش كۈندە ئۇنىڭ ئەھۋالى ناچار، خەس ئىكەن.
كىم ئىشقتىن تاڭ ياساپ تۆت پەسىلدە ياشىنىسا،
بەھرىمەن بولغان كىشى ئوتلۇق ئىشقتىن مەست ئىكەن.

شائىر يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ دەيدۇكى، سەن ئۆزۈڭچە مەندىن بۈيۈكلۈك ئىزدىسەڭ مەن بۇ سەھىپىدە مەۋجۇت



ئەمەس. ئىشق ۋەسۋەسىسى ئۇچۇن بولسا ھەرقانچە ئەتمىشكە، ھەرقانداق كەچمىشكە تەييارمەن. ئىشق بابىدىكى ھەرقانداق رىزقىمغا ھەرقانداق كىشى شېرىك بولۇشقا ئىنتىلسە، مەن ئۇنىڭغا يول قويالمايمەن، بىلىڭلاركى ئىشق دەۋاسىدا شەخس دۇنياسىدىن ھالقىش مەن ئۇچۇن بەسى تەس ئىش. سەۋەب پىنھانىنىڭ ئاداققى مەقسىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ گۇلنى سوغۇقلاردىن ھەقىقىي يوسۇندا ساقلاپ قېلىشتۇر:

بۈيۈكلۈك ئىزدىسەڭ مەندىن مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم يوق گەپ،
ئىشق ۋەسۋەسىسىدە مۇمكىن مېنىڭچە ھەرقانچە ئەتمىش.
ئىشق رىزقىمغا كىم شېرىك، چىدامىلار مەندە نۆل تەھقىق،
ئىشق دەۋاسىدا تەس ئىش شەخس دۇنياسىدىن ھالقىش.
يېقىملىق كۈيلىرىم ئۆچكەي نىجىسقا گەر يېقىپ قالسا،
نۇرانە تۆرگە يەتكۈزگەي، نىگار ۋەسلىگە تاق يەتمىش.
غېرىب پىنھاندا تەشۋىشنىڭ ئاداققى يىلتىزى بىرلا،
ئېتىشتۇر گۈلنى سوغلاردىن كامالەت مەۋجىدە پەرۋىش.

كلاسسىكلىرىمىزدا ئىلاھىي تەجەللى جەزىب ئەتمىكى ئۇچۇن ھەقىقىي ئىشق يولىدا مۇزتەغرەق بولماق جايىزدۇر. شۇڭا شائىر فۇزۇلى مۇنداق دەيدۇ:

زاھىد سوئال ئېيدەرسەكى مەيدىن نەدۇر مۇراد،
بىزدە سافادۇر، ئۇندا قۇدرەت جاۋاب ئاڭا.

دېمەك، كلاسسىكلار زاھىرەت تامالىرىنى پانى ئەيلەپ، ئاخىرەت زەخىرىلىرىگە مەپتۇن بولغۇچىلار سۇپىتىدە مەيخانىلاردا ۋە جاملاردا بەخت قۇچىقىنى كۆرىدۇ، جەننەت پەيزىگە مۇشتاق بولىدۇ. شۇڭا پارس شائىرى ئۆمەر ھەييام بۇ خۇسۇستا مۇنداق دەيدۇ:

بۇگۈن بەختىڭ باغى گۈلگە تۈكىندۇر،
قولۇڭ نېچۈن مەيسىز، يۈرەكىڭ تىنىدۇر.
مەي ئىچكىن زامانە ئالدامچى بىر ياۋ،
بۇنداق كۈننى تاپماق جۇدا قىيىندۇر.

تەسەۋۋۇپتا مەيمۇ ئىشق سەۋداسىدىن كېلىدۇ. بۇ مەجازىلەر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىمىزدا بەك گۈزەل شېئىرىي ئوبرازلارغا ئايلانغانىدى. مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدە ئەنە شۇ كلاسسىك شېئىرىي ئوبرازلار، ھەتتا كلاسسىك پىكىرلەر جۇلا قىلىپ تۇرىدۇ. بىز مۇنۇ غەزەلنى كۆرسەك بۇ نۇقتا تەبىئىي رەۋىشتە ئايدىڭ بولىدۇ:

ساقىيا كەلتۈر شاراب، قۇي يۈرىكىم گۈلخانىغا،
ئوتنى دەپ كىردىم مۇقەددەس سىر ئۆيى — مەيخانىغا.
سېھرىي مۇڭغا بىر چۆكەي ئۇنتۇپ جاھاننىڭ دەردىنى،
بەھۇزۇر پىكرەتكە جاي بۇ ئىستىكىم ئىمكانىغا.
. . . . . .
قۇي شاراب، قۇي، يالقۇنۇم يىلتىزلىرىغا، پەسلىسۇن،
جان بولۇپ قويسۇن چېكىتىنى چىللىنىلەر ھىجرانىغا.

ئەي ساقىي، شارابىڭنى كەلتۈر، ئۇنى ئىشق ئوتىدىن گۈلخان بولۇپ يېنىۋاتقان يۈرىكىمگە قۇيغىن، چۈنكى مەن ئاشۇ سىر ئۆيلىرى بولغان مەيخانىغا ئىشق ئوتى بىلەن كىرگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاجايىپ بىر مۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن جاھاننىڭ دەردى ئۇنتۇلىدۇ، بەھۇزۇر فىكرەتلەرگە ئىمكان بېرىدۇ. . . دەيدۇ شائىر.
كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىر مۇھەممەت خېۋىر ئىجادىيەتتە كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان.



ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبى ھەقىقەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ھەقىقەت دەپ سوقىدۇ. ھەقىقەت ئىشقىدا شائىر پۈتۈن ئەقىل ۋە ۋۇجۇدى بىلەن كۆيەلىگەن ۋە كۆيەلمىگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنى پەرق ئېتىلىدۇ. شۇڭا شائىر جەبرى ئادىمىدۇر، جەبرىنى ئۆزىگە بەخت بىلگۈچى شائىرلارلا ئۆلمەس مىسرالارنى قالدۇرالىغانىدى. مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدە بۇ پىكىر مۇنداق قارار تاپىدۇ:

ئەي، جامالىڭ نەكېرەك قەلبىڭدە ئاتەش بولمىسا،
ناز - كەرەشمەڭ نەكېرەك ئىشقىڭدا ئۆركەش بولمىسا.
كۈن تىلەپ تۈنلەر بويى مەشرىققە باقسام ئۇخلىماي،
نەكېرەك خۇرشىد تەمە سۈبھىڭدە دەۋرەش بولمىسا.
. . . . . .
نەكېرەك پىنھان ساڭا تەڭسىز جاھاندىن، نەكېرەك،
نەكېرەك يۈزمىڭ تىلەكتىن بىردە تەۋرەش بولمىسا.

ئاقىللار ھاياتتا بەك كۆپ كۈلۈشنىمۇ خالىمايدۇ، چۈنكى دىلى ئويغاق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى كۈلكىنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆلەرمىش. بۇنى چىن كۆڭلىدىن بىلگەن كىشىنىڭ كۈلكىسى ھەسرەت كۈلكىسىدىن ئىبارەت بولارمىش. شۇڭا، ئاقىللارنىڭ قەلبىدە ساختا شادلىق تۇغ كۆتۈرەلمەيدۇ، دېيىشىدۇ دانالار.
شائىر مۇھەممەت خېۋىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدا بۇ پىكىر ناھايىتى يارقىن يورۇيدۇ:

ھەسرىتىم، ئەپغانلىرىمدىن گەرچە دەريا ئىچ - ئىچىم،
تاپقىنىم داڭگال - شېغىل، زەردىن ئىبارەت قىلمىدىم.
گەر ئۆزۈم پىنھان، لېكىن، ھېچبىر سىرىم پىنھان ئەمەس،
نەزمىلەردە يالقۇنۇم، ساختا ھارارەت قىلمىدىم.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، شائىر مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى خېلى كەڭ. بىز بۇ قىسقا سەھىپىمىزدە ئۇنىڭ ئەخلاق، ئەقىدە، ۋىجدان ۋە باشقا ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن دائىرىسى ھەققىدە توختىلىپ كېتەلمەيمىز.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەشنى زۆرۈر دەپ بىلىمەنكى، شائىر مۇھەممەت خېۋىر كلاسسىكلىرىمىزنىڭ غەزەلخانلىق ئەنئەنىلىرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئەلىشىر نەۋائى غەزەللىرىنى كۆپ ئۆگەنگەندەك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدە پىكىر ھايات ھەقىقەتلىرىنى مەركەز قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر غەزىلى بىر ھېكمەتكە ئورۇن بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارۇزنىڭ غەزەلگە تەۋە بەھرىلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. رەمەل بەھرى ئۇنىڭ غەزەللىرىنىڭ ئومۇمىي شەكلى مىزانىدۇر. مەن ئاخىرىدا شائىرنىڭ «بار» رادىفلىق مۇنۇ مىسرالىرىنى مىسال تەرىقىسىدە دەپ ئۆتۈش بىلەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

كۆن يېزىپ كەلدى ئازابىنىڭ تارىخىنى توختىماي،
پاك ھالال جۆيلۇشلىرىمدە مىڭ ۋىسال تەمەسى بار.
باس مېنى باغرىڭغا دىلبەر، لەۋلىرىڭنى قان ئېتەي،
تەلۋە پىنھان ئاقتى ئېرىپ كۆزىدە دەرياسى بار.



# «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلىدىكى پروزا سەھىپىسىگە بىر نەزەر

«تۇرپان» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان خىلمۇخىل سەھىپىلەر بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي ژۇرناللىرى قاتارىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ دائىملىق ئوقۇرمەنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، 1990 - يىللىق سانلىرىنى تولۇق كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، پروزا ئەسەرلىرىگە قارىتا ئۆزۈمنىڭ قارىشىنى ئىككى كەلىمە بايان قىلغۇم كېلىپ قالدى.

مەلۇمكى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەيلى قايسى ژانىرى بولسۇن، ئۇ پەقەت ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئېچىپ بېرەلەيدىغان خىلمۇخىل بەدىئىي ئوبراز، تىپلارنى يارىتىپ، كىشىلەر ئېڭىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە ئىلھام بېرەلىشى بىلەنلا ئۆزىنىڭ مەلۇم قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا گوركىنىڭ «كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە ياردىمى بولغان ئەسەر — بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر» دېگىنىمۇ ناھايىتى توغرىدۇر.

ئۇنداق بولسا زادى قانداق ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟ پروزا ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىۋاسىتە يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلارنى قانداق يارىتالىشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىدۇر، ئەلۋەتتە!

بىزنىڭ خېلى بىر قىسىم زور سالماقنى ئىگىلىگەن قەلەم-

كەشلىرىمىز ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىشتا «يازغۇچىلىق»
نەزىرى بىلەن رېئاللىقنى كۆزىتىش دېگەننى توغرا چۈشەنمەيدۇ
ياكى بولمىسا «بەدىئىي ئەدەبىيات رېئاللىقتىن بىر دەرىجە يۇقى-
رى بولىدۇ» دېگەننى نوقۇل چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا باھانە قى-
لىپ، ئۆزىنى تولىمۇ يۇكسەكلىككە قويۇۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزى بىر
«يارانقۇچى» بولۇۋالىدۇ - دە، گويا خۇدايىتائالا ھەزرىتى ئادەم-
نى ياساپ چىقىپ ئۇنىڭغا جان بەرگەندەك ئادەم (ئەدەبىي پېرسو-
ناژ، بەدىئىي ئوبراز) ياساشقا كىرىشىدۇ. دەبدەبىلىك ئىبارىلەر-
نى ئىشلىتىپ ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە بېزەشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلدە
بولسا ئۇنىڭ ياساپ چىققان بۇ ئادىمى ئىنسانغا خاس ھاياتىي
سۈپەتلىرىنىڭ ھەرقانداقىغا يات بولغان بىر مەخلۇق ياكى ياغاچ
قونچاق بولۇپ چىقىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېڭىدا تا ھازىرغا قەدەر
سەنئەت بىلەن سىياسىينى پەرقلەندۇرەلمەي كېلىۋاتقان، ئادەم-
نىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدىكى بىر قىسىم بىچارە ئاپتورلار
بولسا، چىنلىق تۇپرىقىدىن ئۈنۈپ چىققان ئاشۇ بەدىئىي ئوبرازنى
يارىتىشتا، ئۆزلىرىنىڭ تەييار پىكىر ۋە سىياسىي چۈشەنچىلىرى
دائىرىسىدە شاپاشلاپ يۇرۇپ شۇنداق بىر ئادەمنى يارىتىدۇكى،
يارىتىلغان ئۇ ئادەم نە ئېڭىدا ھاياتقا، ھايات چۈشەنچىلىرىگە ۋە
ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ھېچقانداق ئىنكاس بولمى-
غان بىر ماشىنا ئادەم ياكى بولمىسا رولىنىڭ كونتروللۇقى
بىلەن مېڭىۋاتقان چاق بولۇپ چىقىدۇ. ماشىنا ئادەمنىڭ كونت-
رول ئاپپاراتىنى تۇتۇۋالغان ئاپتور ئۇنى ھەرقانداق تەرەپكە ئۆز
ئىختىيارىچە بۇرايدۇ، شوپۇر بولۇۋالغان ئاپتور رولنى ھەم خالى-
غانچە ئوڭ - سولغا ئۇرىدۇ.

قايسىبىر ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى شۇنداق دېگەنىدى: «ياز-
غۇچى قانچە ئىقتىدارلىق بولسا پېرسوناژغا نىسبەتەن شۇنچە ئا-
مالسىز قالىدۇ، يازغۇچى قانداق ئىقتىدارسىز بولسا پېرسو-



ناژلارنى شۇنچە تىزگىنلىۋالىدۇ، ئەسەر قانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك
چىقسا يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىغا شۇنچە بېقىنىدۇ. ئەسەر
قانچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا يازغۇچى پېرسوناژنى شۇنچە باشقۇرا-
لايدۇ».

ئەدەبىيات ئىنسانشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر-
كى، ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى روھىيىتىنى قېزىشنى
ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا
يازغۇچى ھەم پەيلاسوپ، ھەم ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرىدۇر.

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق سانلىرىنىڭ پروزا
سەھىپىسىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئىي ئوبرازلىرى بىلەن ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ بىرقەدەر ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولغان ئەسەرلەرمۇ
ئېلان قىلىندى. مەسىلەن، يازغۇچى مەھەممەت شانىيازنىڭ
«كەلگۈسىنىڭ شائىرى» ناملىق قىسسىسى، ئۇيغۇر دېموكراتىك
ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى، 30 - يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بېغىشلانغان تارىخىي قىسسە بولۇپ، بىرقە-
دەر ياخشى يېزىلغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى يېزىلغان-
لىقىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، شائىر ئابدۇخالىقنىڭ بالا چاغلىرىغا ئائىت
تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىن يازغۇچى ئەھمىيەتلىك نۇقتىلارنى
تاللاپ چىقىپ ئابدۇخالىقنىڭ بالا چاغلىرىدىكى ئوبرازىنى جانلىق
يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. بۇ نۇقتىنى بىز
يازغۇچىنىڭ مىجىت ھاجى، ئابدۇراخمان مەخسۇم، ئەرەمسىما
خېنىم ئوبرازلىرىنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن، مى-
جىت ھاجى ئائىلىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاندىكى مەشھۇر مەرد-
پەتپەرۋەر نوپۇزلۇق زاتلار ھەمدۇللا داموللام، مەخسۇت مۇھى-
تى، نەمەت خەلپەت، خېلىل موللام قاتارلىقلار بىلەن قويۇق
ئالاقە باغلىغان، مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلە ئىكەنلىكى-

دەك تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىكى پايدىلىق دېتاللارنى گەۋدە-
لەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقىدىن ناھايىتى روشەن كۆ-
رۈۋالالايمىز.

ئىككىنچىدىن، يازغۇچى ئابدۇخالىقنىڭ بالا ئوبرازىنى بىر-
قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئون ياشقا توشمىغان كىچىك
بالىنىڭ ساددا خىيالى، مىجەزى، قىزىقىشى، خاراكتېرى قاتار-
لىقلارنى ئوخشۇشلۇق ئېچىپ بېرەلمىگەندە پېرسوناژ ئوبرازىنى
ياراتقىلىمۇ بولمايدۇ. مەھەممەت شانىياز بۇ نۇقتىدىنمۇ بىرقەدەر
مۇۋەپپەقىيەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بىز ئابدۇراخ-
مان مەخسۇم بىلەن ئوغلى ئابدۇخالىق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆت-
كەن مۇنۇ قىسقا دىئالوگقا قاراپ باقايلى:

«ئابدۇخالىق تالاغا چىققاندا ئاتىسىدىن سورىدى:

— بۈگۈن ئاخشام يەنە ‹قىسسەسول ئەنبىيا› نى ئوقۇمدۇ؟

— ياق پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹پەرھات ـ شېرىن›
داستانىنى ئاڭلايمىز، — دېدى ئابدۇراخمان مەخسۇم.

— كىمنىڭ پىر ئۇستازى ئۇ؟ — سورىدى ئابدۇخالىق
قىزىقىپ.

— پۈتۈن شائىر، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئۇستازى بولمامدۇ.

— خېلىل موللامنى ئوقۇتقان موللىمۇ؟»

بۇ دىئالوگلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىۋاتقان ھەرقانداق ئوقۇ-
غۇچى دەرھال كۆز ئالدىغا كىچىك، بىغۇبار، سەبىي دىل ئىگە-
سىنى، ئىشلارنىڭ سىرىغا قىزىقىدىغان ئەقىللىق كىچىك بالىنى
كەلتۈرمەي قالمايدۇ. بۇ يەردىكى سىر نەدە؟ بۇ يەردىكى سىر
يازغۇچىنىڭ كىچىك بالىنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىغا سادىق
بولغانلىقىدا، خالاس!

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچى ئەسەردە پېرسوناژلار تىلىغا بىرقە-
دەر دىققەت قىلغان. پېرسوناژ تىلى پېرسوناژنىڭ ئوبرازىغا مۇنا-



سىۋەتلىك بولغان يەنە بىر نۇقتا بولۇپ، پېرسوناژ تىلى ئارقىلىق-
مۇ ياراتماقچى بولغان ئوبرازنىڭ مەلۇم نۇقتىلىرىنى ئېچىپ
بەرگىلى بولىدۇ. بىز مەھەممەت شانىياز ئىشلەتكەن مۇنۇ پېرسو-
ناژ تىللىرىغا قاراپ باقايلى:

«سوغۇقتا ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن ئاق-
پىشماق ئابدۇخالىق ئۆيگە كىرگەندە ئەرەمسىما خېنىم ئۇنى
كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— ئا، ئاتتام بالام، نېمە بولدىڭىز؟ ئەپپەي!

ئابدۇخالىق بېشىدىكى تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە يېپىشىپ قالغان توپا ـ چاڭ، يوپۇرماقلارنى سىلكىۋەت-
مەكچى بولۇپ كۆتۈرۈشكە ئەرەمسىما خېنىم ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ئۇش ـ تە، بالام، ئۆي ئىچىدە كىيىم سىلكىسە
توپا ـ چاڭ ئۆي ئىچىگە توزۇمامدۇ؟ يۈرۈڭ تالاغا، — ئەرەمسىما
خېنىم شۇنداق دەپ ئۇنى ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقتى.

ئەرەمسىما خېنىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۈستىبېشىدىكى توپا ـ
چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئەرەمسىما
خېنىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۈستىبېشىغا قايتا قارىۋېتىپ چاپىنىنىڭ
ئوڭ يېڭىنىڭ ئۇچىغا كۆزى چۈشتى: يەڭنىڭ ئۇچىغا كىچىككىنە
ماڭقا چاپلىشىپ قالغانىدى. ھېچقاچان بۇنداق قىلمايدىغان ئابدۇ-
خالىقنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ ئەرەمسىما خېنىمنىڭ غۇزۇرىدە
ئاچچىقى كەلدى.

— يېپيېڭى چاپاننى مۇشۇنداق زاڭ قىلسىڭىز بولامدۇ؟ نېمگە
ئوخشاپ قالدىڭىز ئەمدى؟ نېمە بۇ؟ ئەمتەي بۇ بالىنى؟...

... ئەرەمسىما خېنىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— يەنە مۇشۇنداق كەپسىزلىك قىلامسىز؟

— ياق، ئەمدى ھەرگىز مۇنداق قىلمايمەن، ھەببۇل بۇر-
نىنى يېڭىگە ئېرتىۋىدى، مەنمۇ ئۇنى دورىغان، — دېدى ئابدۇخا-

لىق ئۆكسۈپ تۇرۇپ.»

بۇ يەردە ئاپتور ئەرەمسىما خېنىمنىڭ تىلى بىلەن ئابدۇخالىق چوڭ بولۇۋاتقان ئائىلە مۇھىتىنىڭ ھەر تەرەپلىمە قاتتىق تەلەپچانلىقىنى، ئابدۇخالىقنىڭ تىلى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك بالىلارغا خاس سەبىي ئوبرازىنى يەنە بىر ئېچىپ بېرىدۇ. ئوقۇرمەن ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن يەرلىك پۇراقنى كۈچلۈك ھىدلايدۇ.

يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرۈش زۆرۈر. يولداش مەھەممەت شانىياز مەزكۇر ئەسىرىدە بىر قاتار يېتەرسىزلىكلەرگە بىلىپ - بىلمەي يول قويغان. ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ماھارەت، بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تېخى يېتىلدۈرەلمىگەن، ئۆزلەشتۈرەلمىگەن، ئۆزىنىڭ ئايرىم ۋە مۇستەقىل ئىجادىيەت ئۇسلۇب خاھىشىنى تېخى شەكىللەندۈرەلمىگەن ھەرقانداق بىر قەلەم ئىگىسى ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى سەگەكلىك بىلەن بايقىمايدىكەن، ئۇ ئىجادىيەت يولىدا ھەرگىزمۇ ئالغا باسالمايدۇ.

مەھەممەت شانىياز ئۆز ئەسىرىدە قىسقارتىپ يازسىمۇ بولىدىغان بەزى قوشۇمچە ۋەقەلىكلەرنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا يېزىپ ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈپ قويۇشقا سەۋەب يارىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، سەككىزىنچى بابتا بايان قىلىنغان ھېيتاخۇن باي ھەققىدىكى يېزىلمىلار، ئون بىرىنچى بابتا بايان قىلىنغان ئامىر ھەققىدىكى يېزىلمىلار. بۇنىڭ توپ مىساللىرى بولالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەھەممەت شانىياز يەنە تىل ئىشلىتىشتىمۇ بىرقاتار مەسىلىلەرگە يول قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بەزى ئوخشىتىشلارنى ئېنىق قىلىمەن دەپ ئادەتتىكى قاتما تىل نورمىسىنى بۇزۇپ جۈملىنى ئۇزارتىۋەتكەن، بىز مۇنۇ ئوخشىتىشنى كۆرۈپ باقايلى:



«تۇرسۇن خەلپەتنىڭ بىرلا ۋارقىرىشى بىلەن خۇددى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيسا قازان قايناشتىن چىپ توختاپ قالغاندەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ شىپپىدە توختىدى.»

بۇ ئوخشىتىشنى يازغۇچى ئەسلىي «قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك» دەپ ئالسىمۇ ئاشۇ ئۇزۇن جۈملىگە ئوخشاش مەنىنى تولۇق ئاڭلىتالايتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىقراق جۈملە بولاتتى.

يەنە مەسىلەن، يازغۇچى ئەينى ۋاقىتتىلا قېلىپلىشىپ قالغان، ھازىرمۇ تۇرپان رايونىدا شۇ قېلىپلىشىپ قالغان شەكلى بويىچە ئاتىلىدىغان بەزى ئاتالغۇلارنى ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بۇزۇپ تاشلاپ، تىلنىڭ راۋان پاساھەتلىك بولۇشىغا نۇقسان يەتكۈزگەن. «تۇتۇن بېجى»نى يازغۇچى «موردىن ئىس چىقىرىش بېجى» دەپ ئاتاپ ئاتالغۇنى بۇزىدۇ. بۇنداق مىساللار خېلى بار. يولداش مەھەممەت شانىيازنىڭ مەزكۇر ئەسىرى تېخى تولۇق يېزىلىپ بولۇنمىغان، داۋامى بار ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ ئەسەر ھەققىدە كونكرېت، ئۇزۇن توختالمايمەن.

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدا ياسىن نىيازنىڭ ستۇدېنتلار تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان «بىرىنچى مۇھەببەت» ناملىق پوۋېستى ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەر گەرچە سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن ئىبارەت كونا تېمىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇسلۇب جەھەتتە ئاپتوردا بىر ئىجادىيلىق بار: ئاپتور ئەسەرنى كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە يازغان بولۇپ، ھەربىر «خاتىرە» ھەم ئىخچام، ھەم تەرتىپلىك، كىشىگە خۇددى نەسرىي ئەسەردەكلا زوق بېغىشلايدۇ. شۇڭا بىر ئەسەرمۇ نىسبەتەن ياخشى يېزىلغان ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېخىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەسەردە كامال بىلەن گۈلىستان-

ـنىڭ بەدىئىي ئوبرازى نىسبەتەن يارقىن يارىتىلغان. ئۇلار ستۇ-
دېنتلىق ھاياتىدا ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىدۇ، بىراق ھايات رەھىم-
سىز، شەپقەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، رېئاللىق ئاخىرقى ھېساب-
دا ئۇلارنى ئايرىپ تاشلايدۇ، ئۇلار دەرد تارتىشىدۇ، يۈرەكلىرى
مۇجۇلىدۇ، نازۇك تۇيغۇلىرى پۇچىلىنىدۇ، شېرىن كېلەچەك،
ھاياتنىڭ ئۇلار ئويلىغان لەززىتى خۇددى مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ
ئاشۇ بۇلۇڭلىرىدىكى يۈز مىڭلىغان ئەمەلىيەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇ-
لارغا زاھىر بولمايدۇ، نېسىپ بولمايدۇ.

ئاپتور دەل مۇشۇ ھايات چىنلىقىنى ئېچىپ بېرىشكە بەل
باغلىغان چاغدا ئۆزى ياراتقان ئوبرازلار، يەنى كامال بىلەن گۇ-
لىستاننىڭ كەينىدىن قەلىمىنى يورغىلىتىپ ماڭىدۇ. ھەرگىزمۇ
بىر قىسىم قەلەم ئىگىلىرىدەك ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىغا ئۆتۈۋېلىپ
ھايات قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسمايدۇ.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى مۇرەككەپ، نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى
سەممىيلىك بىلەن ئىپتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ «دېموك-
راتىيە» گە مۇيەسسەر بولغان پېرسوناژلار ھەقىقىي ئىنسان سۈپى-
تىدە ئوقۇرمەن ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسى-
نى چالغىتىپ، ئۇلارغا ھاياتنىڭ قاينام تاشقىنلىق، جۇشقۇن
كارتىنىسىنى تونۇتىدۇ. مانا شۇ نۇقتىلاردىكى ئالاھىدىلىكلىرى
بىلەن مەزكۇر ئەسەر بەدىئىي ئەسەر بولۇش ئۆلچىمىگە يېقىنلى-
شىدۇ. دېمەك، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق سانلى-
رىدا «بىرىنچى مۇھەببەت» ناملىق پوۋېست يەنە بىر ياخشى
يېزىلغان ئەسەر بولۇپ قالدى.

بۇ ئىككى پارچە ئەسەردىن باشقا «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ
1990 - يىللىق سانلىرىنىڭ پروزا سەھىپىسىدە ئۈچىنچى بىر
پارچە ئوقۇرمەننى جەلپ قىلغۇدەك ئەسەرنى كۆرۈش تەس. مەن
بۇ قارىشىمنى تۆۋەندىكى بىرقانچە پارچە ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن



كېيىن ئالغان تەسىراتلىرىم بىلەن دەلىللەشكە تىرىشىمەن:

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىنى ئاچقى-
نىمىزدا ئەڭ ئالدى بىلەن ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «تەربىيە كۆر-
مىگەنلەر» ناملىق ھېكايىسى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. يولداش ھې-
لىمنىياز قادىر تۇرپان رايونىدا بىرقەدەر ھوسۇللۇق قەلەم ئىگى-
لىرىدىن بىرى. مەن ئۇنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» سىنى بىر
ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، «بۇ خەۋەرمۇ نېمە؟» دېگەن چۈشەن-
چىگە كېلىپ ئەسەرنىڭ مۇندەرىجىسىگە يەنە بىر رەت قارىدىم،
ئۇنىڭ تۈرى «ھېكايە» ئىدى. دېمەك، ئۇ بەدىئىي ئەسەر ئىكەن.

ئاپتور بۇنىڭدا تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن يولدىن چىققان
تۆت ياشنى بايان قىلىدۇ. بۇ ياشلاردىن بىرى ئون يىل ئوقۇغان-
لىقى ئۈچۈنلا، قالغان ئۈچىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىشنى توخ-
تىتىپ، ئەسەر ۋەقەلىكىدىكى رولىنى ئادا قىلىپ يوقىلىدۇ،
قالغان ئۈچىسى بولسا ھە دېسىلا ھاراق ئىچىپ يۇرت - مەھەللى-
نى قالايمىقان قىلىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي،
بىرى سوغۇقتا مەست ھالىتىدە سىرتتا قېلىپ ئۆلىدۇ ۋە يەنە
قالغان ئىككىسى بولسا تويدا باشقىلارغا پىچاق تىقىپ قولغا ئېلى-
نىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ھېكايە» تۈگەيدۇ.

بۇ يەردە ئاپتور: مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەملەر تەربىيە كۆر-
مىگەنلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ھاراق ئىچىپ
ئۆلۈش ۋە باشقىلارغا پىچاق تىقىپ تۈرمىگە قامىلىش بىلەن
ئاخىرلىشىدۇ، دېگەن تولىمۇ بىر تەرەپلىمە، كۈلكىلىك مەنتىقى-
نى كۆتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولسا مەجبۇرىي مائارىپ
يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ياشىغان مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن
سانسىزلىغان ئەجدادلىرىمىز قانداق قىلىپ ھازىرقى بۇ ئەۋلادنى
ياراتتىكىن؟

ئاپتور بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىن تولىمۇ يىراق بولۇپ،

بۇ يازمىسىدا ھەتتا پېرسوناژلىرىنىمۇ، خالىسا ئەسكىلىك قىلغۇزۇپ، خالىسا ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرىنىڭمۇ خاراكتېرىنى ئېچىپ، ئىندىۋىدۇئاللىقىنى يارىتىپ بېرەلمەيدۇ. تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن ئاپتور، ئاخىر ئۆزى قوپۇپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۆز پېرسوناژلىرىنى تىللايدۇ: ئۇ ئۆز تىلىدا بايان بېرىۋېتىپ: «ئىشقىلىپ، بۇ بۇزۇقلار يەتتە — سەككىز تونۇرغا زىيان سالدى»، «بۇ بۇزۇقلار رەزىللىكتە ۋەھشىي ھايۋانلاردىنمۇ ئۆتەر ئىدى»، «بۇ ئەخمەق ساراڭلار تەرلەپ - پىشىپ. . . » دېگەندەك تىللارنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىمەن دەپ كۆپتىن - كۆپ ئاۋارە بولىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە شۇنى قىلچە چۈشەنمەيدۇكى، بەدىئىي ئەسەر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋىيىتى ۋە روھانىيىتى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا خاس ئىچكى دۇنياسى بولىدۇ. ھېچقاچان بىر ئادەم مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈنلا «تەربىيە كۆرمىگەن» بولۇپ بۇ ئۆزىگە خاس ئىچكى دۇنيادىن، روھانىيەتتىن مەھرۇم بولۇپ ھايۋانغا ياكى باشقا بىرەر مەخلۇقاتقا ئايلىنىپ قالمايدۇ.

ھېلىمنىياز قادىر ياراتقان بۇ ئۈچ پېرسوناژ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى رېئال ئادەم بولماي، بەلكى كىشىلەرگە ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ئاپەت ئېلىپ كەلگۈچى «يەتتە باشلىق يالماۋۇز» دۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆلگەندە، قولغا ئېلىنغاندا پۈتۈن خەلق خۇش بولۇپ قوشاق توقۇيدۇ. ھېچكىمدە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھاياتىغا ئېچىنىش تۇيغۇسى بولمايدۇ. ئىنسان سېزىم ۋە تۇيغۇ جەھەتتىن راستىنلا شۇنداق بولامدۇ؟! رېئاللىقتا ئۇنداق تەربىيە كۆرمەي يولدىن چىقىپ قالغانلار يوقمۇ ئەمەس، لېكىن بىر تەربىيىچى قەلەمكەش ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇنداق مەسىلە ئۈستىدە ئەتراپلىق، ھايات مەنتىقىسىگە ۋە كىشىلىك ھېسسىياتقا ئۇيغۇن پىكىر يۈرگۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم.



مۇشۇنداق ئادەملەر، مۇشۇنداق ئىشلار، مۇشۇنداق ۋەقەلەر بار دەپلا يېزىپ قويساق، ئۇ چاغدا بىز بەدىئىي ئەسەر ئەمەس، توغرىدىن - توغرا خەۋەر يازغان بولمايمىزمۇ؟ ئۆزىمىز بولساق بىر مۇخبىرغا ئايلىنىپ قالغان بولمايمىزمۇ؟ ئەلۋەتتە، بەدىئىي ئەسەرنىڭ خەۋەردىن، ئاخباراتتىن پەرقى بولىدىغانلىق مەسىلىسى ئۈستىدە، كەمىنە چۈشەنچە چوڭقۇرلۇقىدا ئاپتوردىن ئۈستۈن تۇرالمايمەن.

بىزنىڭ ئۇ «تەربىيە كۆرمىگەن» ئۈچ ئەزىمىتىمىز نېمە سەۋەبتىن ئاشۇنداق ھاراق ئىچىپ، چىقالماس تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان؟ ئۇلار شۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىۋاتقاندا نېمىنى ئويلايدۇ؟ ياكى ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداقمىدى؟ بۇ سوئاللارغا ئاپتور: «ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇمىغان، تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن» دەپلا جاۋاب بېرىپ قۇتۇلىدۇ. بۇ جاۋاب قانداقمۇ ئوقۇرمەننى قايىل قىلىپ، ئۇنى ھاياجانغا سالالىسۇن؟ ئوقۇرمەن بۇ ئەسەردە پەقەت ۋە پەقەت «مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بار ئىكەن - ھە» دېگەن خەۋەر چۈشەنچىسىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنداق ئاۋارىچىلىكنى تارتقان ئاپتور ھېكايىنىڭ ئاخىرىسىدىكى مۇنۇ بىر بايان جۈملىسىنىلا يېزىپ قويۇپ قۇتۇلغان بولسىمۇ بوپتىكەن: «بىز بۇ ساۋاقنى ئەستە تۇتۇپ، ئەۋلادلارنى، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلىشىمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا بېيىپ قالماي مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بېيىشىمىز كېرەك.»

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىدا پەرھات ياقۇپنىڭ «مېدالىئون» ناملىق سۆيگۈ - مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. يېڭىلا ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان بىر ھەۋەسكارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇمۇ بىرقەدەر

ياخشى يېزىلغان ئەسەردۇر، شۇنداقلا، بۇ ھەم 2 ـ ساندىكى
ھېكايىلەر ئىچىدە مەلۇم ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگىدۇر.
بىرىنچىدىن، بۇ ئەسەرمۇ گەرچە باشقا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت
تېمىسىدىكى ئەسەرگە ئوخشاشلا كونا تېما، كونا پىكىرنى ئەكس
ئەتتۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن پىكىرنى ئەكس ئەتتۇرۇش يولى
جەھەتتىن مەلۇم ئىجادىيلىقتا ئىگە. ئاپتور تېمىنى ئۆزلەشتۇر-
گەندە ئۆزىگە خاس ئىجادىي يول تۇتۇپ، پېرسوناژلارنى، ئۇلار-
نىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى،
ئوخشاشمايدىغان زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بىلەن تەمىن ئەتكەن.
مۇھىمى ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرىگە خاس خا-
راكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولالىغان. بۇ ھال ئوقۇرمەننىڭ
ھېكايە ۋەقەلىكىگە، ھېكايە پېرسوناژلىرى دۇچ كەلگەن زىددى-
يەتلىك توقۇنۇشلارغا قىزىقىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۇردى.
ئىككىنچىدىن، ئەسەردە ئاساسىي پېرسوناژ ئالىمنىڭ ئوبرا-
زى بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇلغان. يىگىتلىك قۇرامىغا
يەتكەن ھەرقانداق بىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى قانۇنى-
يىتى بويىچە ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدىغان جورىنىڭ
كويىدا بولماي قالمايدۇ. مانا شۇنداق چاغلاردا ئىنسان مۇھەببەت
سەرگۈزەشتلىرىگە ئىنتايىن باي بولىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ـ پۈتكى-
نى تېگىدىن سىنچىلاپ قارىساڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى قاي-
نىمىدىلا بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇ يەنە نازۇك، گۈزەل كۆڭۈل
تۇيغۇلىرىغا باي بولىدۇ. ئۇ بىر كۈنلۈك ھاياتىنىڭ كۆپتىن ـ
كۆپ قىسمىدا پەقەت مانا شۇ كۆڭۈل تۇيغۇلىرى دېڭىزىدا چۆمۈ-
لىدۇ. ئالىمغا ئاپتور مانا شۇ ئالاھىدىلىكنى بېرەلىگەن. مەسى-
لەن، ئالىم ھېكايىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ياكى ئاخىرىغىچە ئاشۇ
كەم دىدار رىزۋاننىڭ ئىشقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ دىدارىنى تەسەۋۋۇ-
رىدا سىزىپ چىقىدۇ. شۇ رەسىمدىنمۇ ئۆزىنىڭ ۋىسال چاڭقىشى-



نى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرىدۇ. بۇ خاراكتېرلىرى بىلەن ئالىم
رېئال ئادەمگە يېقىنلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ ئوقۇرمەننى
ئۆزىگە جەلپ قىلىش كۈچى يەنە بىر ھەسسە ئاشىدۇ.
يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بىللە بۇ ئەسەردە يەنە بىر-
مۇنچە كەمچىلىكلەرمۇ ئۇچرايدۇ: ئاپتور ياشلاردىكى سۆيگۈ ـ
مۇھەببەت ھايات پاكىتلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر قايىنىمىدا تازا
پىشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزەلمىگەچكە، ماھىيەتلىك دېتاللارنى ئېس-
تېتىك غايە، ئېستېتىك تۇيغۇ ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرالماي پۈتۈن
ۋەقەلىكنى ئومۇمىي نۇقتىدىن ئەندىزىلىك بايان تۈسىگە كىرگۈ-
زۈپ، ئەسەرنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېتىشىگە كەڭ
مەيدان ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەن ۋەقەلىك
بايانى كەينىدىن يۈرۈپ ئانچە چوڭ بىر ئېستېتىك نەپكە ئىگە
بولالماي، ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان پاجىئەگە يۈزلىنىدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتور ھېكايىنىڭ بىرقانچە يەرلىرىدە
ئۇقۇم جەھەتتىن مەنتىقسىزلىككە ياتىدىغان، غۇۋا، مەۋھۇم
ۋەقەلىك، بايانلارنى زورلاپ ئەسەرگە كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن،
ھېكايىنىڭ بېشىدىلا ئابلەت رىزۋانغا كەيپ ھالدا بىزەڭلىك بىلەن
گەپ قىلغاندا، قىز بىلەن ئابلەت ئارىسىدا ھېچقانچە كەسكىن
زىددىيەت توقۇنۇشى ياكى ئۈنلۈكرەك گەپ ـ سۆز بولمايلا ئەتراپ-
تىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئويۇن كۆرگەن تاماشىبىنلار-
دەك توپلىشىپ كېتىدۇ.
ئالىم رىزۋاننى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغىچە، ئېرىقنىڭ
ئىچىگە تاشلاپ قويغان رىزۋاننىڭ ۋېلسىپىتىنى «ئۇنتۇپ» قالى-
دۇ. بۇ يەردە ئاپتور مېدالىئون ۋەقەلىكنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاش-
تۇرۇش ئۈچۈن، ئالىمغا قايتا رىزۋان بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسى-
تىنى بەرمەي، شۇنداق ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي يىگىتكە خەقنىڭ
بىر ئوبدان ۋېلسىپىتىنى تاشلاتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاپ-

تور ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئىجابىي پېرسوناژ ئالىمنىڭ ئېسىل ئوبرازىغا ئاساسسىزلا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ھېكايىدىكى بۇنداق مەنتىقىسىزلىك، غۇۋا، مەۋھۇملۇق ئوقۇرمەنگە ئاپتورنىڭ ۋەقەلىك بىلەنلا ھەپىلىشىپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قارايدىغانلىقىنى تونۇتۇپ قويىدۇ. مەنتىقىۋى توغرىلىق بەدىئىي ئەسەردە ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر. بۇ ئەقەللىي تەلەپنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلالماسلىقنىڭ ئۆزى بىر قەلەم ئىگىسىگە مۇناسىپ ئىجادىيەت چۈشەنچىسىگە نابابتۇر. بۇنداق ئەھۋال مەزكۇر ئەسەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

بۇ يېتەرسىزلىكلەردىن باشقا يەنە، ئوقۇرمەننى ھېچنېمە چۈشەنمەيدىغان بالا كۆرگەندەك، بەزى تەسۋىر ۋە بايانلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئاپتور، كۆلكىلىك جۈملىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ بولسىمۇ قىزنىڭ بوينىغا ئاسىدىغان مېدالىئون ئىدى» دەيدۇ ئاپتور ھېكايىسىدە. مېدالىئوننى دېمىسىمۇ بويۇنغا ئاسىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ خۇددى قولغا كىيىدىغان پەلەي، پۇتقا كىيىدىغان پايپاق، دېگەندەكلا گەپ. پەلەينىڭ قولغا، پايپاقنىڭ پۇتقا كىيىدىغان نەرسە ئىكەنلىكى ئېنىق ئۇقۇمدۇر. يەنە مەسىلەن، «بىلەكتەك يوغان بىر قىزىل بېلىق بۇ بىر توپ بېلىقلارغا قوشۇلماي، سۇئىي تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىۋېلىپ، يالغۇز، جىمىدە سۇنى سۈمۈرۈپ، ئىككى بىقىنىدىن چىقىرىپ تۇراتتى». ئاپتور قىزىل بېلىقنىڭ جىمىدە تۇرغىنىنىلا بايان قىلىپ كۆپايىلەنگەن بولسا، ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى بولغان ئوقۇرمەن بېلىقتىن ئىبارەت بۇ جانلىقنىڭ خۇددى ئادەم نەپەسلەنمىسە تۇرالمىغاندەك، سۇنى سۈمۈرۈپ تۇرمىسا تۇرالمايدىغانلىقىنى قىياس قىلالايتتى.



ئاپتور يەنە پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان نوقۇل توقۇلما، كىرىشتۈرمىلەرنى زورلاپ ئەسەرگە كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن، ئىچىملىكلەر بوتكىسىدا ئولتۇرغان ئالىم، ئىككى قىزنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلايدۇ: زىل ئاۋازلىق قىزنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە «ئاجايىپ ئىللىق سېزىم» بىلەن «بىر خىل تۇيغۇنى ئېلىپ كىرىدۇ»:

«— سېنىڭچە مال ساتقۇچىلىق مۇھىم خىزمەت ئەمەسمىكەن؟ توغرا، جەمئىيەتتە ئىش تەقسىماتى ئوخشاش ئەمەس، شۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ، دوستۇم، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى بىر پۈتۈن گەۋدە، شۇڭا جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم ئەمەسمۇ؟ سەن ھە دېسە خېرىدارلاردىن ئاغرىنىسەن، بىراق بىز خېرىدارلار ئارقىلىق خىزمەت قىلىمىزغۇ؟ شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت، بىز ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەك، ئۇلار بىزنى كەمسىتمەيدۇ، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى مۇھىم، شەرەپلىك دەپ بىلىدۇ. شۇڭا مۇقەررەر ھالدا باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشىمىز، ياخشى مۇلازىمەت بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم».

ئالىم ئوبرازى ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھېچقاچان بۇنداق سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، سىياسىيۋىلىكى شۇقەدەر كۈچلۈك ئوبراز سۈپىتىدە گەۋدىلەنمىگەنىدى. بىراق شۇنداق چۈشەنچە، شۇنداق قاراش، شۇنداق ئاڭغا ئىگە بۇ كوممۇنىزم ئىزباسارى بولغان قىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىگىلا، ئاپتور ئالىمنى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرۈۋېتىدۇ. بۇلار ئارقىلىق ئاپتور ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا يەنە توساتتىن بىر مەۋھۇم پېرسوناژنى پەيدا قىلىپ، ئالىمنىڭ

مۇقىم، نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان خاراكتېرىنى يوققا چىقىردۇ، ئۇنىڭ بارلىق قاراشلىرىنى، ھەتتا سۆيگۈ چۈشەنچىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان، ئۆلۈم ئالدىدىكى زەبەردەس كوممۇنىستنىڭ قارىشىغا يىغىنچاقلايدۇ.

ئەسەردە يەنە ئەسلىي ھاجەتسىز بولغان بەزى ۋەقەلىك بايانلار قىستۇرۇلۇپ ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرىدۇ. مەسىلەن، ئالىم سوغۇق ئىچىملىكلەر بوتكىسىغا كىرگەن چاغدا ئولتۇرغان ئىككى جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەققىدىكى يېزىلمىلار ئەسلىي ئەسەرگە قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمىغان يېزىلمىلاردۇر. بۇنداق ئۇزۇن يېزىلمىلار ئوقۇرمەننى زېرىكتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئوڭۇشلۇق يېزىلىپ كېتىۋاتقان بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ، قۇرۇلمىسىنى بۇزىدۇ.

بىز يۇقىرىدا قىسقا توختالغان «كەلگۈسىنىڭ شائىرى»، «بىرىنچى مۇھەببەت»، «تەربىيە كۆرمىگەنلەر»، «مېدالىئون» قاتارلىق تۆت پارچە ئەسەر، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق پروزا سەھىپىسىدىكى نىسبەتەن گەۋدىلىكرەك ئەسەرلەر بولغىنى ئۈچۈن باشقا ئەسەرلەر توغرىسىدىمۇ كونكرېت توختىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياسىتىنى تېخىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش فاڭجېنى بويىچە، ئۈزۈمزار قەلەمكەشلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى تېمىلارنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشلىرى تولىمۇ زۆرۈر. مۇشۇنداق شارائىتتا بىز يۇقىرىقىدەك ئۇتۇق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، قېلىپقا چۈشۈپ قالغان قەلىمىمىزنى كەڭ، رەڭگارەڭ ئىجتىما-



ئىي مۇھىت مەيدانىدا يېڭى يوللارغا باشلىمىساق بولماس.

مەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990 ـ يىللىق سانلىرىنىڭ پروزا سەھىپىسىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىقىپ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشلىرى تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتىمەن:

بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ باي، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ قايناق قىسمىدىن يېڭىدىن يېڭى، يورۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان ئومۇمىي، تىپىك تېمىلارنى تېپىپ چىقىشقا، تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، شۇ تېمىلارنى ئۆزىنىڭ قارىشى ئاساسىدا چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ قەلەمكەشلىرىمىز تىل ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى، بۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ جانلىق تىل بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىشى، تىل جەھەتتە خەلقنى ئۇستاز تۇتۇشى، يازغان ئەسەردىكى ھەربىر ئابزاس، جۈملە ۋە ھەربىر سۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ قەلەم تەۋرىتىشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەرلىرىمىزدە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا كۆپتىن ـ كۆپ دىققەت قىلىشىمىز، ياراتقان ئوبرازلىرىمىزنىڭ چىن، ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇرمەنگە ئېستېتىك زوق، ئىلھام بېرىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي چۈشەنچىلىرىنى بەدىئىي ئەسەرگە سۆرەپ ئېلىپ كىرىپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە ئورۇنۇپ، ئادەتتىكى ئەقەللىي ھايات قانۇنىيەتلىرىنى، مۇرەككەپ ئىنسانىي جەمئىيەتنى ۋە بۇ ھەقتىكى

ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەسەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئىجادىيلىقنى يولغا قويۇپ «ئەنئەنىۋى» ئۇسۇل بىلەن چەكلىنىپ، ئۆزىمىزنى قىيىنىماي، ئۇسلۇب جەھەتتىكى «دېموكراتىيە» نى جارى قىلدۇرۇپ، «ھەر خىل گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشى» غا ئىمكانىيەت يارىتىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.



# بىر ئوبزورنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم[①]

مەن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئالغان تەسىراتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان «‹تەربىيە كۆرمىگەنلەر› ھېكايىسىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالەمنى ژۇرنالغا بېرەي دەپ تۇرغاندا «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 2 - سانى نەشردىن چىقتى. بۇ سانىدا يولداش ئابدۇبەسىر شۇكۇرىنىڭ «‹تۇرپان› ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق پروزا سەھىپىگە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ماقالىسىدە «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق سانلىرى ئارىسىدىكى تۆت پارچە ئەسەرگە باھا بېرىلىپ شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىكى «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسى نۇقتىلىق تۇردە تەنقىد قىلىنغان. مەن بۇ ماقالىدىكى ھېكايىگە بېرىلگەن باھا بىلەن ھېكايىدىن ئالغان تەسىراتىمنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى ماقالەمنى تولۇقلاش ۋە كېڭەيتىش ئاساسىدا بۇ ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. تۆۋەندە «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسى ۋە ئوبزور توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىمنى كەڭ كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە رېئال تۇرمۇشنى نوقۇل ھالدا تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمەستىن كىتاب-

---

① بۇ ماقالە ئەخمەتجان ئىمىننىڭ ماقالىسى بولۇپ، ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قارشى يېزىلغان. شۇ سەۋەبتىن مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

خانلارغا نىمىنىڭ ناچار ، نىمىنىڭ ياخشى ، نىمىنىڭ مەدھىيە-
لەشكە ئەرزىيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ، نىمىنىڭ تەنقىد قىلىشقا
ياكى قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ ،
مۇئەييەن ئىجتىمائىي غايىنى ۋە ئېستېتىك قارىشىنى سىڭدۇ-
رۇپ ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى ۋە باھاسىنى
ئىپادىلەيدۇ . يولداش ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەن-
لەر » ھېكايىسىنى يۇقىرىدىكى بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە
مۇجەسسەملەشتۇرگەن ياخشى ھېكايىلەردىن دېيىشكە بولىدۇ .

ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ساقلىنىۋات-
قان ، چېكىدىن ئاشقان ئالىيجاناب ئەخلاققا بولغان بىر قىسىم
ناچار ئىللەتلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ ، تەربىيە كۆرمىگەن ،
قېلىپقا چۈشمىگەن ، مىللەتنىڭ غورۇرىنى ، ئاتا ـ ئانا قېرىنداش-
لىرىنى يۈزىنى تۆكۈۋاتقان بىر قىسىم ئەخلاقسىز ياشلارنى قات-
تىق تەنقىد قىلغان .

ھېكايىدە ھېمىت ، رىشىت ، راخمان قاتارلىق تەربىيە كۆر-
مىگەن ئۈچ ئەخلاقسىز ياشنىڭ داۋاملىق ھاراق ئىچىپ ، مەست
بولۇۋېلىپ ، كىشىلەرنى سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلىگەنلىكى ،
قەستەن جېدەل چىقىرىپ ، ئادەم ئۇرۇپ ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداش-
لىرىنىڭ پايدىلىق نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ، جامائەت
تەرتىپىنى بۇزۇپ ، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈز-
گەنلىكى ۋە بىرقاتار ئەخمىقانە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ، كى-
شىلەرنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانلىقى ، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ شەرمەن-
دىلەرچە ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشتىن ئېلىنغان رېئال ۋەقەلىك جانلىق ، نۇقتىلىق ھالدا ئەكس
ئەتتۇرۇلگەن . لېكىن يولداش ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئۆز ماقالى-
سىدە «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنى نوقۇل ھالدا «بۇ
ھېكايە ئەمەس ، خەۋەر » ، «ئاپتور ئۆز ھېكايىسىدە پېرسوناژلار



خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن » ، «ھېكايىدىكى ئۈچ پېرسوناژ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال ئادەم ئەمەس » ، «ھېكايىدىكى
ئۈچ پېرسوناژ پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرىغاندا ھېچكىمدە ئۇلار-
نىڭ ئىنسانىي ھاياتىغا ئېچىنىش تۇيغۇسى بولمايدۇ » ، «بۇ ھېكا-
يىدىكى ۋەقەلىك بىر تەرەپلىمە بولۇپ ، ھايات مەنتىقىسىگە ئۇي-
غۇن ئەمەس » ، «ھېكايىنى ئوقۇغان كىشى خەۋەر چۈشەنچىسى-
دىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ » دېگەندەك بىرقاتار
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىسپات-
لىماقچى بولغان . مەن ماقالە ئاپتورى ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى
بىرقانچە مەسىلىلەرنى ئۆزۈمنىڭ ھېكايىنى ئوقۇش جەريانىدا
ھېس قىلغانلىرىم بويىچە شەرھلەپ ئۆتمەكچى .

ماقالە ئاپتورىنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنى
«ھېكايە ئەمەس ، خەۋەر » دېيىشىدىكى سەۋەب ، مېنىڭچە ھېكاي-
نىڭ ، بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىدىن ئەتراپلىق پايدىلانمىغانلى-
قىدىن بولسا كېرەك . لېكىن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى ،
ئەگەر ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك ،
ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولىدىكەن ئۇنىڭ بەدىئىيلىك جەھەت-
تىكى خاتالىقلىرىغا ۋە ياكى يا ئۇنداق ، يا مۇنداق يېتەرسىزلىك-
لىرىگە ئېسىلىۋېلىپ ئەسەرنى بىراقلا ناچار ئەسەر قاتارىغا كىر-
گۈزۈۋېتىش ، ھېكايىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىقىشى ۋە كەمچىلىك ـ
خاتالىقلىرىنىڭ سادىر بولۇشتىكى ئامىللارنى ھېسابقا ئالماي ئۇنى
مۇئەييەنلەشتۇرۇۋېتىش ۋە ياكى ئەسەرگە بىرقانچە قالپاقنى كىي-
دۇرۇپ قويۇپلا ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتىش تولىمۇ يۈزەكىلىك ۋە
ئەسەرگە توغرا مۇئامىلە قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئەگەر ماقالە ئاپتورىنىڭ سۆزى بويىچە بۇ ھېكايە «ھېكايە
بولماي خەۋەر » بولسا ياكى ھېكايە يېزىش خەۋەر يېزىشقا ئوخشاش
ئاددىي ئىش بولسا ، خەۋەر يېزىشتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار

كىشلەرمۇ ئاجايىپ «قالتىس» ھېكايىلەرنى يېزىۋەتكەن بولاتتى-
غۇ؟ تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، «بەدىئىي ئەسەرنىڭ خەۋەر،
ئاخباراتتىن پەرقى بولىدىغانلىقى جەھەتتىكى چۈشەنچە چو ۋرلۇ-
قىدا ماقالە ئاپتورىدىن ئۈستۈن تۇرغان يازغۇچى» ئۆز ھېكايىسى-
نىڭ خەۋەر ياكى ھېكايە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالماسمۇ؟ ماقالە
ئاپتورى يەنە تەنقىدىي ماقالىسىدە «ئاپتور ئۆز ھېكايىسىدە پېر-
سوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن» دەپتۇ. بىز ھېكايىنى
مۇنداقلا ئوقۇپ چىقساق كاللىمىزدا يۇقىرىقىدەك تەسىراتنىڭ
پەيدا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

توغرا «بەدىئىي ئەسەر پېرسوناژلارنىڭ خاراكتې ، ئۇنىڭ
ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋىيىتى ۋە روھانىيىتى ئارق ىق ئېچىپ
بېرىدۇ» . لېكىن پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئەڭ
مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستە يەنىلا تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز ھېكايىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىدىغان بىر ساق پېر-
سوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ مۇكەممەل تەھ-
لىل قىلىپ باقايلى. ئاپتورنىڭ ئۆتكۈر، ھەجۋىي تىل ۋاستى-
سىدىن پايدىلىنىپ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن-
لىكىنى ھەمدە پېرسوناژلارنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەتلىر ى ۋە تاشقى
قىياپىتىدىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ «تەربىيە كۆر گەن، قې-
لىپقا چۈشمىگەن، بۇرژۇئا تۇرمۇش چاكىنىلىقلىرىنى يۇقتۇرۇ-
ۋالغان (ئاپتور ھېكايىسىدە «تەربىيە كۆرمىگەنلا ىشى بولسا
ھايۋانغا ياكى باشقا مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ» دېمەكچى ئەمەس،
بەلكى رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم ئەخلاقسىز ياشلارنى
كۆزدە تۇتقان) جەمئىيەتتىكى بەزىبىر ئەخلاقسىز، مەدەنىيەت-
سىز، قالاق ياشلارنىڭ ۋەكىللىرى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. بولۇپمۇ ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ
بېرىشتە دىئالوگ مۇھىم رول ئوينىغان. بىز ھېمىت، رىشىت،



راخمانلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى دىئالوگلارنى
كۆرۈپ ئۆتەيلى.

«ككىڭغۇ كەينىمگە كىرىپ خېلى كۆپ ھۈنەرلەرنى ئۆگى-
نىشتىڭ، ئاۋۇ مۇرات دېگەن لامزەللە بوۋىسىدىن قورقۇپ تالاغا
چىقالماي غان بولدى.» يوق بولۇپ كەتتىڭغۇ دېسەم ‹ ئەمدى
سىلەرگە قوشۇلالمايمەن، مۇئەللىم ئۇچراپ قېلىپ، قىلغان
ئىشلىرىم ى يۈزۈمگە سېلىۋىدى ئۆلگۈدەك بولدۇم. ئون يىل
ئوقۇغىنى ئازمۇ، ئەمدى زىيادە ئىشلارغا ماڭمايمەن› دەيدۇ.

— ئون يىل ئوقۇپ كادىر بولدىمۇ؟ بىز ئاران 2 ـ، 3 ـ
سىنىپقىچە ئوقۇغاندا ئۆيدىكىلەر مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ،
موللامغا ب گەن. بىرەر يىل ئارا ـ چۆلا موللامغا باردۇق.
ئەلھەمدۇنى بىلىۋالدۇق. . . — دېدى ھېمىت.

— ئو غان، ئوقۇغان دەيدىكەن، بىز ئوقۇمىغان بىلەن
شياڭگاڭغا ىرىپ قويسا چانمايمىز، دېسكو، ياۋبەيۋۇلارنى سۆ-
يىمىز، قان ق دېدىم، — دېدى راخمان.

— را ت دەيسىنا، راخمان، مانا مەدەنىيەت دېگەن بىزدە،
كىنولاردىكى ارتىسلاردىن نەرىمىز كەم، يۈرۈشلار ئىچىمىز —
دېدى »

م الوگلار پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدى-
غان دېتال لۇپ، بىز بۇ دىئالوگلارنى ئوقۇساق جەمئىيىتى-
مىزدىكى بور ۇئا مەدەنىيىتىگە بېرىلگەن، ياخشى تەربىيىلەنمى-
گەن، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى هاراق بىلەن ئويۇن ـ تاماشىدىنلا
ئىزدەيدىغان ۆ لاقسىز، پەسكەش كىشىلەر كۆز ئالدىمىزدا پەيدا
بولىدۇ.

ماقالە ئا ى يەنە ئۆز ماقالىسىدە «ھېكايىدىكى ھېمىت،
رىشىت، راخ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى رېئال ئادەم ئە-
مەس» دەيدۇ. ت شۇنداقمۇ؟

ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىز جاۋاب بېرىپ باقسۇن، بىز ياشا-
ۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ھېمىت، رىشىت، راخمانلارغا
ئوخشاش ياشلار زادى يوقمىدۇ؟ ئەگەر بار بولسا، ھېكايىدىكى
ئۈچ پېرسوناژ نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى رېئال
ئادەملەر بولماي، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى «يەتتە باشلىق يالما-
ۋۇز» بولۇپ قالىدۇ؟ يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «تەربى-
يە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىدىكى ھېمىت، رىشىت، راخمانلاردىن
ئىبارەت ئۈچ پېرسوناژ پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرىغاندا «ھېچ-
كىمدە ئۇلارغا نىسبەتەن ئازراقمۇ ئىنسانىي ئېچىنىش تۇيغۇسى
بولمىغان» ئەمەس، بولغان. بۇنى ھېكايىدىكى ئۈچ ياشنىڭ پاجى-
ئەلىك تەقدىرىدىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈچ ياشنىڭ ھاياتىغا
ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ھېسداشلىق قىلىپ ئېيتقان «ياش بالىدى،
ۋاي يامان بوپتۇ» ، «بىچارە ئايىسخانغا ئەلەم بولدى ـ دە»
دېگەندەك بىرقاتار سۆزلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ھەمدە ھەر-
قانداق بىر كىتابخانمۇ ھېكايىنى ئوقۇپ چىقىپ، ھېمىت، رى-
شىت ۋە راخمانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە ئېچىنماي قالمايدۇ.
ماقالە ئاپتورى «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنى تېخىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەنقىد قىلىپ «بۇ ھېكايە ھايات مەنتىقىسىگە
ئۇيغۇن ئەمەس» ، «ئۇ كىشىگە خەۋەر چۈشەنچىسىدىن باشقا ھېچ-
نېمە بەرمەيدۇ» دېگەن بىر تەرەپلىمە، يۈزەكى كۆزقارىشىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسى راستىنلا
«ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس» مىدۇ؟ ئاپتور ھېكايىسىدە
«مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئادەملەرلا بولسا تەربىيە كۆرمىگەن بولى-
دۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھاراق ئىچىپ ئۆلۈش، تۈرمىگە ك-
رىش» دېگەن «تولىمۇ بىر تەرەپلىمە، كۈلكىلىك مەنتىقە» نى
كۆتۈرۈپ چىقارغانمىدۇ؟ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە سوغۇققانلىق
بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق يۇقىرىدىكى سوئاللارغا قايىل



قىلارلىق جاۋاب تاپالايمىز. بىز ئالدى بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز
كېرەككى، يېزىلاردا ۋە شەھەرلەردە بولسۇن «تەربىيە كۆرمىگەن-
لەر» ھېكايىسىدىكى ھېمىت، رىشىت، راخمانلاردەك ياشلار ھا-
زىرمۇ بار. ئۇلار ھاراقنى كوچا ـ كوچىلاردا ئۆلگۈدەك ئىچىپ
يۇندىلارغا مىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى، ئادىمىي-
لىك سۈپىتىنى يوقاتماقتا، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە
تەسىر يەتكۈزمەكتە. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىدىكى ۋە-
قەلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەمدە يۈز بەرمەك-
تە. . . مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھې-
كايىسىنى ھايات مەنتىقىسىگە تامامەن ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ.
يولداش ھېلىمنىياز قادىر بۇ ھېكايىسىنى يېزىش ۋە ھېمىت،
رىشىت، راخمانلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى يورۇتۇپ بېرىش
ئارقىلىق ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم تەربىيىلەنمى-
گەن، قالاق ياشلىرىمىزنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنغان. مىللەتنىڭ
كېيىنكى تەقدىرىگە ئېچىنغان. ئەلۋەتتە ھېكايىدىكى قىسمەن
چۈشەنچىلەرنى ئادەتتىكى خەۋەرلەردىمۇ ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن،
لېكىن «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنى ئوقۇغان كىتابخان
«خەۋەر چۈشەنچىسىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دېيىش
خاتا. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆرۈپ يەنە بىر تەرىپىنى
ھېسابقا ئالمىغانلىق. توغرا، «تەربىيە كۆرمىگەنلا كىشىلەرنىڭ
ئاقىۋىتى ھاراق ئىچىپ ئۆلۈش، تۈرمىگە كىرىش» دېسەك بۇ
تولىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. لېكىن يولداش ھېلىمنىياز
قادىر ئابدۇبەسىر ئېيتقاندەك ئۇنداق كۈلكىلىك مەنتىقىنى كۆتۈ-
رۈپ چىققان بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر
قىسىم تەربىيە كۆرمىگەن، ھاراقكەش، ئەخلاقسىز ياشلارنى پرو-
توتىپ قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تۇرمۇش رىددىيەتلىرى ئار-
قىلىق تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ھەمدە كەڭ ياشلارنى كىچە-

كىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيىلىنىشكە، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىپ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشقا ئۈندىگەن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، يولداش ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «تەر-بىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنىڭ كەڭ ياشلارغا بېرىدىغان تەربى-يىسى ۋە رېئال ئەھمىيىتى زور بولۇپ، ئۇ رېئال تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققان جانلىق ۋە يارقىن بولغان ئوبراز-لىق ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تۇرمۇشتا گۈزەللىكمۇ بولىدۇ، رەزىللىكمۇ بولىدۇ، ئۇتۇقلۇقمۇ بولىدۇ، نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكمۇ بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇرچى تۇرمۇش-تىكى ناچار ئىستىللارنى، رەزىللىكلەرنى كۆچىنىڭ بارىچە پاش قىلىش ۋە ناچار خاھىشلارنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش-تىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە يولداش ھېلىمنىياز قادىر ئۆزىنىڭ بۇرچىنى تونۇپ يەتكەچكە «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىدە ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن ھەمدە ھېكايىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك جەزبىدارلىققا ئىگە بولغان.

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيە-تىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆز ئە-سىرىدە ھەقىقىي چىنلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىن كەلگەن. لېكىن ئۇتۇقلۇق بار يەردە كەمچىلىكمۇ بولىدۇ دېگەندەك، «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسىدە ئاپتور كىچىككىنە بىر خاتالىققا يول قويغان. يەنى ھېكايىدىكى ئۈچ مەستنىڭ ئون نەچچە ئادەم پىشاڭ بىلەن تەسلىكتە كۆتۈرگەن 400 — 500 كىلوگرام ئېغىرلىقتى-كى شىر تاشنى كوچا دوقمۇشىدىن كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكى-ۋېتىشى مېنىڭچە تازا ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. ئۈچ كىشىنىڭ يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنى ئارانلا كونترول قىلىپ تۇرغان ئۈچ مەستنىڭ 400 — 500 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تاشنى يۆتكىۋې-



تەلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ يەردە بىز ئاپتورنى مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلاندىمىكىن دېسەك بۇ ھېكايىدى-كى رېئال ۋەقەلىككە زىت بولۇپ قالىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ كىچىككىنە سەۋەنلىك ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىگە چوڭ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

مەن ئاخىرىدا تىرىشچان يازغۇچى يولداش ھېلىمنىياز قادىر-نىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە خاتالىق ۋە يېتەر-سىزلىكلەردىن ساقلىنىپ «قىڭغىر يول»، «تەربىيە كۆرمىگەن-لەر»، «ئەلۋىدا ئايجامال»، «تاڭ ئالدىدىكى تۇمان»، «ئانار-خان پاجىئەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئىدىيىۋى مەزمۇ-نى ساغلام، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنى كەڭ كىتابخانلارغا كۆپلەپ تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يولداش ئابدۇبەسىر شۇكۇرىنىڭ ۋە باشقا كەڭ كىتابخانلارنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھېكايىسى ئۈستىدە ۋە ھەر ئىككى ماقالىدە ھېكايىگە بېرىلگەن باھا توغرى-سىدا باشقا ئوخشاشمىغان كۆزقاراشلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

# «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھەققىدە يەنە ئىككى ئېغىز گەپ

پېقىر «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «‹تۇرپان› ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى پروزا سەھىپىسىگە بىر نەزەر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا، بىرنەچچە پارچە ئەسەر ئۈستىدە كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. بىراق ماقالە سەھىپىسىنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبلىك ھەرقايسى ئەسەرلەر ھەققىدە، بولۇپمۇ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» ھەققىدە تەپسىلىي توختىلالمىغانىدىم. ئەمدى «تۇرپان» نىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئەخمەتجان ئىمىننىڭ مەزكۇر «ھېكايە» نى مۇئەييەنلەشتۇرگەن ئاساستا يېزىپ چىققان «بىر ئوبزورنى ئوقۇپ ھېس قىلغانلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى كۆرۈپ، «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماقتىمەن.

ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى مۇئەييەنلەشتۇرمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق نامەردلىك بولمىغىنىدەك، ناتوغرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى سەمىمىي يوسۇندا، توغرا مەيداندا تۈزەتمەسلىك ۋە توسۇماسلىق ئوخشاشلا ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە مۇخالىپتۇر.

رۇسنىڭ مەشھۇر تەنقىدچىسى ۋ. گ بېلىنىسكى: «ئەدەبىيات ئۇ سەنئەتتۇر، سەنئەت بولسا ئوبرازلار ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشتۇر[1]» دېگەن ئاجايىپ دانا ۋە گىگانت پىكىرنى ئوتتۇرىغا

① «كوممۇنىزم تۇغى» 1991 ـ يىل 1 ـ فېۋرالدىكى سانى، نازىنبايېفنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.



قويغانىدى. بەرھەقكى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى (ئەسەرگە نىسبەتەن بەدىئىي ئىشلەش) بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ، بەدىئىي سەنئەتنىڭ جېنىدۇر. تۇرمۇشنى، ئىنسان مەدەنىيىتىنى سەنئەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈش ئىلمى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن روشەن پەرقلىق بولىدۇ. «ھېكايە تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. ئۇنىڭدا تۇرمۇشنىڭ ئەكسى، تۇرمۇشنىڭ تىنىقى بولىدۇ. ئەمما ئۇ تۇرمۇشنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، نان بۇغدايدىن چىقىدۇ، بۇغداي تۇپراقتىن چىقىدۇ. ئەمما بۇ ئۈچىسى ئۆزئارا سۈپەت پەرقىگە ئىگە[1]. » بارلىقنىڭ ئەسلىدە بار بولغان شەكلىنىلا خاتىرىلىۋېلىش ھېچقاچان سەنئەت تۈسىگە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنداقكەن ئۇ كىشىگە ھەم ھېچقانداق ئېستېتىك زوق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بارلىق مۇھىتىدىن ئۆزى تاللىۋالغان، تېخى ئوبرازلاشمىغان دېتاللارنى تەسەۋۋۇرغا باي ئېڭىدا تاۋلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئىنچىكە، نازۇك، مەركەزلىك، سەزگۈر، تولقۇنۇشلۇق ۋە گۈزەل بولغان ئومۇمىي نۇقتىلارنى خۇددى بىر دۆۋە مېرودىلار ئىچىدىن ئالتۇننى ئايرىپ چىققاندەك ئايرىپ چىقىدۇ. بۇ تۇرقىدا يازغۇچى ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئاڭشۇناس بولىدۇ.

خوش، شۇنداقكەن، دېمەك، بەدىئىي ئەدەبىيات روھىيەت ۋە جىسمانىيەتتىن تەركىب تاپقان ئىنساندىن ئىبارەت بۇ بارلىقنىڭ جىسمانىيەت قىسمىنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ جىسمانىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ جىمىسىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى، ئىنساننىڭ تۈپ ۋە بىردىنبىر بەلگىسى بولغان روھىيەت قىسمىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە دۇنياۋى يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوف مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەبىيات مەسىلىسىنىڭ نېگىزى ئادەم مەسىلىسى،

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، 14 ـ بەتكە قاراڭ.

تېخمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا ئادەمنىڭ مەنۋىيىتى مەسىلىسى.»[1]
«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىن شەخسنىڭ مەنۋىيىتى ھەققىدە
ئاپتورنىڭ قايسى مۇلاھىزىسىنى، شەخسنىڭ زىددىيەتلىك دۇنيا
قارىشى ھەققىدە ئاپتورنىڭ ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك
قايسىبىر قۇرىنى يولۇقتۇرۇش مۇمكىن؟ «تەربىيە كۆرمىگەنـ
لەر» نىڭ بىرىنچى بۆلىكىدىكى، بوۋاينىڭ «ھەي مۇرات، ھەي
مۇرات، مۇشۇ ھەزىلەكلەر سېنىڭ ئاغىنىلىرىڭما! بىزدىن كېـ
يىن قالساڭلار قانداق كۈن ئالىسىلەر، سىلەرنى قانداق مىللەت
دەپ ئاتىسا بولىدۇ؟ ئۇلار ئوقۇمىغان، تەربىيە كۆرمىگەن، سەنـ
چۇ؟! ئون يىل ئوقۇغىنىڭ، تەربىيە ئالغىنىڭ قېنى؟!! ھەي
ئىسىت...» دەپ كايىشلىرىدىنمۇ؟ ياكى ئىككىنچى بۆلىكىدىـ
كى «ئۇلارنىڭ كاللىسى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىغىنى بىلەن تەرـ
بىيە كۆرمىگەچكە ئىشلىمەيتتى...» دېگەن ئاپتور باياندىنمۇ؟
ۋە ياكى ئۈچىنچى بۆلىكىدىكى «ئوقۇمىغان، تەربىيە كۆرمىگەنـ
لەرنىڭ ئىشى...» دېگەن مەھەللە ئەھلىنىڭ غۇلغۇلىسىدىنمۇ؟
ياكى بولمىسا تۆتىنچى بۆلىكىدىكى «تەربىيە كۆرمىگەنلەرنىڭ
ئاقىۋىتى، بىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى، يەنە بىرلىرى تۈرمىگە
كىردى، بۇ ئاچچىق ساۋاق...» دېگەندەك مەھەللىداشلارنىڭ
غۇلغۇلىسىدىنمۇ؟ ياق، ياق، مۇبادا ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى
ئەنە شۇنداق خۇلاسە خاراكتېرلىك بىرەر جۈملە بىلەنلا ئىپادىلەپ
قۇتۇلۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، بەدىئىي ئەسەر يېزىشنىڭ ھېچـ
قانداق زۆرۈرىيىتى بولماس ئىدى. جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ
بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان لېۋ. تولىستوي: «ئەگەر
سىز ھېكايىڭىزدە ئىپادىلىمەكچى بولغاننى سۆھبىتىڭىزدە سۆزـ
لەپ بېرەلىسىڭىز، سىزگە ھېكايە يېزىشنىڭ ھاجىتى بولمىغان
بولار ئىدى[2]» دەيدۇ. يۇقىرىقىلارنى بىز ئاپتورنىڭ ئىنساننىڭ

---

① چ. ئايتماتوف: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» خەنزۇچە نەشرى 37 ـ بەت.
② «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، 9 ـ بەتكە قاراڭ.



روھىدىكى نازۇك ئەمما مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك بولغان نۇقتىـ
لارنى ئىپادىلىگەنلىكى دەپ چۈشەنسەك، ئۇ ھالدا بۇنداق ئاددىي
سۆزلەر تىزمىسىنى ھەرقانداق بىر ئەقلى جايىدا بولغان ساۋاتلىق
ئادەم ئاغزاكى دەپ بېرەلەيدىغۇ؟ بۇ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكـ
تەپ ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپلاردا بالىلارغا تەربىيە قىلىپ، ھامان
دەپ يۈرىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرغۇ؟ تېخى ئاندا ـ ساندا مەكتەپ
يۈزى كۆرگەن يېزا سىياسىي كادىرلىرىمۇ بۇ توغرۇلۇق بۇنىڭـ
دىنمۇ راۋان جۈملىلەرنى بايان قىلالايدىغۇ ئاخىر؟!
بىز داڭلىق يازغۇچىلاردىن سېتفان زېۋېگىنىڭ «ناتونۇش
ئايالدىن كەلگەن خەت» ناملىق مەشھۇر پوۋېستىنى ئالساق، ئاپـ
تور پۈتۈن ئەسەرنىڭ ھەممىسىدە «ناتونۇش ئايالنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنى، نازۇك، زىددىيەتلىك، گۈزەل تۇيغۇ ـ ئىستەكلىرىـ
نى يورۇتۇش ئۈچۈنلا كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى، پەقەت ئۇنىڭ
زىددىيەتلىك ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىقلا ئوقۇرمەن قەلبىدە ئۆلـ
مەس بەدىئىي ئوبرازنى يارىتالىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.» لېۋ.
تولىستوينىڭ «ھاجى مۇرات» پوۋېستىغا نەزەر ئاغدۇرساق، ئاپـ
تورنىڭ ھاجى مۇراتتىن ئىبارەت بىرلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوبرازـ
نىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يورۇتۇش بىلەن كاۋكازلىقنىڭ ئەينى
يىللاردىكى ھايات كارتىنىسىنى، مەنىۋى قاراشلىرىنى، ئاۋارلارـ
نىڭ پسىخىك ھالىتىنى، مىللىي خاسلىقىنى ۋە ئىزگۈ تىلەكلىـ
رىنى شۇقەدەر يارقىن سىزىپ چىققانلىقىنى بايقايمىز. تراگېدىيە
ئىجادىيىتىنىڭ يېگانە سەردارى شېكسپىرنىڭ «ھاملېت» تراگېـ
دىيىسىگە زەن سالساق، پۈتۈن تراگېدىيە جەريانىدا ھاملېتنىڭ
يالغۇزلۇقتا ئويلىغانلىرى، مونولوگلىرى (ھاملېت مونولوگلىـ
رى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە، ھازىرـ
غىچە جاھان ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ساھەسىدە مەشھۇردۇر) نىڭ
پۈتۈنلەي مەزكۇر ئوبرازنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇشقا خىزـ
مەت قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ

مەنۋىيىتىگە تەئەللۇق بولغان زىددىيەتلىك خاسلىقىنى ھەرقانداق بىر ناتىق (يازغۇچىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىغىزاكى بايان قىلىپ بېرىشكە قادىر ئەمەس، بۇنداق مىسالالارنى دۇنياۋى ئۆلمەس ئەسەرلەردىن يۈزلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئىنساننىڭ مەنۋىيىتى زادى قانداق بارلىق؟ ئۇنى بەدىئىي ئەدەبىيات قانداق تەتقىق قىلىدۇ؟ قانداقلارچە ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟ بۇ دۇنيا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە ئاللىقاچان ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە بولغىنى ئۈچۈن يەنە توختىلىپ ئولتۇرۇشنى بىھاجەت بىلىمەن.

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئېلىنغان دېتاللار بەدىئىي تاۋلاش (بەدىئىي تەپەككۇر) جەريانىدىن ئۆتكۈزۈلمەيلا، ئەينى بويىچە تىزىلىپ قويۇلغان. بۇ ئۇنىڭدىكى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، شۇڭا پېرسوناژ مەنۋىيىتىنىڭ نېگىزلىك مەنبەلىرى ئۈستىدە ئوقۇرمەننى ئويغا سالىدىغان ھېچقانداق بۆلەك مەۋجۇت ئەمەس. مۇبادا ماقالە ئاپتورى دېگەندەك پۈتۈن «ھېكايە» مىللىتىمىزدىكى «تېنىگىنلەر» تۇغرىسىدا ئوقۇرمەننى ئويغا سالىدۇ دېسەك، ئۇ ھالدا بۇ بىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ئەقەللىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن شەك ـ شۈبھىسىز بىخەۋەر ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ قويغانلىقىمىز بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەردىن يەنى بەدىئىي تاۋلاشتىن تامامەن خالىي ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان يېزىلما ئوقۇرمەننى زادىلا ئويغا سالالمايدۇ.

ئەخمەتجان ئىمىن ئۆز ماقالىسىدە: «مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، ئاتا ـ ئانا قېرىنداشلارنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋاتقان بىر قىسىم ئەخلاقسىز ياشلارنى قاتتىق تەنقىد قىلغان» دېگەن. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە ئاپتور ئەسلىي شۇنداق قىلماقچى، ئەمما شۇ مەقسەتنى بەدىئىي يول بىلەن سەنئەتلىك ئىپادىلەپ بېرىشنى بىلمىگەن. چۈنكى «بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئالىيجاناب، يۈكسەك



پىكىرنى ئۆز ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇتماقچى بولغان بىر بەدىئىي ئەسەر، قاچانكى مەزكۇر پىكىرنى قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، ئۇ شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بەدىئىي ئەسەر بولماي قالىدۇ.»[1]

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە ئاپتور بايانىدا بېرىلگەن «بۇ بىشەملەر. . .» دىن باشلانغان، بەدىئىي ئەسەرگە ئەزەلدىن يات بولغان، قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ئاخىرىغىچە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ، «ھېكايە» پىكىر قىپيالىڭاچلىقىدا ئۇچىغا چىققان «تەربىيە كۆرمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى. بىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلدى. يەنە بىرلىرى تۈرمىگە كىردى. . . پەرزەنتلەرنى تەربىيىلىشىمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىنلا بېقىپ قالماي، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ بېقىشىمىز كېرەك» دېگەن مەركىزىي كومىتېت قايسىبىر چاقىرىقىدا ئوتتۇرىغا قويغان سىياسىي چاقىرىق شوئارى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاپتور بۇنداق يالىڭاچ پىكىرنى پۈتۈن «ھېكايە» سىدە سەككىز جايدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنىسكى: «يازغۇچىنىڭ يازغۇچىلىقى شۇ يەردىكى — ئۇ ھېچ نەرسە دېمەي تۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى (ئوقۇرمەنگە) سەزدۈرىدۇ»[2] دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتقانىدى. بۇ سۆزلەر ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دېيىلىپ قالغان سۆزلەر ئەمەس، بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق بەدىئىي ئەدەبىيات ئۈستىدىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرىدىن كېلىپ چىققان، جاھان ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ساھەسى بىردەك ئېتىراپ قىلغان پارلاق خۇلاسە.

ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەردە پېرسوناژنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىلىپ، ئوبرازغا يازغۇچى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي پىكىرنىڭ سىڭىپ كېتىشى بىرلىشىپ

① چ. ئايتماتوف: «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، خەنزۇچە نەشرى، 149 ـ بەتكە قاراڭ.

② ۋ. گ. بېلىنىسكى: «تاللانما ئەسەرلەر» ئۆزبېكچە نەشرى، 39 ـ بەتكە قاراڭ.

بەدىئىيلىك جۇلالىنىدۇ. مانا شۇنداق جۇلالىق بولغان ھايات مەنتىقىسىدە قويۇلغان تۇرلۇك مەسىلىلەر ئوقۇرمەنىنىڭ زوقلىنىشى ۋە ئويلىنىشى ئاساسىدا ئۆز ئىچىدا تۇغۇلغان سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىپ چىقىشىنىڭ يولى كۆرسىتىلىدۇ. بۇنداق گىرەلىشىش بەدىئىي ئەسەرنى شوئارۋازلىقتىن تامامەن خالىي ھالدا ئوقۇرمەن قەلبىنى چالغىتىشقا ئېلىپ بارالايدۇ. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» بۇ تەلەپتىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە يىراق بولغاچقا، ئوقۇرمەن قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك بىرەر ئوبراز يارىتالمىغان، نەتىجىدە بەدىئىي ئەسەر ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەن.

ئەخمەتجان ئىمىن يەنە ئۆز ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىمىزگە مەلۇمكى، يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىدە رېئال تۇرمۇشنى نوقۇل ھالدا تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمەستىن كىتابخانلارغا نېمىنىڭ ناچار، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ تەنقىد قىلىشقا ۋە قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي غايىسىنى ۋە ئېستېتىك قارىشىنى سىڭدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ.»

نەزەرىيىۋى جەھەتتىن بۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى يازغۇچىلار بارلىقتىن ئالغان دېتاللارنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە بەدىئىي تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بارلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بۇنى مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۇم. ئەمدى «كىتابخانغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ» مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئوقۇرمەنگە ھەرگىزمۇ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىكىدەك ئۆز پېرسوناژلىرىنى تىللاپ تۇرۇپ، يالىڭاچ پىكىرنى بېرىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى سەنئەتلىك يول بىلەن ھېچنېمە دېمەي تۇرۇپ ئۇقتۇرىدۇ. ئوقۇرمەن بەدىئىي ئەسەردىكى يارقىن



ئوبرازلارنىڭ روھىيىتى، پسىخىك ھالىتى، ئىندىۋىدۇئاللىقى، قىسمىتى، ئۆزىگىلا خاس ۋۇجۇدىدىن «سەلبىي» ۋە «ئىجابىي»نى تەبىئىي ھالدا ئايرىپ چىقالايدۇ. ئاپتور «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە بۇ نۇقتىلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار مەكتەپتە ئوقۇمىغان «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» لا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بارلىق تراگېدىيىلىرىنىڭ مەنبەسى ياكى سەۋەبى ئەنە شۇ دەيدىغان سادداغ يۈزەكى ئۇقۇملار تىزمىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە «ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە باھاسىنى ئىپادىلەيدۇ» غان تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى ئەمەس، ئۇ ئىنسان روھىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ئىنسانشۇناس. يازغۇچى ئۇ روھىيەتكە تەۋە بولغان ھەممە مېدىتسىنا ئىلمى ساقايتىشقا مەڭگۈ قادىر بولالمايدىغان «ئالاھىدە كېسەل» لەرنى داۋالىغۇچى تەجرىبىلىك «دوختۇر» . يازغۇچى ئۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىپ ئۆز خەلقىنى تەربىيىلىگۈچى بۈيۈك ئۇستاز. شۇنداق ئىكەن ئۇ «تۇرمۇشقا پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ ۋە باھا بېرىدۇ» غان ئادەتتىكى ئىشلار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى روھىي دۇنياسىنىڭ نازۇك، ئىنچىكە، مۇرەككەپ تەرەپلىرىگە يۈزلىنىپ ھاياتنىڭ، روھىيەتنىڭ تېخى ئوقۇرمەنگە ئايان بولمىغان يېڭى ساھەلىرى، يېڭى زىددىيەت، يېڭى قارىمۇقارشىلىقلىرىنى تېپىپ كىلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوبرازلىق سەنئەتنىڭ ھاياتبەخش نۇرى بىلەن جىلۋىلەنگەن يېڭى دۇنيا يارىتىدىغان رەھنەمادۇر. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە مانا شۇ بۈيۈك ۋەزىپىلەرنى ئارتقۇزۇش بۇياقتا تۇرسۇن، يۈزەكى تەسىرات، ۋاقىتلىق ھېسسىياتقا تايىنىپ، يۇقىرىدا بىز دەپ ئۆتكەندەك بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيەتلىرى، تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنىش بىلەن ئالدىراپ قەلەم تەۋرىتىش ھېسابىغا مەزكۇر خەۋەرسىمان يېزىلما مەيدانغا

كەلگەن، شۇڭا ئۇ ھەممە ئادەم سەلبىيلىكنى بىلىدىغان «تېندىگىنلەر»گە باھا بېرىشتىن ئىبارەت تەييار ئۇقۇم خاتىرىسى بولۇپ قالغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق بەدئىيلىكتىن مەھرۇم بولغان مەزكۇر «ھېكايە»نىڭ بەدئىي «ئىپادىلەش كۈچىدىن ئەتراپلىق پايدىلىنىش» يەنە قانداقلارچە مۇمكىن بولار؟

ئەخمەتجان ئىمىن ماقالىسىدە يەنە: «ئەگەر ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام بولىدىكەن، ئۇنىڭ بەدئىيلىك جەھەتتىكى خاتالىقلىرىغا ۋە ياكى يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلىرىگە ئېسىلىۋېلىپ ئەسەرنى بىراقلا ناچار ئەسەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىش، . . . ئەسەرگە توغرا مۇئامىلە قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان.

مەلۇمكى، بەدئىي ئەدەبىيات ئۇ ئۆزىنىڭ بەدئىي قىممىتى بىلەنلا ھاياتىي كۈچكە ئىگە، بەدئىيلىكتىن مەھرۇم ئىكەن ئۇ ھامان بەدئىي ئەدەبىيات ژانىرى ھېسابلانمايدۇ. بەدئىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر ئادەم باشقا خاتالىقلارنى كەچۈرۈشى مۇمكىنكى، بەدئىي قىممەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىغان بىر خەۋەرسىمان يېزىلمىنى بەدئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سىياسىي ـ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەرقانچە ساغلام بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ «بەدئىي مەجرۇھ» ياكى بەدئىيلىكتىن تولىقى بىلەن مەھرۇم بولىدىغانلا بولسا، ئوخشاشلا كۈچلۈك تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ، سىياسىي ماقالە، تەپسىلىي خەۋەرلەرنىڭمۇ (ھازىرقى) تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار. ئۇلارنىڭمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام. ئەمما ئۇلار بەدئىي ئەسەردەك كىشى مەنىۋىيىتىدىكى نازۇك مەسىلىلەرگە تۇيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەس. گەپ شۇ يەردىكى، ئۇلار بەدئىي قىممەت (بارلىقنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، تىپىكلەشكەن تۈرى)تىن مەھرۇم. بۇنداق دەسلەپكى ساۋاتلار ئۈستىدە ئۇزۇن



توختالمايمەن.

ئەخمەتجان ئىمىنگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: يولداش ھېلىمنىياز قادىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغىنى ئۈچۈن خەۋەر ۋە ئاخباراتنىڭ بەدئىي ئەسەردىن پەرقى بولىدىغانلىقى جەھەتتىكى چۈشەنچە چوڭقۇرلۇقىدا پېقىردىن ئۈستۈن تۇرۇشى تەبىئىي. لېكىن بۇ بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە كامالەتكە يەتكەن نەزەرىيە پېشۋاسى كامالەتكە يەتكەن يازغۇچى بولالمىغاندەك، كامالەتكە يەتكەن يازغۇچىنىڭمۇ نەزەرىيىنى پىششىق بىلەلىشى ناتايىن. مودېرنىزمنىڭ سىمۋولىزم ئېقىمى نەزەرىيىسى ساھەسىدە دۇنياغا مەشھۇر بولغان نەزەرىيىچى چارلىز، ئامېرىكا يازغۇچىسى ئېدگاردەك دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ سىمۋولىزملىق ئەسەرلىرىنى تولۇقى بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى تىكلەپ ياۋروپاغا تونۇتتى، شۇنداقلا سىمۋولىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى. مانا شۇنداق بىر نەزەرىيىچى زات ئۆز ئۆمرىدە يېزىشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ بىرەر پارچە ئۆلچەملىك سىمۋولىزملىق ئەسەر يازالىغان ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا بېلىنىسكىمۇ مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى. ئۇ توغرا مەيداندا تۇرۇپ، قامچىلاشقا تېگىشلىكلەرنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ، رۇس ئەدەبىياتىغا ئەڭ توغرا باھا بېرىپ، ئۇنى دۇنياغا تونۇتتى. رۇس ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى جەھەتتىن يول ئېچىپ بەردى. بۇنداق ئەمەلىيەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئەمدى بىز قويۇپ، چارلىز بىلەن بېلىنىسكىدىن، نەزەرىيە پېشۋالىرى بولغىنى ئۈچۈنلا ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ نادىر بەدئىي ئەسەر يارىتىشنى تەلەپ قىلساق، بۇ تولىمۇ ئەقىلسىزلىق ۋە نادانلىق بولارمىكىن دەيمەن.

بەدئىي ئەسەردە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە يازغۇچىنىڭ تايىنىدىغان مۇھىم نۇقتىلىرى پېرسوناژنىڭ ئىچكى

دۇنياسى، مەنۋىيىتى ۋە روھانىيىتىدىن ئىبارەت. يازغۇچى ئەنە
شۇ نۇقتىلاردىكى تىپىكلەشكەن، بەدىئىي تاۋلاشتىن ئۆتكەن،
مەركەزلەشكەن مەنزىرىنى قەغەز يۈزىگە سىزىپ ئوقۇرمەن بىلەن
ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ جەرياندا تىل ۋاستىلىك
رول ئوينايدۇ. بۇ تۇرقىدىن «پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ
بېرىشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ۋاستە تىل.» شۇنداق،
تىل ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىدە ۋاستە، چۈنكى دۇنيا-
نىڭ ئۆزىمۇ تىلدىن قۇرۇلغان ئالەمدە ياشايدۇ. جۈملىدىن بەدى-
ئىي ئەدەبىيات ئۇچۇنمۇ تىل ئوخشاشلا ۋاستە. يازغۇچى بارلىق-
تىن ئالغان خام ماتېرىيالنى بەدىئىي تەپەككۇردىن ئۆتكۈزۈپ
پىششىقلىغاندىن كېيىن، تىل سەنئەتكارلىق رولىنى جارى قىلد-
دۇرۇپ ئۇنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. يازغۇچى يەنە تىل ئۇستىسى
بولۇپلا قالماي، تىلنى بېيىتقۇچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچىدۇر. شۇڭا
تىلنىڭ ۋاستىلىك رولى بىلەن بەدىئىي ئەسەرنىڭ پېرسوناژ
خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە تايىنىدىغان نۇقتىلىرى ئوتتۇرىسىدا
ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت ئەمەس. تىل جەھەتتە يازغۇچىدىن
كۈتۈلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ شۇكى، ئەسەر تىلى راۋان،
جانلىق، يېقىملىق، جەزبىدار بولۇشى، ئوقۇرمەن ئاپتور ھېكايە
قىلىۋاتقان ھەممە نەرسىنى تولىقى بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلە-
شى كېرەك. دېمەك، تىل پېرسوناژ خاراكتېرىنى، ئۇنىڭ رو-
ھىيىتىنى ئوقۇرمەن ئالدىدا تولۇق زاھىر قىلىشتا پەقەت ۋاستى-
لىكلا رول ئوينايدۇ، خالاس!
ئەخمەتجان ئىمىن ئۆز ماقالىسىدە ھېمىت، رشىت، راخ-
مانلارنىڭ مۇرات توغرىسىدا قىلىشقان دىئالوگلىرىنى خاراكتېر-
نى ئېچىپ بېرىشتىكى «دېتال» دەپ كېلىپ، يەنە ئارقىدىنلا «بۇ
دىئالوگلارنى ئوقۇساق. . . پەسكەش كىشىلەر كۆز ئالدىمىزدا
پەيدا بولىدۇ» دەپ، بەدىئىي ئەسەردىكى پېرسوناژ خاراكتېرىگە
بولغان تونۇشىنىڭ يۈزەكىنى ئىسپاتلاپ قويىدۇ. «ئەدەبى-



يات ـ سەنئەتتىكى پېرسوناژ خاراكتېرى — بىرەر گۇرۇپپا
كىشىلەرنىڭ تىپىك، ئومۇمىي ماھىيەتلىرى (روھىيىتىگە تەئەل-
لۇق بولغان نازۇك ئەمما زىددىيەتلىك توقۇنۇشلىرى) نىڭ مۇ-
جەسسەملەشكەن ئوبرازىدۇر، يەنى تىپتۇر.»[①] مەزكۇر دىئالوگلا-
ردىن بىز پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئەمەس، پەقەتلا تىل
ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ «ئۇچ چالا مەست» نىلا كۆرىمىز. ئۇ-
لارنىڭ روھىيىتىگە تەئەللۇق بولغان، نازۇك تۇيغۇلىرى چوڭ-
قۇرلۇقىدىكى خاراكتېرىنى كۆرەلمەيمىز. بۇ ئۇچىسىنىڭ روھى-
يىتىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلىك تۇيغۇسىنى، يەنى ئۇلارنىڭ
ئوقۇغانلاردىن ئۆزلىرىنى ئارتۇق بىلىپ مۇشۇنداق يولغا كىرىپ
قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى «شياڭگاڭغا ئاپىرىپ قويسا چانمايدى-
غان»، «دېسكو ـ ياۋبەيۋۇلارنى سۆيىدىغان»، «كىنودىكى ئار-
تىسلاردىن كەم ئەمەس» لىكتەك پەخرى تۇيغۇلىرىدىن ئىزدەيمىز-
مۇ؟ ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى ئۇنچىلىك ئاددىي نەرسە بولمىسا كې-
رەك ياكى «ھېكايە» ئاپتورى ئۆز بايانىدا دېگەندەك «ئۇلارنىڭ
كاللىسى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىغىنى بىلەن تەربىيە كۆرمىگەچكە
ئىشلىمەيتتى» مۇيا؟ . . .
تىلنىڭ ئىپادىلەش ئۇنۇمىنى ئاشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھەم-
مە ساھەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىستىلىستىكا، ئۆز ئالدىغا پەن
بولۇپ شەكىللەنگەندىن تارتىپلا، ئەدەبىي ئەسەردە ئاپتور تىلىدا
ئۆز پېرسوناژلىرىنى تىللاشقا قىلچە يول قويماي كەلمەكتە.
«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىكى بۇ كەچۈرگۈسىز سەۋەنلىكنى ئال-
دىنقى ماقالەمدە قىسمەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىم ئۈچۈن بۇ يەردە
قايتا تەكىتلىمەيمەن.
ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن توغرا پايدىلىنىشنى بىل-
مىگەن ئاپتور «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە، ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى-

① «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» II توم، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى،
316 ـ بەتكە قاراڭ.

گە ۋە ئىستىلىستىكا قائىدىسىگە مۇخالىپ هالدا سۆز بىرىكمى-
سى، ئوخشىتىشلارنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، «ئوتتۇرا بويلۇق،
دوغىلاق، هاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكتىن چىرايى جۆجۇلىدەك قارى-
داپ كەتكەن هېمىت دېگەن بىرى قولىغا بىر تاياقنى ئېلىپ
پوزىنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ:» دېگەن جۈملىدە، ئاپتور هاراقنى
كۆپ ئىچكەن ئادەمنىڭ چىرايىنى قاپقارا جۆجۇلىگە ئوخشىتىپ،
ئوخشىغۇچى بىلەن ئوخشالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئوخ-
شاشلىقىقا هۆرمەت قىلمىغان. هاراقنى كۆپ ئىچكەن ئادەملەرنىڭ
چىرايىدا ئادەتتىكى ئەهۋالدا ئىككى خىل ئۆزگىرىش بولىدۇ:
بىر خىلدىكىلەرنىڭ چىرايى، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىدۇ؛ يەنە
بىر خىلدىكىلەرنىڭ بولسا تاتىرىپ كېتىدۇ. ئەمدى بىز بۇ «ها-
راقنى كۆپ ئىچكەنلىكتىن چىرايى جۆجۇلىدەك قارىداپ كەتكەن»
ئادەمنىڭ ئەسلىي چىرايى سىنى قارا بولسا كېرەك، دەپ چۈشى-
نەيلى دېسەك، ئاپتور ئۇنىڭ چىرايى توغرۇلۇق ئىلگىرى بۇنداق
تەسۋىر بەرگەن ئەمەس.

بۇ جۈملىدىكى تېخىمۇ چوڭ كېسەل شۇ يەردىكى «ئوتتۇرا
بويلۇق، دوغىلاق» ئەسلىدە «هېمىت» نىڭ ئالدىغا ئورۇنلىشىپ،
جۈملىدىكى ۋەزىپىسىنى ئورۇنلۇق ئارتقۇرۇشى كېرەك ئىدى.
ئەپسۇسكى، «ئوتتۇرا بويلۇق، دوغىلاق»، «هاراقنى كۆپ ئىچ-
كەنلىكتىن» نى ئېنىقلايمەن دەپ ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇ-
چى ئوتتۇرىسىدىكى گىراماتىكىلىق ئۆلچەم سىزىقىدىن چىقىپ
كەتكەن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جەزمەن ئېنىقلىغۇچى
ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ ئىسىم
ياساش مەسىلىسىدىمۇ بىز يەنىلا مۇشۇ قائىدىگە بويسۇنىمىز،
ئەمما هېلىمنىياز قادىر بۇ قائىدىگە بويسۇنماي، ئۆز ئالدىغىلا
«شىر تاش» دېگەن ئىسىمنى ياسايدۇ. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر»
دە توققۇز جايدا ئىشلىتىلگەن «شىر تاش» ئاتالمىسىدىكى



«شىر» سۆزى تاشنى ئېنىقلاپ «شىردىن ياسالغان تاش» دېگەن
خاتا ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئاتالما بولۇپ قالغان (بۇ خۇددى
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى «ياغاچ ئات» نى «ئات ياغاچ» دېگىـ-
لى بولمىغاندەك ئەقەللىي ساۋات). «شىر تاش» ئاتالمىسىنى
بىز چاغاتاي تىلى گىراماتىكىسى بويىچە تۈزۈلگەن پارسىي ئىزا-
فەت دەپ چۈشىنەيلى دېسەك، ئۇ هالدا مەزكۇر ئاتالما «شىررى
تاش» ياكى «شىرى تاش» بولۇشى كېرەك ئىدى.

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە تىل جەهەتتىن كەتكۈزۈپ قويغان
تەرەپلەر خېلى بار، مەن هەربىر مەسىلە ئۈستىدە كونكرېت
توختالمايمەن. «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىكى بۇ خىل ئەهۋاللارنى
هەرگىزمۇ كەچۈرۈشكە بولمايدۇ.

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» هەققىدە يەنە شۇنى كېسىپ ئېيتا-
لايمىزكى، بۇ يېزىلما هايات مەنتىقىسىگە زادىلا ئۇيغۇن ئەمەس.
بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى — هاياتنىڭ ئۆزى ئىنساننىڭ مەنىۋى-
يىتى، مۇرەككەپ هېس - تۇيغۇسى، چۈشەنچىسى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان ئۆزگىچە بىر دۇنيا. بەدىئىي ئەدەبىيات يارات-
قان ئىنسانىي هايات دۇنياسى ئەنە شۇ ئۆزگىچە دۇنيانىڭ هايات
مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن هالدا تېخىمۇ يارقىن مەركەزلىشىشى، شۇڭا
ئۇ هەرگىزمۇ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىكى ئۈچ شەخسنىڭ ئادەت-
تىكى جىسمانىي پائالىيەتلىرى ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگىلى بولى-
دىغان نەرسە ئەمەس. ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۆزى
قويۇپ تىللىشى بىلەن يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدىغان نۇقتىمۇ
ئەمەس. ئاپتور مانا شۇ ئادەتتىكى ئۇقۇم چۈشەنچىسى دائىرىسى-
دىن چىقالمىغاچقا، تولىمۇ كۈلكىلىك هالدا ئۆز پېرسوناژلىرىنى
ئۆز تىلىدا «ئۇلارنىڭ كاللىسى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش بولغى-
نى بىلەن تەربىيە كۆرمىگەچكە ئىشلىمەيتتى» دەپ، «مەكتەپتە
ئوقۇمىغانلار تەربىيە كۆرمىگەنلەر بولۇپ ئۇلارنىڭ كاللىسى ئىش-
لىمەيدۇ» دېگەن بىمەنە مەنتىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بىزگە

مەلۇمكى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۈچ بۈيۈك ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۆلمەس نامايەندىلىرى، بولۇپمۇ بىرىنچى، ئىككىنچى ئويغىنىش ( گرېتسىيە مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مەدەنىيىتى ئويغىنىش دەۋرى) نىڭ، گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشىشىدىغان ساناقسىز نامايەندىلىرىنىڭ ھېچقايسى بىرى بىز دەۋاتقان بۈگۈنكىدەك مەكتەپلەرنىڭ يۈزىنى كۆرگەن ئەمەس. دېمەك، ھايات مەنتىقىسىگە زادىلا باب كەلمەيدىغان ئاپتور يەكۈنى ئوقۇرمەننى قىلچە قايىل قىلالمايدۇ.

ئەخمەتجان ئىمىن ئۆز ماقالىسىدە «ھېمىت، رىشىت، راخمانىدەك ياشلار ھازىرمۇ بارغۇ. . . ‹ تەربىيە كۆرمىگەنلەر › ھېكايىسىدىكى ۋەقەلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھەمدە يۈز بەرمەكتە، شۇڭا ھېكايە ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن» دەيدۇ.

خوش، ئەمىسە بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ھايات مەنتىقىسى دېگەن زادى نېمە؟ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ھايات مەنتىقىسى — كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇلىرىدىكى تېخى ئوقۇرمەن ھېس قىلىپ بولالمىغان، لېكىن بارلىقتا مەۋجۇت بولغان (ئوقۇرمەننى قايىل قىلالايدىغان) مەنىۋى ئالاھىدىلىك ۋە پسىخىك خاسلىقنىڭ تىپىكلەشكەن شەكلىدۇر. شۇڭا ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغانلىقى نەرسە ۋە ئادەم بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ھايات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولالىشى ناتايىن. مۇبادا شۇنداق بولسا ئىدى، خەۋەر ۋە ئاخباراتچىلىق بۇ ۋەزىپىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئارتۇقىغان بولار ئىدى. ئادەتتىكى ئاخبارات خەۋەرچىلىكى بەدىئىي ئەدەبىيات ياراتقان ھايات مەنتىقىسى ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرۇش شەرىپىگە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئەخمەتجان ئىمىن مانا شۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەچكە يۇقىرىقىدەك قاراشنى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي تونۇشى ئاساسىدىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ قويغان.

ئەخمەتجان ئىمىن ماقالىسىدە يەنە ئاپتورنىڭ، ئىككى ناتونۇش ئادەمنىڭ تىلىدىن بەرگەن «ياش بالىدى، ۋاي يامان بوپتۇ.» ،



«بىچارە ئايسىخانغا ئەلەم بولدى - دە» دېگەن ئوقۇرمەنگە ھېچقانچە تەسىر قىلالمايدىغان ئىككى ئاددىي جۈملىگە ئېسىلىۋېلىپ، «پاجىئەلىك تەقدىرگە بولغان ئېچىنىش ئىپادىلەنگەن» دەيدۇ. شۇنى بىلىڭكى، بەدىئىي ئەسەردىكى پېرسوناژ تراگېدىيىسىگە، پاجىئەلىك تەقدىرگە بولغان ئىنسانىي ئېچىنىش تۇيغۇسى ئوقۇرمەننىمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ مۇھىتقا سۆرەپ كىرەلىشى، ئەسەردىكى باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئىنسانىي ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن تۇيغۇ جەھەتتىن ھەمشېرىك قىلالىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى شۇ دەرىجىدە ئىقتىدارلىق، ماھىر ۋە تالانتلىق بولۇشى كېرەككى، ئوقۇرمەننى ئاشۇ پېرسوناژلار بىلەن تەڭ ھەسرەت چەكتۈرەلىسۇن، بۇنداق ھال بەدىئىي ئەسەردە شۇ دەرىجىدە ئىپادە قىلىنىشى كېرەككى، ھەتتا يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ پېرسوناژلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرىگە ئوخشاشلا ئېچىنىش تۇيغۇسى دېڭىزىغا غەرق بولسۇن. بۇ ھەقتە ئا. پ. چېخوف شۇنداق دەيدۇ: «ھېكايە ئۈستىدە يىغلاش، ئاھ ئۇرۇش مۇمكىن. ئۆز قەھرىمانلىرىڭىز بىلەن بىللە ھەسرەت چېكىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇنى شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەككى، ئوقۇغۇچى سېزىپ قالمىسۇن. . . ئومۇمەن ئۆز قەھرىمانلىرىڭىزنى سۆيۈڭ، لېكىن بۇ ھەقتە ھەرگىز ئۈنلۈك گەپ قىلماڭ.»[1]

دېمەك، شۇنداق ئىكەن، يۇقىرىقى ئۇ ئىككى ئاددىي جۈملە قانداقمۇ ئىنسانىي ھاياتنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرگە، تراگېدىيىسىگە نىسبەتەن ئېچىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» نىڭ تۆتىنچى بۆلىكىدىن ئاشۇ ئىككى ئاددىي جۈملىدىن باشقا، يېرىم بەت سەھىپىنىڭ ھەممىسى، مەھەللە ئەھلىنىڭ «ئەسكىلەردىن قۇتۇلۇپتىمىز» دەپ قىلغان تەنتەنىسى، تەنتەنە قوشاقلىرى ۋە خۇلا-

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ، 12 - بەتكە قاراڭ.

سە- يەكۈنلىرىگە بېغىشلانغان تۇرسا، بۇنى يەنە قانداقلارچە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھايات تراگېدىيىسىگە ئېچىنىش تۇيغۇسى دېگىلى بولىدۇ؟

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىمنىياز قادىرنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» نىڭ ئاخىرىدا جاكارلىغان سىياسىي چۈشەنچىسى بىلەن رېئاللىقتىن ئالغان، پىشمىغان، يۈزەكى ھېس - تۇيغۇسىنىڭ بىرلىشىشىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەدۇر.

ئەخمەتجان ئىمىن ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يولداش ھېلىمنىياز قادىر. . . كەڭ ياشلارنى كىچىكىدىن باشلاپلا ياخشى تەربىيىلىنىشكە، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىپ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشقا ئۈندىگەن.»

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دە ئەسلىدە شۇنداق ئىستەك، شۇنداق ئارزۇ مەقسەت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇرمەننىڭ پىنھان قەلب دۇنياسىغا تۇيدۇرماي كىرەلەيدىغان قۇدرەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچتىن مەھرۇم بولغاچقا، ئوقۇرمەن ئۈچۈن خۇددى بىر سىياسىي ماقالە ۋە ئاخبارات خەۋىرىگە ئوخشاشلا يېزىلما بولۇپ چىققان.

ئەۋلادلارنىڭ بىلىملىك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە قىممىتى توغرىسىدا، بۇنىڭدىن ئونلارچە ئەسىر ئىلگىرىلا پەخرىمىز، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەخمەت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىدە ئاجايىپ جىلۋىدار تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

سۆڭەككە بىلىگتەگ ئەرەنگە بىلىگ
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكنىڭ يىلىگ،
بىلىگسىز يىلىگسىز سۆڭەكتەگ ھالى،
يىلىگسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئەلىگ (قول).



«سۆڭەكنىڭ قىممىتى يىلىكىدە بولغىنىغا ئوخشاش، ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ بىلىمىدە، بىلىگسىز (بىلىمسىز دېگەن مەنىدە، مەكتەپتە ئوقۇمىغان دېگەن مەنىدە ئەمەس) خۇددى يىلىگسىز سۆڭەككە ئوخشاش قىممەتسىز بولىدۇ» دەيدۇ ئۇ. ئۇ يەنە ئەردەملىك (ئەدەپ - ئەخلاقلىق) بولۇش ھەققىدىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. مانا بۇ ئەقىل دۇردانىلىرى ئوقۇغۇچىنى قايىل قىلالايدۇ. چۈنكى بۇ دېداكتىك ئەقلىيە مىسرالىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ شېئىرىيەت مۇھىتىدا مەيدانغا كەلگەن يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن سۇغىرىلغان. ئەمدى پروزىدىمۇ ئوخشاشلا يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇر، جەزبىدار تىل، ئوقۇرمەنگە تېخى مەلۇم بولمىغان جىلۋىدار ھاياتىي كارتىنىسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ماقالە ئىگىسى دېگەندەك مۇخبىرلارمۇ ئاجايىپ «بەدىئىي ئەسەر» يازغۇچىلىرى بولار ئىدى.

«تەربىيە كۆرمىگەنلەر» گە ئەخمەتجان ئىمىندەك باھا بېرىش بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مىللىي ئەدەبىياتىمىز جانلىنىش (ئۇقۇم دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن) دەۋرىگە قەدەم قويغان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا ئاشۇ نەزەرىيىۋى ساۋاتىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچىكى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىشەنچسىزلىكىمىزنى ئىپادىلەپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىدېئولوگىيىگە تەۋە بولغان ھەممە فورماتسىيە، جۈملىدىن بەدىئىي ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مەنبەسى ۋە تەسىر كۆرسىتىش مۇددىئاسى (ئۆزگەرتىش مۇددىئاسى) جەھەتتىن بىرلا نۇقتىغا، يەنى ئوبيېكتىپ بارلىق (ئىنسان ۋە جەمئىيەت) نۇقتىسىغىلا مۇراجىئەت قىلىدۇ. مىللەت ئۇقۇمى، مىللىي ئاڭ، مىللەت كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەدەبىيات ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى، ھازىرقى ۋە كېلەچەكتىكى پاجىئەسى

ئۈستىدە ئويلانسا، مىللىي ئەدەبىيات مۇقەررەر هالدا مىللەتنىڭ تەقدىرى، مىللىي ئەقىدىسى، ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە پاجىئەسى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. هەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئېڭى، ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋى قىياپىتى، ئەخلاق قاراشلىرى، ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، گۈزەل ئەقىدە ئىستەكلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي روهىنىڭ پۈتۈن هاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا هەرقانداق بىر مىللەت يازغۇچىسى ئۆز مىللىتىنىڭ مەزكۇر نۇقتىلىرىدىكى ئىدىيىۋى قاتلاملىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىدىيىۋى خاهىشى بىلەن بىر بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كەتمەيدىكەن، ئۇ هېچنىمە دېمەي تۇرۇپ هەممە نەرسىنى ئۆز خەلقىگە سەزدۈرەلمەيدۇ.

چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ئاق پاراخوت» قىرغىز مىللىي ئەدەبىياتى تۈپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر مىللىي بەدىئىي ئەسەر بولالىشىدىكى سەۋەبمۇ، ئۇنىڭ دەل شۇ تەرەپلەرنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلالىغانلىقىدىندۇر. «مۆمۈن بوۋاي» ئوبرازىنىڭ بىزنى شۇ قەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى سىر شۇ يەردىكى، مەزكۇر ئوبراز قىرغىز خەلقىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي هاياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى دائىرىسىدىنلا يارالغان مۆمۈن بوۋاي بولغانلىقىدا، خالاس! يازغۇچى بۇ ئەسەردە مۆمۈن بوۋاي ئوبرازىغا چېتىشتۇرۇپ يارانقان ئۇنىڭ كۈيئوغلىنىڭ ئوبرازى، بىزگە، ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان هېمىت، رىشىت، راخمانلاردەك ئادەملەرنى قانداق ئوبرازلاشتۇرۇش هەققىدە ناهايىتى ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش قىممىتىگە ئىگە. بىز مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى كەلگۈسىدە دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دېگەن يۈكسەك غايىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ مەشهۇر يازغۇچىسى ۋە شائىرى ماۋدۇن ئەپەندىنىڭ «هېكايە يازىدىغان كىشى تەتقىق قىلماقچى بولسا ‹ئادەم› نى تەتقىق قىلىشى كېرەك»[①] دېگىنىـ

① «مەشهۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات هەققىدە ئېيتقانلىرى»، 11 ـ بەتكە قاراڭ.



دەك، مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە تەۋە تولغان هەممە نۇقتىلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» دىكىدەك «هايات مەنتىقىسى» نى يېزىشتىن خالىي بولالايمىز.

مەن يەنە سۆزۈمنىڭ ناهايىتىدە شۇنىمۇ دەپ قويايكى، يۇقىرىقى بەدىئىي ئەدەبىيات هەققىدە ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم بەدىئىي ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى ناهايىتى ئەقەللىي ساۋاتلار، «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» هەققىدە ئەسلىي بۇنداق مۇلاهىزە قىلىشنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى، ئەخمەتجان ئىمىن چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىسىز قېلىشىنى خالىمىغىنىم ئۈچۈنلا شۇنداق مۇلاهىزە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىرەر پارچە ئەسەر ئۈستىدە خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە بۇ هەقتە مۇئەييەن نەزەرىيىۋى ئاساسىمىز بىلەن ئىلمىي يوسۇندا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ناهايىتى ياخشى ئەهۋال. ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە بولغان پايدىسى ناهايىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتجان ئىمىن ۋە باشقا قىزىققۇچىلارنىڭ «تەربىيە كۆرمىگەنلەر» هەققىدە مېنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىمغا قارشى قاراشلىرى بولسا يەنە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇلاهىزە قىلىشىنى سەمىمىي قارشى ئالىمەن.

1992 ـ يىل 20 ـ يانۋار

# پىنهان قەلب سىزغان سۈرەتلەر

(ئوبزور)

قارا، ئالدىڭدا قۇياشقا قاقلىنىپ ياتقان قىرغاق. بۇ قىرغاق
بىزنىڭ ئەجدادىمىزدىنمۇ قېرى ۋە قەدىمىي. ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىـ
گە سەن ئۆزۈڭنىڭ قىسقىغىنە مۇنۇ ئىككى كۇنلۇك ھاياتىڭنى
سېلىشتۇر. ئەمدى سەن نېمە؟ سەن بىر كۆچمەن، سەن بىر
كارۋان. سەن قىرغاقسىز قالدىڭ، قىرغاقسىز كەتتىڭ، ئەمما
ئاشۇ قىرغاق ھېچ ۋاقىت كىشىسىز قالمىدى. چۈنكى بۇنىڭدىكى
زۇمرەت كۆل بېلىقسىز قالمىدى. بۇ نېسىۋە ئاتاڭنىڭ، سېنىڭ
نەپىس قۇشلىرىڭلارنى ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ كەلدى. بۇ
نېسىۋە بەش بارمىقىڭلارنىڭ يۇمۇلۇشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئوغـ
لۇڭ ۋە نەۋرەڭدىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنداق. قىزىق، بىز شۇ
قىرغاقنىڭ بەرگىنىنى ئالدۇق، ئالغاندا بىر مەسىلە كېلىپ
چىقتى. ئۇ نېسىۋە بۆلۈشۈش مەسىلىسى ئىدى. نەپىس قۇشلىرى
بارلىق مەئىشەت دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ
ئۇلگۇردى، بەش بارماق ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئىنساپ بۇركۈتلىرى
ئىنسانىي قەلبلەرنى تولىمۇ تەشنا قىلدى. ناھايەت نېمە بولدى؟
تەمە تاشلىرىدا ئەزىز باشلار يارا بولدى. ئىنسانىنىڭ بۇ ھايات
كومېدىيىسىنىڭ ئۆزى بىر ھېكمەت. بۇ ھېكمەت مۇنداق مىسرا-
لاردا قارار تاپتى:

. . . . . .

بۇگۈن كەلسەم قەدىم قىرغاق يەنە شۇ ھالدا، شۇ ھالدا،
نېچۈك بىر زىلزىلە تاپماس سەھەرلەپ قايتا قىچقارماق؟



زورايدى جۇش ئۇرۇپ مەخرەج، ئىتائەت سۇندى پىنهاندا،
غەيۇر ئەتتى گىرىمسەن يولدا مەنزىللەرنى ئاڭقارماق.

قەدىمىي قىرغاق يەنە شۇ ھالدا، دەپ ھەسرەت چېكىدۇ
شائىر — ئەمما نېمە ئۈچۈن سەھەرلەپ قايتا قىچقىرىشىمۇ ھېچـ
قانداق ئىنكاس پەيدا قىلمايدۇ؟ . . . خەيرىيەت مۇشۇنداق مېڭىـ
ۋەرسۇن، بۇ ئۆزىنىڭ يولى دەيلى. لېكىن ئەي ئىنسان بالىسى،
غەپلەتتىن كۆزۈڭنى ئاچقىنىكى، مەخرەج بارغانچە زورىيىۋاتىدۇ.
مانا تراگېدىيە، مانا قىيامەت قايىم، مانا دەھشەت! پىنهاندىمۇ
ئىتائەت سۇندى، چۈنكى گىرىمسەن يوللاردا مەنزىلنى ئاڭقىرماق
ئاسانمۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ مەنزىلنى شائىر ئاڭقىرىدۇ. ئۇ شۇنداق
قىلىشى كېرەك. ئۇ مەنزىل پۈتۈنلەي مۇشكۇلات بىلەن تولغان
جەبرى مەنزىلى. شائىر قىسمەت ئادىمى. ئۇنىڭ بارلىقى، كەچـ
مىشى، قىلغان ـ ئەتكىنى، تۇرغان ـ كۆرگىنى ھەم ئۇنىڭ
تىنىقى پۈتمەس قىسمەت ئىچىدە بولىدۇ. ئۇ قىسمەت ئىچىدىن
ھېكمەت تاپىدۇ، مەنزىل جانانىنىڭ جامالىنى كۆرىدۇ. ئۇ بارلىق
ئىزگۈلۈك، خۇشاللىق، شادلىق ۋە ئاسايىشلىقنى ئەنە شۇ يەردە
كۆرىدۇ. بىلسەك، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ شاھانە زەر تونـ
لارنى يىراققا چۆرۈپ تاشلاپ مۇبارەك كۆلاھ جەندىلەرگە ھېرىسـ
مەن بولۇشىنىڭ سىرى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. مۇشۇ بىر
ھەقىقەتنى بىز تولۇق ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ
يەتسەك ئىدۇق، ئۇ چاغدا ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرىـ
تىنى يەنە قايتا نامايان قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولاتتۇق.

تارىخ ھۆكۈمى شۇنداقكى، جەبرى مەنزىلى ھامان ئىنسان
بالىسىغا كەڭ ئېچىقلىق. ئۇنىڭ قوينىدىن ھەركىم ئۆز نېسىۋىـ
سىنى تاپىدۇ. شۇڭا ئۇ مەنزىل مەڭگۈ قېرىمايدىغان ياش يولـ
دۇر! شۇنداق بۇ يول مەڭگۈ ياش يول. بۇ يول سەپىرىدە بېلىنى
مەھكەم باغلىغۇچى جەسۇر كىشىگە غېرىبلىق، مىسكىنلىك،

یالغۇزلۇق، ئىزتىراپ دەردلىرى ھەرگىزمۇ يېقىن يولىيالماس.

. . . . . .
بۇزۇلدى جەڭ بىلەن ۋىل ـ ۋىل، يېتىلدى سەبرىلەر پۇختا،
ھېرىقماس ھۆكۈمى چىڭ تارىخ مۇقەررەر يولنى ئاچقاندا.
گىياھلار نازى نۇر تۆكتى ئېچىلغان دەشتە ياش يولغا،
چىڭىپ مۇسكۇل ۋۇجۇدلاردىن غېرىبلار دەردى قاچقاندا.

لېكىن، گۈزەل قەلب ئىگىلىرىدە بىغۇبار ئېتىقاد ۋە ئىنسا-
نىي ئىشق دەردى بولىدۇ. بۇ ئېتىقاد، بۇ دەردلەردىن مۇستەسنا
قەلبنى سەن ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ھېچقانداق سەھە-
پىسىدە كۆرەلمەيسەن. شۇڭا بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىز بۇ نۇقتى-
نى ئەڭ يۈكسەك بەدىئىي پەللىدە يورۇتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ
نۇقتىنى ئۇلار ئىلمىي تاكامۇللۇق بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېتىدۇ.
باشقىسىنى قويۇپ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىگە مۇراجىئەت
قىلايلى: . . . كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك «فەرھاد ـ شېرىن» داس-
تانىدا فەرھاد پادىشاھلىقتىن ھەتتا جېنىدىن ۋاز كېچىپ ئىشق
يولىغا كىرىدۇ. فەرھاد شەرقنىڭ ئەڭ ئېسىل ئىنسانىي سۈپەتلى-
رىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملىگەن ئوبراز. ئۇ ئىنتايىن بىلىم-
لىك ۋە ئىنتايىن كەمتەر، ئىنتايىن ساھىبقىران ھەم باھادىر،
ئىنتايىن مەرد ۋە ئاق كۆڭۈل. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي فەرھاد
ھەقىقىي ئىشق (ھەقىقىي مەجاز ـ خاراكتېر ئىشقى) قا مۇپتىلا
بولۇشتىن بۇرۇن ئۆز ئاتىسىنىڭ خەزىنىسىدە «ئىسكەندەر ئەيند-
كى» نى كۆرۈپ، ئەينەكنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۇنانغا بېرىپ
يۇناننىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى سوقرات (مىلادىيىدىن بۇرۇن
469 — 399 ـ يىللاردا ياشىغان بۈيۈك ئالىم ۋە پەيلاسوپ،
ئارىستوتېلنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى) تىن ئىلىم ئۆگىنىدۇ. تې-
خىمۇ دىققەتكە سازاۋەر قىزىق يېرى، فەرھاد ئەھرەمەن دىۋىنى



يەڭگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خەزىنىسىدىن ئىسكەندەر تىلسىملىرى-
نىڭ سىرىنى يېشىش ئۇسۇللىرى يېزىلغان بىر پارچە كىتابقا
مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىر پارچە كىتاب ئەمەس.
ئەلىشىر نەۋائى بۇنى ئادەتتىكى ۋەقەلىكلەر تىزمىسى قاتارىدا
يېزىۋاتمايدۇ. بەلكى بۇنى ئۇ، شەرققە ئۆتكەن دەسلەپكى ئويغى-
نىش دەۋرىنىڭ ئىلمىي جەۋھىرى تىمسالىدا ئەڭ يىغىنچاق كار-
تىنىدا يېزىۋاتىدۇ. دېمەك، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا بۇ
كىتاب — ئېتىقاد، ئىشق ھەقىقىتى ئىدى، فەرھاد شۇنىڭ ئۇ-
چۈن مەجازى جانانىنىڭ ۋەسلى يولىدا بىستون تېغىنى كۈكۈم ـ
تالقان قىلىپ تاشلايدىغان ئىرادىگە كېلىدۇ:

نېمىشقا تاشلىسۇن گۈرجەك ئاداقىي چوققىدا فەرھاد،
سىيرىلدى پەسكە قارلىق تاغ ئوتتۇمغا ئوت تۇتاشقاندا.
نېچۈن مەجنۇن يۈرەر چۆلدە بۇلاقلار چىللىسا پات ـ پات،
ۋىسالدىن چاقنىغان نۇرلار چېقىپ كۆزلەر قاماشقاندا.

ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بۈيۈك تەۋرەنمەس بىر
مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ — ھەقىقەت مۇنارى. شائىرنىڭ
قەلبىدە بىر تەڭداشسىز ھارارەت كۆيىدۇ، ئۇ — ساپ ۋە سەمى-
مىي ئېتىقاد، ئىشق يالقۇنى. ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبىدە ھەر
دەقىقە بىر چۇقان كۆڭۈل مۈلكىنى ئەسىر قىلغان، ئۇ —
ھەقىقەت مۇنارىنىڭ ساداسى، ۋىجدان چۇقانى. ئىشق مەملىكىتى-
دە شائىر بىر مەجنۇن. مەجنۇن كىم؟ مەجنۇن ئەلىشىر نەۋائى-
نىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ سۆيۈم-
لۈك سىيما. مەجنۇن نەق قەپىسىنى تولۇق تەرك ئەتكەن پاكىز
ئەركىن روھىيەت ئىگىسى. شۇڭا مەجنۇنغا ھەممە، باغمۇ، تاغ-
مۇ، كۆلمۇ، چۆلمۇ، بازارمۇ، مازارمۇ بەرىبىر ئوخشاش.
راست، ئۇ چاڭقىغان، چاڭقىغاندىمۇ مەنىۋى بۇلاقلارغا تەشنا

بولۇپ چاڭقىغان. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي ئىنسان ئىدى.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالىرىدا ئەنە شۇ پىكىرلەرنى ئوقۇرمەن ئالدىغا تاشلايدۇ. ئوقۇرمەننىڭ خىيال قۇشلىرى ئەلىشىر نەۋائى تەلقىنلىرىنىڭ شېرىن ھېكمەت مېۋىلىرى مەي باغلاپ پىشقان باغلىرىغا قونغاندا، غەزەلىنىڭ داۋامى مۇنداق يېشىمگە ئورۇن بېرىدۇ:

تونۇشتۇم مۇشكۇلات بىرلە تىنىمسىز ئوت - ئىشق ئىزدەپ،
تويۇنغان تاڭ زېمىنگە باغرىدىن ئوت - قاننى چاچقاندا.
تىلەكتىن تاغ ياساپ ئۆتتۇڭ، قۇچاقلا ماگمىنى تۇرگۇن،
پەلەمپەي بىل بىدار پىنھاننى يۈكسەككە ياماشقاندا.

ئەمدى شائىر تىنىمسىز ئوت - ئىشق ئىزدەپ ناھايەت مۇشكۇلات بىلەن تونۇشتى. ئۇ ئەمدى بارلىقىنى ئۆز خەلقى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ قەلبى ئۈچۈن، تېخىمۇ يۈكسەككە ئىنتىلىشى ئۈچۈن بېغىشلايدۇ، بۇ يولدا ئۇ پەقەتلا بىر پەلەمپەي بولۇشقا تەييار. بۇ پىكىرنى ئاپتور يەنە بىر غەزىلىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئېلىپ كىرىدۇ. قارا، مۇنۇ ياڭراق، ئويناق ھەم جىلۋىدار مىسرالارغا:

. . . . . .
بۇلار تولغاق بىلەن ئالەمگە جان پەيدا، جاھان پەيدا،
تاپار ھەم ياش ئېرىپ تەن ئاقسا قىممەت بىرلە زەمزەملىك.
تالاشماي تەڭ بەھرە ئالغىن يېگانە شاھلىقىم ۋەيران،
ئاشۇ سەۋدا بىلەن كەتكەن ئاۋام گۈلزارىدىن جەملىك.

راست، ئىنساننىڭ نەپسى - بالاسى ئۇنى قايسى كويلارغا سالمىغان، قايسى سەۋدالار سەھنىسىدە ئۇسسۇل ئويناتمىغان؟ ئاۋامنىڭ جەملىك گۈلزارىمۇ ئاشۇ سەۋدالار دەستىدىن خازان



بولغان.

بىزنىڭ ئىنسانىي سۈپەتلەر بابىمىزدا ھەسەتخورلۇقمۇ بەك يىرگىنچلىك، يامان، چاكىنا ئىللەت. ئۇ ئىنسانلىق مېۋىلىرىگە چۈشكەن قۇرت. ھەسەت ئۇ شەيتانىي سۈپەت. چۈنكى ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى خۇدايىتائالا جەننەتكە مۇيەسسەر قىلغاندا، ھەسەت چوغىدا قىلدەك تولغانغان شەيتان لەئىن بۇغدايىنى يېگۈزۈپ ئۇلارنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئەمەسمۇ!

كۆزۈمدىن ئوت ئېتىلدى دەل ھەسەتخور بام كۆتۈرگەندە،
دېگەيمەن ھەم ئەزەلىنىڭ يازمىشىغا ۋاھ! پىراقىڭدىن.

شائىر بۇ غايىۋى پىراق دەردىدە پۈچىلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق پىراقكى، جىمى پىراقلار ئۇ شاھانە پىراق ئالدىدا بارماقلىرىنى چىشلىشىپ قېلىشىدۇ. ھەتتا ئايمۇ بۇ پىراققا چىدىماي بۇلۇتلارغا ئوت ياقىدۇ:

پىراقلار چايىندى بارماق نوپۇزلۇق شاھ پىراقىڭدىن،
بۇلۇتلار ئەۋەتتى ئوت چىدالماي ماھ پىراقىڭدى.

شائىر ئەمدى بۇ لىرىك مۇھىتتىن ئۆزىگە كۆچىدۇ. خۇددى ئەپسانىلەردىكى ئوت پۈركۈگۈچى ساماۋى ئەجدىھادەك شائىرمۇ تىلىدىن ئوت پۈركۈيدۇ. سەۋەب نېمە؟ سەۋەب — شۇ غايىۋى شېئىرىي ئوبراز ئىزدىن ماڭغان شائىر يەنە شۇ پىراق دەردىدە ئۆرتىنىدۇ:

گويا ئەجدىھا چىقارغاندەك ساماۋى ئوت تىلىمدا ئوت،
ئىزىڭ بويلاپ چېكەرمەن ئاھ، يۇتارمەن ئاھ پىراقىڭدىن.

بارلىق يىرگىنچلىك، ئىپلاسلىق ۋە پاسكىنىلىقنى پەقەت ئوت ئەڭ ياخشى تازىلىيالايدىغان خاسىيەتكە ئىگە. شۇڭا ھەسەتنى ئىپلاس پاسكىنىلىققا تەققاسلىغان شائىر «پاكىز» غايىۋى دۇنيا ئىشقىدا ئۆرتىنىپ ئوت پۈركۈگۈچى ساماۋى ئەجدىھاغا ئايلىنىدۇ. بۇ يولدا شائىر يەنە ھەرنە بولۇشقا تەييار:

......

بوۋاملار رەسمىنى بۇزدۇم قۇياشلار ۋەسلىنى كۆزلەپ،
ھېسابتىن ئۆچتى مەنزىللەر، ئېڭىم جەڭگاھ پىراقىڭدىن.
ئېڭىم جەڭگاھ، يولۇم چاقماق، ۋۇجۇدۇم گەرچە مىڭ پارچە،
كۆلەرمەن شاد، ئۆلەرمەن شاد، دېگەيمەن پاھ پىراقىڭدىن.

ئىنسانلىق نۇرلىرىنى جاھانغا سېخىيلىق بىلەن چاچقۇچى «قۇياش» نىڭ ۋەسلى ئۈچۈن شائىر ناھايىتى قەدىمىي زاماندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەجدادلارنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىنى ھەتتا بۇزۇپ تاشلاشقا قادىر. بۇ يولدا شائىرنىڭ ئېڭى جەڭگاھقا، يولى چاقماققا، ۋۇجۇدى مىڭ پارچىگە ئايلىنىدۇ. شۇندىمۇ شائىر يەنە خۇشال ئۆلۈشكە تەييار. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ يەنە شۇ غايىۋى پىراققا مۇپتىلا. خوش، مۇشۇنداق مەنىۋى قۇدرەت، تەڭداشسىز روھىي كۈچ يەنە قانداقلارچە مەنىۋى زەئىپلىكنىڭ روھىي زەبۇنلۇقنىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلەلمىسۇن؟ بۇ يەردىكى روھىي زەبۇنلۇق — ھەسەتخورلۇقتۇر. ھەسەتخورلۇقنى تەربىيىلىگۈچى ۋە ئۇنى يېتىشتۈرگۈچى «باغۋەن» پەقەت بىرلا، ئۇ — تەمەخورلۇق. شۇڭا شائىر مەزكۇر غەزىلىنىڭ تامامىغا مۇنداق مىسرالار بىلەن رەڭ بېرىدۇ:

قانائەت چوقىسىدىن تىك غۇلاپ چۈشتۈڭ بىھوش پىنھان،
ھەرەج تارتىپ بولۇپ قالدىم تىرىك ئەرۋاھ پىراقىڭدىن.



مېنىڭچە بەدىئىي ئەدەبىياتنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان بىرلا سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ بەدىئىي پىكىرگە قېلىپ ياساپ بېرىش ياكى بەدىئىي پىكىرگە نەزەرىيىۋى مىزان بەلگىلەپ بېرىش. ژانىر شەكىللىرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەمما مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان ئۆزى تاللاپ ئۇدۇملاشتۇرغان، مىللىي روھقا تويۇنغان خاس شەكلى بولىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدىن ئالغان زوقى ھەرقانداق ئۆزگە مىللەت ئەدەبىياتىدىن ئالغان زوقىدىن چوڭقۇر بولىدۇ. ئېنىقكى، مۇزاتنىڭ دۇنياۋى سىمفونىيىلىرىدىن زوق ئالالمىغان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» كۈيلىرىگە مەھلىيا بولىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتىمۇ ئەھۋال خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

غەزەل شەكلى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىنتايىن نەپىس، جەزبىدار، مۇزىكىلىق بىر شەكىل. بىز ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالساق بۇ شەكىلنىڭ قانچىلىك مىللىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ياش شائىر مۇھەممەت خېۋىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەزەل شەكلىدە ئىجتىھات قىلىۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى بەدىئىي پىكىر، ھېكمەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كۈچلۈكلۈكى، لىرىكىلىق پەللىسى، مىسرالىرىنىڭ ئويناقلىقى مېنى خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ كەلدى. مەن يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئاختۇرۇپ، ئىزدەپ كېلىۋاتىمەن. ئەمما، ھەقىقەتنى ئېيتقاندا يۇقىرىقىدەك شەرتلىرى ھازىرلانغان شېئىرلارنى ئازدىن ئاز يولۇقتۇرۇۋاتىمەن.

مۇھەممەت خېۋىرنىڭ غەزەللىرىدە پىكىر ئادەتتىكى ئۇقۇم تېرمىنلىرى كاتېگورىيىسىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن. بۇ پىكىرلەر يەنە كېلىپ تولىمۇ جىلۋىدار سەنئەت قۇچىقىدا جۇلالىنىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى ئوقۇغۇچىغا تويۇنغان ئېستېتىك

لەززەت بېرىدىغان نۇقتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، شائىر مۇھەممەت خېۋىر غەزەللىرىدە خەلقىمىزگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان فولكلور موتىپ ئېلېمېنتلىرىنى دەل جايىدا مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئەسلىي ھېكمەتنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە ئۈنۈم يارىتىلغان. مەسىلەن، مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر تاشلىساقلا بۇ نۇقتا ئايدىڭلىشىدۇ:

. . . . . .
قىياس ئىمكان تاپالماس تىلسىماتقا تاق خىزىر بولدۇم،
چىغىر يول غەشلىرى ۋەيران، سېپىم تالماقلىرى ۋەيران.

بۇ يەردىكى خىزىر شائىرنىڭ ئۆزى. ئەسلىدە خىزىر بىزنىڭ كلاسسىك داستانلىرىمىزنىڭ موتىفلىرىدە ئاجايىپ بىر ساماۋى ھەم غايىۋى ئوبراز بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق سۈيى — «ئابىھايات» تىلسىمىغا بارالىغان بىردىنبىر سىيما. شۇڭا خىزىرلار بۇ دۇنيادا بىزگە بارلىق ھايات توسالغۇلىرىنى يىمىرىپ تاشلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا مەڭگۈ ياشايدۇ، يۇقىرىقى مىسرالاردا شائىر دەل ئاشۇ خىزىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. فەرھاد، مەجنۇن ئوبرازلىرىمىزمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

شائىرنىڭ غەزەللىرىدىكى شېئىرىي ئويناقلىقمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. بىزنىڭ كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئەزەلدىن بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قالتىس ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەندى. بىز ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزدە مۇشۇ ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىمىز. ئەدەبىيات سۆز سەنئىتى دېگەننى بىز مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشىنىپ ئۆزلەشتۈرگەن بولساق توغرا بولار ئىدى. مۇھەممەت خېۋىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدا ئويناقلىق ئادەمگە ئۆزگىچە زوق بېرىدۇ:



چىقىپ پەشتاقىقا ئويغاقلار ساداسىنى تارتماسمەن؟
چېقىن بىرلە ناۋالىق يولغا تەشنانى قاراتماسمەن؟
. . . . . .
تەۋەللۇت سۇبھىسى بەرھەق سىنىڭ پەنجەڭدە ئەي جارچى،
بىخۇد پىنھانغا پەللەڭدىن ئاگاھ چالماڭنى ئاتماسمەن؟

مەن شائىر مۇھەممەت خېۋىرنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنغان بۇ غەزەللىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ، بۇ غەزەللەرگە سىرتتا تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى شۇ غەزەللەرنىڭ ئىچىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ھەقىقىي پاكىز سەنئەتكە تەشنا تۇيغۇلىرىمنىڭ ھېس قىلغانلىرىنى تەرتىپسىز بولسىمۇ دەپ ئۆتتۈم.

# ئىزگۈ تىلەك

ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستازىمىز ئابدۇكېرىم راخمان بىلەن
ئابلىمىت سادىقنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي مېھنەتلىرىـ
نى قۇتلۇقلايمەن.

پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتۇش
ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز خەلقىگە كۆپلىـ
گەن يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەپ بەردى، ئەدەبىيات ۋە مەدەـ
نىيەت تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. مېنىڭ
قارىشىمچە، ئۇستازىمىزنىڭ ئاساسلىق تۆھپىلىرى تۆۋەندىكى
بىرقانچە نۇقتىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئابدۇكېرىم راخمان ھەقىقىي پروفېسسورلارغا
خاس ئىلمىي ۋەزىن، تەربىيىلىگۈچىلەرگە خاس تىرىشچانلىق
بىلەن ئىجتىھات قىلىپ، ھازىرغىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە
فولكلور بويىچە 12 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانت، بەش نەپەر
دوكتور ئاسپىرانت تەربىيىلىدى ھەم تەربىيىلەۋاتىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن رايونىمىزدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر
فولكلورى تەتقىقاتى بويىچە يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئىختىـ
ساس ئىگىلىرى بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

ئىككىنچى، ئۇستازىمىز ئابدۇكېرىم راخمان ئۇزۇن يىلدىن
بۇيان كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئۇيغۇر
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ۋە ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى
نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى. ئۇ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
ئاساسلىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، «ئۇيغۇر



فولكلورى ھەققىدە بايان» قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك دەرسلىك
كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.
ئۇ يەنە «يىپەك يولى مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۆزنىكى»،
«مۇقام پېشۋالىرى»، «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» قاتارلىق
بىرمۇنچە كىتابلارنى يازدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، «قۇتادغۇبىـ
لىگ»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقاـ
تىغا ئائىت يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە 100 دىن ئارتۇق
ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، مۇشۇ ساھەلەر تەتقىقاتىدا قاراڭغۇ
بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىلمىي نۇقتىدىن يورۇتتى. بوـ
لۇپمۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ناملىق ئىلمىي
ئەمگىكى ئۇيغۇر فولكلورى تەتقىقاتىدىكى تۇنجى ئىلمىي قۇرۇـ
لۇش بولۇش سۈپىتى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يۇقىرى
باھاغا ئېرىشتى. بۇ ئەسەر باشقا دۆلەتلەردىمۇ نەشر قىلىنىپ،
خەلقئارادىكى فولكلورشۇناسلارنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارىغا ئېرىشتى.

ھازىر بىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فىلولوگىيە كەسپلىـ
رىدە ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ئوقۇتۇشى مانا شۇ دەرسلىكنى
ئاساس قىلىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاـ
تى ساھەسى ئۆزىمىزدە بىر بوشلۇق بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. چەت
ئەل ئالىملىرىدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر
فولكلورى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمـ
گەكلىرى پەقەت مۇشۇ ساھەدىكى ھادىسىلىك مەسىلىلەر ھەققىدىـ
لا چۈشەندۈرۈش ۋە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرى بىلەن چەكلەندى.
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە فولكلورىنى تەتقىق قىلىش،
تەتقىق قىلغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىنچىكە مەدەنىيەت قاتلاملىرىغىچە ئىلـ
مىي رەۋىشتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، مېنىڭچە، يەنىلا ئۆزىمىزـ
دىن چىققان مەسئۇلىيەتچان تەتقىقاتچىلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.
چۈنكى بۇ ساھە تەتقىقاتىغا خام ماتېرىيال بولىدىغان مەدەنىيەت
ئامىللىرى ھازىرقى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ

ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىن تۆرەلگەن، ئۆز خەلقىمىزنىڭ قۇچىقىدا ئۆسكەن، ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققان ئىزدەنگۈچىلىرىمىزلا بۇرۇنقى ۋە بۈگۈنكى بارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىمىزنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆز تەتقىقاتچىلىرىمىز مىللىي پسىخىك تۇيغۇ جەھەتتىن ئۆز خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرىنى ۋە پسىخىك دۇنياسى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچلىرىنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئەڭ سىستېمىلىق ئىلمىي مېھنەتنى بىزنىڭ دەۋرىمىزدە پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ۋۇجۇدقا كەلتۈردى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئابدۇكېرىم راخمان خۇددى نۇرغۇنلىغان ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش مېنىڭمۇ بىۋاستە ئۇستازىمدۇر. مەن ئۇستازىمىزنىڭ دەرسلىرىدىن ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىدىن كۆپ ئەقلىي مەنپەئەتكە ئېرىشكەنمەن. ھەتتا ئۇستازىمىزنىڭ تەۋسىيىسى ۋە ئىلھام بېرىشى بىلەن بەزى تېمىلار ئۈستىدىمۇ ئىزدەنگەنمەن. ئۇستازىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە فولكلور تەتقىقاتىنى باشلاپ بېرىشى، بىزگە يول ئېچىپ بېرىشى، ئەمدى ئويلىسام ناھايىتى زور خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن. ھازىرقى ئەدەبىياتىمىز ئىككى مۇقەددەس ئەڭگۈشتەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يولىنى تاپالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى، يەنە بىرى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدۇر. بىزدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ھېلىھەم ئىنتايىن ئاجىز دېيىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتە چوقۇم تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ.



ئابدۇكېرىم راخمان ئىلمىي تەتقىقاتتا ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، قىممەتلىك ئىلمىي نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئوغۇز خاقان ۋە ئوغۇزنامە ئېپوسى ھەققىدە يېڭى مۇلاھىزىلەر» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 - يىل 3 - سان) ناملىق ماقالىسىدە بىزگە تاكى 80 - يىللارغىچە «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتىدا ئايدىڭ بولماي كېلىۋاتقان بىرمۇنچە مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ئومۇمەن ئەنە شۇنداق ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. يېقىندا مەن تۈركىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، ياش دوكتور كۇرتۇلۇش ئۆز تۆپچۈنىڭ «ئۇيغۇر ئاتا سۆزلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرى» (1992 - يىلى، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى) ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇ ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە قىسمىدا ئۇستازىمىز ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسلىرى» (مۇھەممەد زۇنۇن بىلەن بىللە تۈزگەن) ناملىق كىتابىنى ئاساسىي پايدىلىنىش مەنبەسى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ (شۇ كىتاب 68 - بەت). دېمەكچىمەنكى، ئۇستازىمىزنىڭ ئىلمىي مېھنەتلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇشۇ ساھە تەتقىقاتى بويىچە خېلى زور تەسىرگە ئىگە.

ئۈچىنچى، ئۇستازىمىز ئابدۇكېرىم راخمان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ ئەڭ زور مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ نەشرگە تەييارلاپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈن مەيدان ھازىرلاپ بەردى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تالاي قېتىم كېزىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى خەلق ئىچىدىن يىغىپ نەشر قىلدۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچ توپلا-

مىنى توپلاش، نەشرگە تەييارلاش ۋە تاللاش ئىشلىرىغا باشتىن-
ئاخىر يېتەكچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ
مىللىي ئۆرپ - ئادەت ۋە فولكلورىنى ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەتقىق
قىلدى. ناھايەت پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان مۇشۇ ساھە
تەتقىقاتى بويىچە بايراقدار بولۇپ كەلدى.

ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز، ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت
تەشكىلاتچىسى ئابلىمىت سادىق 40 نەچچە يىللىق ئەدەبىيات -
سەنئەت خىزمىتى جەريانىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ
تەرەققىياتى ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلەپ، خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇپ
كېتەلمەيدىغان تۆھپىلەرنى قوشتى. جامائەتچىلىك ئىچىدە يۇقى-
رى ئىناۋەتكە ئىگە ئۇستازىمىز ئابلىمىت سادىق ئۇزۇن يىلدىن
بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە مەمۇرىي، كەسپىي ۋە
تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا ياش قەلەمكەشلەرنى
ۋە ياش مۇھەررىرلەرنى دەل ۋاقتىدا توغرا تاللاپ، تەربىيىلەپ
يېتىشتۈردى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەيىمىزدە باش چۆكۈرۈپ
ئىشلەپ، تىنىمسىز ئەجىر قىلىۋاتقان كۆپلىگەن مۇھەررىرلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەجرىبىلەرگە باي، نەزەر دائىرىسى
كەڭ، كەسپىي ئىقتىدارى ۋە كەسىپ ئەخلاقى كامىل ئۇستازىمىز
ئابلىمىت سادىق ئاكىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدىن ئايرى-
لالمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسىگە ھەممىمىز ئاپىرىن
ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ئۇستازىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تىلغا
ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك تۆھپىسى شۇكى، ئۇ يېقىنقى ئون
نەچچە يىلدىن بۇيان پۈتۈن رايونىمىزنىڭ ھەربىر ناھىيە ۋە قىش-
لاقلىرىنى دېگۈدەك كېزىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ رايونىمىزدىكى ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئۈچ چوڭ مى-
راسنى توپلاش، رەتلەش، بېكىتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ،
مەملىكەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرى بويىچە ئاكادې-
مىك نۇسخىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قوش-



تى. ئۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئەڭ ئاكتىپ تەشكىللى-
گۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە نۇرغۇن خەلقئارالىق
ۋە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئاكتىپ ئۇيۇش-
تۇرغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇستازىمىز ئابلىمىت سادىقنىڭ بۇ
جەھەتتىكى تۆھپىسىنىمۇ ئىنتايىن زور دېيىشكە بولىدۇ.

مەن ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئىككى ئۇستازىمىزنىڭ
تېنىگە سالامەتلىك، ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇق
تىلەيمەن!

# ئورال ساداسى

تاتار خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، مەشھۇر خەلقپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر شائىر ئابدۇللا توقاي چوۋاشىستاندىن تارتىپ باشقىرتىستانغىچە مەشھۇر بولۇپلا قالماي، چېبوكساردىن ئۇرۇمچىگىچە، ئورال تاغلىرىدىن تەڭرىتاغلىرىغىچە، ۋولگا بويلىرىدىن تارىم بويلىرىغىچە ئەكس سادا پەيدا قىلغان ئاجايىپ شائىردۇر. ئۇنىڭ ساداسى ۋولگا ئورال بويلىرىدىن كاۋكازغىچە، ھەتتا گۈرجىستان، ئەزەربەيجانلاردىن ئۆتۈپ ئاناتولىيىگىچە يەتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇشۇ كەڭ زېمىنلاردىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىغا روشەن تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ مىللىي ئەقلى، بەدىئىي تەپەككۇرىنى يەنە بىر قېتىم غىدىقلىدى. ئۇ ئاجايىپ بىر تالانت ئىگىسى ئىدى. بالىلىق چاغلىرىدىلا ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ غۇنچىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى ئىلھامبەخش تۇيغۇلارنى بەرگەن. ئابدۇللا توقاينى سىستېمىلىق تەتقىق قىلغان قازانلى ئوردىئانوس پروفېسسور، دوكتور، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم رەشىت راخمەتى ئارات شائىرنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى بىرمۇنچە شېئىرلىرىنى توپلاپ، 1964 ـ يىلى ئىستانبۇلدا قازان تۈرك ياشلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان «توقاي ياشلىق كۇلۇبى» نىڭ «توقاي كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن كاتتا مۇراسىمدا شۇ كۇلۇبقا تەقدىم قىلغانىدى. بۇ كۇلۇب ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىلمىي خادىملار كېيىنكى ۋاقىتلاردا «توقاينىڭ بالىلىقتىكى شېئىرلىرى» دېگەن نامدا راخمەتى ئاراتنىڭ مۇھاكىملىرى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلدۇردى. راخمەتى ئاراتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى بالىلار ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. بەزىلىرى باشلانغۇچ مەدرىسەلەرنىڭ گېمنلىرىغا ئايلانغان. مەسىلەن، شائىرنىڭ «ئاللاھ» ماۋزۇسى ئاستىدا يازغان مۇنۇ مىسرالىرى قازان تاتارلىرى ئىچىدە خېلى جىق كىشىلەرگە سەبىي بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ياشانغانغا قەدەر مەنىۋى ھەمراھ بولۇپ كەلگەن:

ئى باھالى، ئى قادىرلى، ئى گۇناھسىز يەش بالا!
راخمەتى بىك كىن ئانىڭ، ھەردەم تايان سېن ئاللاھقا.
ياخۇداي، كۆرسەت دېگىن — ئۇشبۇ جاھاندا ياقتى يۇل،
ئول راھىملى، ئەتكەن ـ ئەتكەندە كۆپ شافكەتلى ئۇل.
. . . . . .

. . . . . .
قىل دۇئا ئىخلاس بىلەن تىزلەندە قىبلە قارىشىنا،
بىل ئانى كىرسىز كۆڭۈلدەن توغرا يول بار ئارىشىنا.

بۇ مىسرالارنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنى بىر كىچىككىنە بالىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. قارىماققا بۇ مىسرالارنىڭ بىر قەلىمى پىشقان مۇئەييەن دۇنيا قارىشى تىكلەنگەن شائىرلارنىڭ قەلىمىدىنلا تېمىش مۇمكىنچىلىكى بولاتتى. شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇ مىسرالارنى ئابدۇللا توقاي بالىلىق چاغلىرىدا يازغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

بىر كۈنى ئابدۇللا توقاي خىياللارغا پېتىپ ياتقىنىدا چوڭ ئانىسى ئىككى رەكەت نامىزىدىن كېيىن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، چەكسىز ئىستەكلەر بىلەن ئوغلىنىڭ ئامانلىقىنى تىلەپتۇ. شۇ چاغدا ئابدۇللا توقاي «ئانا دۇئاسى» دېگەن شېئىرنى

يازىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى ئوقۇرمەنگە تېخى ئويلاپ يەتمىگەن، قىياس قىلىپ ئۈلگۈرمىگەن مەنىۋى دۇنيالارنى كۆرسىتىدۇ. قاراڭ مۇنۇ مىسرالارغا:

كۆتۈرگەن قول دۇئاغا، ياد ئېتە ئول شۇندا ئۆز ئوغلىن،
خۇدايىمدى باختىلى بولسۇندى سۆيگەن ئەزىز ئوغلىن،
تامادىر مىسكىنىنىڭ تامچى - تامچى كۆزىندىن ياش،
قاراغىز، شۇل دۇئامى ئىندى تەڭرى قارىشىنا بارماس!

1886 - يىلى بۇ تالانت ئىگىسى تۇغۇلۇپ بەش ئايلىق بولغاندا ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەندە ئانىسىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ تەربىيىسىگە قالدى. ئاردىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ 1895 - يىلىغا كەلگەندە ئۇ دادىسىنىڭ سىڭلىسى بىلەن بىللە يايىق شەھىرىگە كەلدى. توققۇز ياشقا كىرگەن ئابدۇللا توقاي مەدرىسىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. يايىق شەھىرىدىكى بۇ چوڭ مەدرىسىدە ئابدۇللا توقاي ئۆزىنىڭ ئوچۇق زېھنى ۋە ئىجتىهاتى بىلەن تونۇلغان ئەلاچى تالىپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستازى مۇتىۋۇللا هەزرەتكە «شەرقىي رۇس»، «تەرجىمان» ۋە ئەرەبچە «تىرابلۇس» گېزىتلىرى كېلەتتى. ئابدۇللا توقاي كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا قىزىققانلىقى ئۈچۈن بۇ گېزىتلەرنى زېهنى بىلەن ۋاراقلايتتى. بۇ گېزىتلەردە چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، بولۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرلەر ئۇنىڭ باللىق قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ئىشتىياقىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. 1903- يىلى ئابدۇللا توقاي ئوقۇۋاتقان مەدرىسىگە تۈركىيىدىن بىر تالىپ كەلدى. ئۇ توپتوغرا بىر قىش بۇ مەدرىسىدە ئوقۇدى، بۇ تالىپ شەرق ئەدەبىياتىنى خېلىلا ياخشى بىلىدىغان، ئۆزىمۇ شېئىر يازىدىغان ئابدۇلۋەلى ئىدى. ئابدۇللا توقاي بۇ



ساۋاقدىشى بىلەن يېقىنلا دوست بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياقى ھەسسىلەپ ئارتىپ باردى. بۇ چاغلاردا مۇتىۋۇللا هەزرەتنىڭ ئوغلى مەشهۇر كامىل مۇتئىي مىسىردىكى ئىلىم تەھسىلىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ كىشىمۇ ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن پىششىق ئىدى، ئۆزىمۇ پىشقانلا شائىر ئىدى. ئابدۇللا توقاي ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ دوست بولدى. دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالاتتى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەرەبچە ۋە تۈركچە كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ بېرىلىپ ئوقۇيتتى. ئابدۇللا توقاي تاكى 1898- يىلىغىچە مەدرىسىدە ۋە كامىل مۇتئىيدا پۈتۈن زېهنى بىلەن ئوقۇدى. نەق مۇشۇ ئىجتىمائىي هايات ئابدۇللا توقاينىڭ شائىرلىق هاياتى ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى، 1905 - يىلى كامىل مۇتئىي ئۆزى باشچىلىق قىلىپ «فىكىر» گېزىتىنى چىقىرىشقا باشلىدى. ئابدۇللا توقاي مۇشۇ گېزىتكە مۇهەررىرلىككە تەكلىپ قىلىندى. بۇ مەتبۇئات ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئۈچۈن كەڭ مەيدان هازىرلاپ بەردى. ئۇنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى چاقناپ تۇرىدىغان شېئىرلىرى مەزكۇر گېزىتتە ھەممىدىن كۆپ ئېلان قىلىندى. 1906 - يىلى «فىكىر» گېزىتىنىڭ نامى «ئەل - ئاسرۇل- جەدىد» نامىغا ئۆزگەرتىلدى. ئابدۇللا توقاي بۇ دەۋرلەردە مۇشۇ مەتبۇئاتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تاتار تىلىنىڭ قازان شېۋىسىدە ئاجايىپ ئوتلۇق شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ ھەممىگە تونۇش بولغان «سەھرالىق ئۇيقۇسى»، «ئۇخلار» ناملىق شېئىرلىرى مۇشۇ چاغلاردا يېزىلغاندى.

1907 - يىلى 21 يېشىدا، ئابدۇللا توقاي ئەسكەرلىككە تۇتۇلدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇپ قازانغا قايتىپ كېلىپ ماكانلاشتى. شۇ

يىللاردا قازان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەدە-
نىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەردىكى قايناق مەدەنىي
ھايات، نەشرىياتچىلىق، ئابدۇللا توقاينى يەنە بىر قېتىم ئىجادىي
يولغا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ قازاندىمۇ نۇرغۇن ئۆلمەس شېئىرلارنى
يازدى. قازان ئاجايىپ شەھەر ئىدى. ئۆزىنىڭ سانائەت سىستې-
مىسىنى ئاللىبۇرۇن شەكىللەندۇرگەن بۇ شەھەر شائىرغا يېڭى
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە كەڭ ئويلىنىش ۋە مۇتائىلە
قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. شائىر قازان ھەققىدە مۇنداق
يازىدۇ:

ئەيتە ئىرتەڭگى نامازغا بىك ماتور مۇڭلۇ ئازان:
ئى قازان، دەرتلى قازان، مۇڭلۇ قازان، نۇرلۇ قازان!

مانا شۇ ئىككى مىسرالا بىزگە ئەينى چاغدىكى قازان ھەققىدە
ئەڭ ئېنىق، ئەڭ ئىخچام، ئەڭ ئوبرازلىق چۈشەنچىلەرنى بېرى-
دۇ. دېمەك، ئابدۇللا توقاي ئۈچۈن ئېيتقاندا قازاندىكى ئىجتىما-
ئىي ھايات ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر - ئىدىيىلىرىنى تېخىمۇ
تاۋلىغان ھاياتتۇر. 1908 - يىللاردىن كېيىن ئابدۇللا توقاي
«يەشىن» (چاقماق)، «يالت - يۇلت»، «قۇياش»، «ۋاقىت»،
«شورا»، «ئان» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئىشلىدى ۋە ئۆزىمۇ
نۇرغۇن شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. 1912 - يىلى بۇ تالانتلىق
شائىر تۇبېركۇليوز كېسىلى بىلەن ئېغىر يېتىپ قالدى. بىر
يىلدىن كېيىن 27 يېشىدا ئەمدىلا قىرانغا يەتكەن بۇ تالانت
ئىگىسى، تاتار ھازىرقى زامان شېئىرىيەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق
چولپىنى ئابدۇللا توقاي بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.
تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىنى ئەڭ سىستېما-
لىق ئۆگەنگەن ئوردىيائوس پروفېسسور، دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ



1913 - يىلى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «تۈرك يۇرتى» ناملىق
مەجمۇئەدە بىر جىددىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىسىدە مۇن-
داق دەيدۇ:
«. . . ئابدۇللا توقاي ئاجايىپ شائىر ئىدى. تۈرك دۇنيا-
سىدا نۇرغۇن ئەرباب ۋە پىكىر، قەلەم ساھىبلىرى بولسىمۇ،
ناھايىتى نۇرغۇن يارامىلىق ئوغۇل - قىزلار بولسىمۇ، لېكىن
ھېچبىرى ئۇنىڭغا يەتمىدى. ئابدۇللا توقاي ۋولگا بويىدا ئىستان-
بۇلدىكىدىنمۇ ئارتۇق بىر مىللىي ۋىجداننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىك-
نى بىلدۇردى. تۈركىيىدە گېزىتلەر، رىساللەر توقاينىڭ ھاياتى
ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. مەتبۇئاتلارغا تۈركىيە-
نىڭ ھەممە يەرلىرىدىن ھېسابسىز تەزىيەنامىلەر كەلدى. شائىر-
نىڭ ئەسەرلىرى كىتابخانىلاردا پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولۇندى،
ھەتتا بەزى جايلارغا ‹توقاي› نامى بېرىلىش تەشەببۇس قىلىندى.
ئابدۇللا توقاي بىلەن تاتار خەلقى پالاكەت ۋە سائادەت يولىنى يەنە
بىر قېتىم ئېنىق تونۇدى. . .»①
شائىرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن
تەسىرى ھەققىدە كۆپ ماقالىلەر يېزىلدى، جىق مۇھاكىمىلەر
بولۇندى. مەن بۇ مۇھاكىمىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارغا
قوشۇلىمەن. چۈنكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەش-
ھۇر نامايەندىلەر ئاساسەن ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيەت-
لىرىدىن بىز ئابدۇللا توقاينىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى ھېس قىلى-
مىز. ئورال تاغلىرى:

مەن تاتارمەن مەن تاتارمەن،
تاتار ئۈچۈن جان ئاتارمەن.

① ئو. ف. سەرتقايا: «رەشىد راخمەتى ئارات ماقالىلىرى» 1 - جىلد 1013 - بەت.

دەپ ئەكس سادا ياڭراتسا، تەڭرىتاغلىرى مۇنداق ئەكس سادا ياڭراتتى:

قوپ دېدىم بېشىڭ كۆتۈر ئۇيقۇڭنى ئاچ،
رەقىبىڭ باشىنى كەس قانىنى چاچ.
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلىسەن ئارماندا بىر كۈن يوق ئىلاج!



# ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىز ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

يېقىنقى 30 يىلغا يېقىن تارىخىي مۇساپىدە ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىمىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بىر باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئەدەبىياتىمىز قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار ناھايىتى زور بولسىمۇ، بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى. مەن ئالدى بىلەن ئۇتۇقلىرىمىز ھەققىدە توختىلىمەن.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ بەدىئىي ياقتىن ۋە تېماتىكا جەھەتتىن زور ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجادىي يولغا كىرىشكە باشلىدى. ئەمما، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ تاكى 1980 ـ يىللارغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا شېئىرىيىتىمىزدە سىياسىي مەۋقە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ، شېئىرىيىتىمىز كىشى قەلبىنى سۆيۈندۇرىدىغان، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېما قىلغان مەزمۇنلاردىن كۆپ يىراقتا قالدى. بۇ ھەممىگە مەلۇم بولغان، جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەر شېئىرىيىتىگە ئوخشاشلا شېئىرىيىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلەر ئىدى. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ بىزنىڭ بىر قىسىم پېشقەدەم مۇئەللىپلىرىمىز، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش قەلەم ساھىبلىرىمىز زور ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ بىرقەدەر

مۇكەممەل مىزانلىرىغا تېزدىن ياندىشىشقا ھەرىكەت قىلدى. ھالبۇكى بۇ ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما شۇنى كۆرۈش كېرەككى، دەل مۇشۇ چاغلاردىن باشلاپ شېئىرىيىتىمىز تېماتىكا جەھەتتىن ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن دەۋر روھىغا ياندىشىشقا يۈزلەندى. ناھايەت ئوقۇرمەنلىرىمىز بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە سۆيۈپ ئوقۇغان شائىر ۋە شېئىرلار بارلىققا كەلدى. 1980 ـ يىللاردىن 1990 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ياش قەلەمكەشلەر ئارىسىدا «يېڭىچە شېئىر» (گۇڭگا شېئىر) قىسقا بىر مۇددەت دولقۇن پەيدا قىلىپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ قىسمەن تۇرغۇن ۋە نامرات تېما ئۆتكىلىگە تەسىر كۆرسىتىپ، تېما نامراتلىقىدا مەلۇم دەرىجىدە چالغىتىش ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنى شادلاندۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قوزغايدىغان ياكى ھەسرەتلەندۈرىدىغان، ئۆزى ۋە باشقىلار ھەققىدە ئويلاندۇرىدىغان بەزى ياخشى شېئىرلار بارلىققا كەلدى.

كىشىلەرنىڭ روھىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بەدىئىي ياقتىن ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرىي ئىجادىيەت مانا مۇشۇ دەۋردە جانلىنىشقا باشلىدى. شېئىرىيەت تىلى ئوبرازلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مۇئەللىپلىرىمىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ سەنئەتلىك ئىپادە كۈچى ھەققىدە ئىزدەندى. كىشىگە شېئىرىي تۇيغۇ بېرىدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە، تەسىرچان مۇبالىغە — تەشبىھ ۋاستىلىرى قايتا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شېئىرىيەتنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆركى — شېئىرىيەت تىلىنى باشقا ئەدەبىي ژانىرلار تىلىدىن ۋە ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقە تىلىدىن پەۋقۇلئاددە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان نەزمىي سەنئەت گۈزەللىكى ئىدى. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك كلاسسىكلىرىمىز ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلغان ۋە ئۇنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، 80 ـ



يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىلىدىن، بولۇپمۇ سىياسىي مەۋقەلەر مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا چىققان ۋاقىتلاردىكى شېئىرىيەتنىڭ تىلىدىن بىز ھەقىقىي نەزمىي تىلغا ئائىت ئامىللارنى ئاسانلىقچە ئۇچرىتالمايمىز. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بىز شېئىرىيەت تىلىدىمۇ قۇرغاقلىق ۋە يالىڭاچلىقنىڭ مەلۇم دەرىجىدە يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇق. بۇ شېئىرىيىتىمىز قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر نەتىجىدۇر.

يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە پروزا ساھەسىدە مىڭلاپ ھېكايە، پوۋېستلار ئېلان قىلىنىپ، پروزىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەرقايسى جايلاردا ئەدەبىي ژۇرناللار كەينى ـ كەينىدىن تەسىس قىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز ئۈچۈن مەيدان، ئىمكانىيەت كېڭەيدى. تەتقىقاتچىلىرىمىز تالاي قېتىم زىكرى قىلغىنىدەك يازغۇچىلار قوشۇنىمىز شەكىللىنىشكە باشلىدى. پروزا ئىجادىيىتىمىزدە بىزنى پەۋقۇلئاددە سۆيۈندۈرىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز زور نەتىجە رومانچىلىق ئىجادىيىتى بولدى. مۇشۇ تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىر قوزغىغان ئىجادىي ھادىسە سۈپىتىدە 200 پارچىگە يېقىن رومان نەشر قىلىندى. تارىخشۇناسلىق ئىلمى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى چوڭ ـ چوڭ تارىخىي ۋەقە ۋە تارىخىي شەخسلەر تارىخىي رومانچىلىقىمىزدا ئاساسىي جەھەتتىن بىرەر قۇر قەلەمگە ئېلىندى. نەتىجىدە بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تارىخىي رومانلار روياپقا چىقىپ، ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى بوشلۇقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تولدۇردى. ئەمدى بولغاندا يازغۇچىلىرىمىز رومان ئىجادىيىتىدە بۈگۈنكى رېئال ھاياتىمىزنى يورۇتۇشنى ئاساس قىلغان يېڭى ئىجتىمائىي تېمىلارغا ئۆتتى. رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزدىمۇ ياخشى تەربىيىلەنگەن، بىلىم قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ئەتراپلىق بولغان ئىقتىدارلىق ئاپ-

تورلار ۋە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە يازغۇچىلار قوشۇنى شەكىللەندى. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ پروزا ژانىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. بۇ ھال بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزىچىلىقىنىڭ بىر پۈتۈن چاغداش ئەدەبىياتىمىزدا تۇتقان ئورنىنى مىسلىسىز يۇكسەكلىككە كۆتۈردى. دېمەك، نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزىچىلىقى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدىغان مەنبەلىك «ئابىھايات» چەشمىسىگە ئايلاندى. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىمىزدە 1980 ـ يىللاردىن كېيىن مەلۇم نىسبەتتە «ئىزدەنمە ھېكايىلەر» مەيدانغا كېلىپ، ھېكايىچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ رەڭگارەڭ بولۇشى ئۈچۈن بەزى ئىجادىي ئۈلگىلەرنى تىكلەپ بەردى.

پروزا ئىجادىيىتىدە كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر نەتىجە شۇ بولدىكى، 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ پروزا ئىجادىيىتىمىز بەدىئىي ياقتىن يۇكسىلىشكە باشلىدى. بۇنى پروزىچىلىقىمىز ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ قەدەممۇقەددەم رېئال ئادەملەرگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن كۆرەلەيمىز. پروزىچىلىقىمىزدا مەنىۋى دۇنياسى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي سۈپەتلەرگە ئىگە، دراماتىك ھايات توقۇنۇشلىرى مۇھىتىدا ياشايدىغان، ئۆزىگىلا خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر قىسىم پېرسوناژلار يارىتىلىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەدىئىي تەشنالىقىنى قاندۇردى. بۇنىڭدىن پروزىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىي يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. پروزا ئىجادىيىتىمىزدە يەنە بەزى ئىقتىدارلىق ۋە ئىجتىھاتچان يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىگە خاس ھېكايە شەكىللىرىنى ۋە سۇژېت كارتىنىلىرىنى سىناق قىلىپ يېزىپ بەلگىلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى. بۇ ھال كەلگۈسىدە يازغۇچىلار قوشۇنىمىزدىن ئۆزىگە خاس يېزىش ئىس-



تىلىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغان ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇسلۇب شەكىللەندۈرەلەيدىغان مۇئەللىپلەرنىڭمۇ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى دېرەكلىدى.

مۇشۇ تارىخىي دەۋردە ئەدەبىياتىمىزدا «ئەدەبىي ئاخبارات» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئەينى ئىش ۋە ئەينى ئادەملەرنى بەدىئىي قەلەم بىلەن تەسۋىرلەيدىغان بىر تۈر بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسلىدە زىيارەت ئەدەبىياتى سۈپىتىدە زىيارەت خاتىرىلىرىنى ئېلان قىلىشتىن باشلانغانىدى. ئۇ قەدەممۇقەددەم پروزىچىلىقىمىزدا ئۆزىگە خاس بىر ساھەنى شەكىللەندۈردى. بىزنىڭ قەلىمى پىشقان، ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە تەسىرى بار يازغۇچىلىرىمىزدىن تارتىپ، ئەمدىلا ئىجادىيەت سېپىگە كىرىشىۋاتقان ئۆگەنچى ياشلارغىچە بۇ ساھەدە قەلەم تەۋرەتكەنلەرمۇ خېلى كۆپ بولدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئۆزىگە خاس كىتابخانلار دائىرىسى شەكىللەندى. بۇنىمۇ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزىچىلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى دېيىش مۇمكىن.

1980 ـ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرىچىلىك ئۆزىگە خاس بىر ئىجادىي تۈر سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ، مەلۇم نىسبەتتە نەسر يازىدىغانلار ۋە مەخسۇس نەسرىچىلەر يېتىشىپ چىقتى. بەزى نەزەرىيە كىتابلىرىمىزدا، يېزىقچىلىققا ئائىت دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا دېيىلگىنىدەك نەسر ئەسلىي شېئىر بىلەن پروزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ژانىر بولۇپ، لىرىكىلىق ئامىللىرى نۇقتىسىدىن شېئىرىيەتكە، بىرقەدەر ئەركىن يېزىلىش ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن پروزىغا يېقىنلىشىدىغان تۈر ئىدى. مۇشۇ 30 يىلغا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىمىزدە نەسرىچىلىكىمىزمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ناھايەت نەسرلىرىمىزدە لىرىك تۇيغۇ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدىغان نەسرلەر، سۇژېتلىق ئامىللاردىن كەڭ پايدىلىنىدىغان

نەسرلەر، ھېكمەتتىن پايدىلىنىپ مۇھاكىمىلىك بايانىنى لىرىك تۇستە بېرىدىغان نەسرلەر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن نەسرچىلىكىمىزنىڭمۇ ئۆز ئىجادىي يولىدا توختاۋسىز ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز.

بىزدە ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىد مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاندى دېيىش مۇمكىن. مۇشۇ 30 يىلغا يېقىن تارىخىي مۇساپىدە بىزدە بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوبزورچىلىقى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىد يولىغا چۈشۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ كونكرېت مەسىلىلىرى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە قىممەتلىك ئىلمىي خۇلاسىلەرنى يەكۈنلىدى. نەتىجىدە چاغداش ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىك بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى دادىل مۇھاكىمە قىلالايدىغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي گەۋدىگە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھال مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭىدىن يېڭى بەدىئىي پەللىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ قىسمەن ئىلمىي مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەردى. ئەدەبىي ئوبزورچىلار قوشۇنىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، بارغانچە زورىيىپ، كونكرېت ئەسەرلەر ھەققىدە، بىرەر يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتى ھەققىدە، شۇنىڭدەك بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھازىر بىز ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ كۆلىمى، ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە بىرقەدەر كەڭ ـ كۇشادە پىكىر قىلىشالايدىغان بولدۇق. مانا بۇ چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ 30 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنىڭ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئۇتۇقىدۇر.



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ۋە ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم تاشقى ئامىللارنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىمۇ يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر چاغداش تەرجىمە ئەدەبىياتى بېيىدى. تەرجىمانلار قوشۇنىمىز زورايدى. ھەرقانداق بىر مىللىي ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىدە مىللىي مۇھىتتىكى كىتابخانلار قوشۇنى ۋە ئاپتورلار قوشۇنى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرجىمە ئەدەبىياتى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل بەدىئىي ئۇتۇقلىرى، ئۇنىڭ دۇنياۋى تېماتىكىلاردا ئەڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھېكمەتلەرنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىشى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك دەرىجىدە رەڭدار بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغلاردا تولۇقى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆز بايلىقىغا ئايلىنىپ، ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئەلۋەتتە، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەرجىمە ئەدەبىياتىنى بېيىتىشقا سەل قاراش مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارىغان بىلەن باراۋەر. 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى باشچىلىقىدىكى نەشرىياتلىرىمىز خەنزۇ تىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەرقايسى تىللاردىن تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ۋە نەشر قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنى بېيىتىشقا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى. مۇشۇ تارىخىي دەۋردە

بۇ نەشرىياتلار جۇڭگو كلاسسىكلىرىدىكى نادىر ئەسەرلەرنى، لۇشۇننىڭ شېئىر، نەسر، ھېكايىلىرىدىن تاللانمىلارنى، لۇشۇن زاۋېنلىرىنى، لاۋشې، باجىن، گومورو، زاڭ كېجيا، ساۋ يۈ، شيې بىڭشىن، ئەي چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىللاردىن 1990 - يىللارغىچە ئىزچىل ھالدا «گۈلىستان» ناملىق ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسىنى نەشر قىلىپ (جەمئىي 24 سان)، چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىنلا 300 دىن ئارتۇق نادىر ھېكايىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. 1980 - يىلى ئۇلار يەنە «باھار شاملى» نامىدىكى ئالتە قىسىملىق ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسىنى نەشر قىلدى. مىللەتلەر نەشرىياتى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر كلاسسىكلىرىدىن شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى، تاڭ دەۋرى شېئىرلىرى، «چۇي يۈەن» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىمۇ نەشردىن چىقىرىپ، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىمۇ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلىش بىلەن بىللە 1979 - يىلى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىپ، بۇ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنالدا مەخسۇس چەت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. بۇ ژۇرنال بۈگۈنگىچە 150 تىن ئارتۇق سان نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنى بېيىتىشتا پەۋقۇلئاددە زور كۈچ چىقاردى. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدا تەسىرى چوڭ ھادىسە سۈپىتىدە مۇئەللىپلىرىمىز، ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ھەققىدىكى تونۇشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا روشەن تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان



ئەسەرلەر ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە تەسىس قىلىنغىلى ئۇزاق بولمىغان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك سەھنە ھازىرلاپ بەردى. دېمەك، ئۇيغۇر چاغداش تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يەنە بىر زور ئۇتۇقىدۇر.

يۇقىرىقى بىرقاتار ئۇتۇقلىرىمىزنى چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقىنىمىزدا، ئومۇمىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا يەنە بەزى يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇشى گەرچە ياخشى ئىشتەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەزى نۇقسانلارغا مۇھىت ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەت. تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە پىشمىغان قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## بىرىنچى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ھازىر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتورلار قوشۇنىمىز زورايغان بولسىمۇ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا تېما نامراتلىقى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا. خېلى نىسبەتنى تەشكىل قىلىدىغان ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا ھېكمەتنىڭ يۈكسەك بەدىئىي فورمىدا، شېئىرىي مۇھىتتا يورۇتۇلۇشى كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئوخشاش تېمىلار، ئوخشاش پىكىرلەر كۆپ بايان قىلىنىۋاتىدۇ. پىكىر چوڭقۇرلۇقىدىن سۆز ئېچىش تولىمۇ قىيىنغا توختاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي تىنىق، مىللىي ھىد، مىللىي تۇيغۇ گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان مىسرالار يولۇقمايدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە

گەپ قىلغاندا پاساھەتلىك، گۈزەل، ئىخچام، رەڭدار ۋە ئوبرازلىق شېئىرىي تىلدىن سۆز ئاچماق تېخىمۇ قىيىن. ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت تىلى تەمسىز، ھارارەتسىز ۋە ئوبرازسىز بولۇپ، مەجازى ۋاستىلەردىن تامامەن خالىي ۋە يالىڭاچتۇر. شېئىرىي ئەسەر مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ نەزم دېگىلى بولسۇن؟ شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائى تەلقىنلىرى بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

بولماسا ئەئىجاز مەقامىدا نەزم،
بولماس ئېردى تەڭرى كەلامىدا نەزم.

قاراڭ، شېئىرىيەت پىرى نەزم ھەققىدە ناھايىتى يۈكسەك ئىلمىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. مۇبادا مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىسىدە نەزم بولمىغان بولسا ئىدى، تەڭرى كالامىدىمۇ سەنئەت (نەزم) بولمايتتى، دەيدۇ ئۇ. پارس ئەللامىسى نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى مۇنداق دەيدۇ: «شېئىر يېزىش بىر خىل ماھارەتتۇر، شائىر ئالاھىدە ماھارەتنى ئىشقا سېلىپ شەيئىلەرنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۆز كۆزقارىشىنى بايان قىلىدۇ، ئۇلار كىچىك ئىشنى چوڭايتىپ ياكى چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىپ، يا بولمىسا گۈزەل ھالەتنى كۆرۈمسىزلەشتۈرۈپ، ياكى يامانىنى ياخشى قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق قايناق ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇپ، ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى قوزغاپ، كىشىلەرنى شادلاندۇرىدۇ يا ھەسرەتلەندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى چوڭ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋاستىگە ئايلىنىدۇ.»[1] دېمەك، شېئىردا ماھارەت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا

① نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى: «چاھار ماقالە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 - يىل 3 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 48 - بەت.



تۇرىدۇ. بىز مۇشۇ ئۆلچەملەر بويىچە بۈگۈنكى شېئىرلىرىمىزنى ئوقۇساق شېئىر دەپ يېزىۋاتقانلىرىمىزنىڭ تېخى بەدىئىي شېئىرىيەت تەلىپىگە يېقىنلاشمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. بىزدىكى تېما نامراتلىقىمۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر ياشتىكى كىشىلەر قۇرامى بويىچە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىپادىلەشكە ئىنتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ياش مۇئەللىپلەرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى كۆپرەك يېزىشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە، شېئىرىيەت ئىجادىيەت تارىخىدا بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال ئەھۋاللار. لېكىن، ياش، ئىقتىدارلىق، تالانتلىق دەپ قارىلىۋاتقان شائىرلار قوشۇنىمىزدىمۇ پۈتۈن كىتابخانلىرىمىز ئېتىراپ قىلغۇدەك، ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك، ھايات ھېكمەتلىرىگە تويۇنغان، يۈكسەك پەلسەپۋىلىككە ئىگە مىللىي ھىد گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان بىرەر پارچە شېئىرنى كۆرەلمەسلىك تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىكتۇر. قاراڭ، ياش تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي يىگىتلىك قىرانىدا ئاجايىپ شېئىرلارنى يازمىغانمىدى؟ ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە ئۆلمەس شېئىرىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانمىدى؟ ئۇلارمۇ ياش، قىران يىگىتلەر ئىدىغۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئويلايمەنكى، ياشلىرىمىزنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە پىكىر نامراتلىقى ھۆكۈمران.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بارغانچە ئازىيىپ بېرىشى شېئىرىيىتىمىزنىڭ رەڭدارلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدە مۇكەممەللەشكەن بەزى ۋەزىن شەكىللەر بۈگۈنكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مەسىلەن، بىزدە ھازىر ئارۇز ۋەزىنىنىڭ غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، مۇ-

خەممەس دېگەندەك شەكىللىرىلا قالدى. مۇسەددەس، مۇسەببە، مۇسەممەن، مۇتەسسا، مۇشەممەت، تەزەددۇت قاتارلىق نۇرغۇن ئارۇز ۋەزىن شەكىللىرى ۋە بەزى ئاللىرتاتسىيىلىك ئالامەتلەر ئەمەلدىن قالدى. ئۇلار يېزىلمايدىغان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ شەكىللەر شائىرلاردىن ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلاتتى. دەل مۇشۇ قىيىنچىلىق قەلەمكەشلىرىمىزنى قورقۇتتى. ئۇلار مۇشۇ ماھارەتلەرنى ئىگىلەشكە ئاجىز كېلىپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالدى. ناھايەت ئۇلار بۇگۈنكى شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىپ قالغان ئارۇز ۋەزىنىنىڭ بەزى بەھرلىرىنىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە داستانچىلىق ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىگە كەلگەندە تۇركىي تىللىق شېئىرىيەتتە ۋە پارس شېئىرىيىتىدىمۇ شائىرلارنىڭ تاكامۇللاشقانلىقىنى، بەدىئىي ئىستىبدات ۋە پەلسەپىدە يۇكسەك بىر سەۋىيە يارانقانلىقىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە — داستان ئىجادىيىتى ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. بۇگۇنگە كەلگەندە داستانچىلىق ئىجادىيىتى ئۈزۈلۈش باسقۇچىغا كىرىپ قالدى. تاكى 1990 ـ يىللارغىچە ئۆز ئىجادىيىتىدە داستان يارانقان بەزى شائىرلىرىمىزمۇ بۇگۇنكى كۈندە داستان توغرۇلۇق ئويلاپمۇ قويمايدىغان بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مەن كۆپ ئويلىدىم. قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالماي كەلدىم. ئۆزۈمچە مۇنداق خىياللارنى قىلىپ باقتىم: ئەسلىي داستانىنىڭ ئۈندۈرمىسى قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقلىرىغا، مەرد ـ جەسۇرلۇقلىرىغا ئوقۇلغان قەسىدىلەردىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللەت، ۋەتەن، ھەقىقەت، ئېتىقاد ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئايانماس قۇربانلىقلىرىدىن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئەڭ دەسلەپ-



كى داستانلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ھالبۇكى بۇگۇنكى كۈندە شۇنداق قەھرىمانلارنىڭ، قەھرىمانلىقتا يارىغۇدەك ئەزىمەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلمەسلىكى داستانچىلىقىمىزنىڭ تېماتىكا مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى بولمىسا شائىرلىرىمىزنىڭ داستاندىن ئىبارەت شېئىرىيەتنىڭ ئالاھىدە ئىستېبدات، بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بۇ تۈرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقىشقا قۇربى يەتمەمدىغاندۇ؟ بۇگۇن ئوقۇرمەنلىرىمىز شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا پروزا ئەسەرلىرىگە بەكرەك مەپتۇنكار بولۇپ قالدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبكارى يەنىلا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بۇگۇنكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدىكى نۇقسانلاردۇر. شۇنداق بولسا شېئىرنىڭ ئوقۇرمىنى ئازىيىپ كەتكەندە داستانىنىڭ ئوقۇرمىنىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ھېكايە ئوقۇشقا قىزىقمايدىغان بىر كىشىنى رومان ئوقۇشقا دەۋەت قىلغىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا شائىرلىرىمىز داستان يېزىشنى بىھاجەت دەپ بىلگەنمىدۇ؟ ياكى بولمىسا ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىز بازار ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن داستانلارغا سەھىپە بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانمىدۇ؟ . . . مېنىڭچە، داستانىنىڭ بەدىئىي تەلەپلىرى بويىچە نادىر داستانلار بارلىققا كېلىدىغان بولسا، ئىشىنىمەنكى ئەلمىساقتىن ئېسىل داستانلارنى ئۆزلىرىگە مەنىۋى ھەمراھ قىلىپ كەلگەن خەلقىمىز ئۇنى چوقۇم قەدىرلەيدۇ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى بايلىقى سۈپىتىدە ئەزىزلەيدۇ ۋە سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە كېيىنكى خىيالىم توغرىمىكىن دەيمەن.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ دەپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ، شېئىرىيىتىمىزدە مۇئەممما، ساتىرا، شېئىرىي چاقچاق، سالامنامىلەر بارغانچە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇمۇ بىزنى ئويلاندۇرىدىغان نۇقتىلار. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىككىنچى، پروزا ئىجادىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

30 يىل مابەينىدە يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، خۇددى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزگە ئوخشاش ھېكايىچىلىقىمىزدىن تاكى رومانچىلىقىمىزغىچە تېما نامراتلىقى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. پروزىچىلىقىمىزنىڭ تېما نامراتلىقى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى نامراتلىق ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىيات دائىرىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مەلۇم دەرىجىدە توسالغۇ بولماقتا. بىزنىڭ مۇتلەق زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ھېكايە، پوۋېستلىرىمىزدا خۇددى ئالدىن كېلىشىۋېلىنغاندەك ئوخشاش بىر سۇژىت، ئوخشاش بىر تېما ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلاردا بىر قىز بىلەن بىر يىگىتنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت سۇژىتى خاتىرىلىنىدۇ. بۇ پېرسوناژلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن، روھىيىتىدىن زامانىمىز كىشىلىرى كۈتۈۋاتقان مىللىي خاسلىقنى تاپالماي قالىسىز. يەنە كېلىپ بۇنداق ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئادەتتىكى، يۈزە كۆرۈنۈشى بويىچە تەسۋىرلىنىدىغان بىر خۇنۇك پېرسوناژ بار. ئۇ پېرسوناژ ھامان پەزىلەت ئىگىلىرى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ھېكايىچىلىقىمىزدا بىز ھېكايە ئۈچۈن تاللىۋالغان ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇقىغا تېخى دىگەندەك بۆسۈپ كىرەلمەيۋاتىمىز. ئەدەبىياتىمىزدا پېرسوناژلاردا ئوبرازنى يارىتىشتا يېڭى بەدىئىي ماھارەتلەرنى يېتىلدۈرەلمەيۋاتىمىز. قېرىنداش مىللەتلەر يازغۇچىلىرىدىن قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوف مۇنداق دەيدۇ: «بەدىئىي ئەدەبىياتتا



ھەقىقىي يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاساسى يازغۇچىنىڭ ئۆز مىللىتى توپلىغان مەنىۋى بايلىقنى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن كۆرەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىشى، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھەربىر تېنىقى، ھەربىر ھەرىكىتى، ھەتتا چۈشكىچە مىللىي خاسلىقلارنى ئىپادىلىگەن بولۇشى ھەمدە پېرسوناژلىرى تىلى بىلەن ئەمەس، دىلى بىلەن دىئالوگ قىلىشالايدىغان بولۇشى ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ.»① مۇشۇ شەرتلەرگە ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ پروزىچىلىقىمىز بەدىئىي ياقتىن تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشى، ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى ھەققىدە تېخىمۇ زور ئىجتىھات قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاز بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزنى سۆيۈندۈرگۈدەك ماھىيەتلىك تېمىلارنى ۋە بەدىئىي ئوبرازلارنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپىنچە يازغۇچىلىرىمىزدا ئەنە شۇ مەسئۇلىيەت ئېڭى تېخى تىكلەنمىدى.

ھېكايە ۋە پوۋېستلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر چوڭ يېتەرسىزلىك شۇكى، سۇژىت قۇرۇلمىسى ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي بولغان ھېكايىلەر زور سالماقنى تەشكىل قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ھېكايىلەرنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇساقلا ئاخىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ سۇژىت نامراتلىقىدىن ئىبارەت. بۇنداق ھېكايىلەر كىشىلەرگە تېخى مەلۇم بولمىغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى ھەرگىزمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەسلى بەدىئىي ئەدەبىيات تېخى ئوقۇرمەن بايقىمىغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك. بۇ ئەقەللىي ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسا، بۇنداق يازمى-

① چىڭغىز ئايتماتوف: «ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى، 44 ـ بەت.

نىڭ كىشىگە تەسىر قىلىش كۈچى بولمايدۇ.

پروزا ئەسەرلىرىمىزدىكى يەنە بىر يېتەرسىزلىك، بەدىئىي تىلىمىزنىڭ تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدۇر. سەنئەتلىك تىلنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بەدىئىي ئەسەرگە قويۇلىدىغان ئەقەللىي تەلەپتۇر. ئەدەبىي ئەسەر مىللىي ئەدەبىي تىلنى قوغداپلا قالماي، بەلكى ئۇنى بېيىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئادا قىلىشى كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، هازىر بىز پروزا ئىجادىيىتىمىزدە ئالدىنقى تەلەپنىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلالمايۋاتىمىز. ئەسەرلىرىمىزدە تىل قۇرغاق، جانسىز، تەسۋىرلەر ئورۇنسىز ياكى تەكرار. پېرسوناژلار تىلى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئامالسىزدۇر. دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناهايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولغان «كانتېربورى هېكايىلىرى» ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخىدا «ئىنگلىز تىلىنىڭ ئەسلىي ئەدەبىي نورمىسىنى قوغداپ قالغانلىقى بىلەن قىممەتكە سازاۋەر» بولسا، ئۇلۇغ پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاهنامە» ناملىق مەشهۇر ئەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس ئەدەبىياتىنى يۈكسەك دەرىجىدە بېيىتىپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆزىدىن كېيىنكى بىر پۈتۈن پارس تىلىنىڭ بەدىئىي تىل نورمىسىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى دەۋرىدىن بۈگۈنكى دەۋرگىچە بولغان 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە پارس تىلى هازىرقى زامان پارس تىلى دەپ ئاتالدى. ئەدەبىياتنىڭ مانا مۇشۇنداق قۇدرەتلىك رولىنى بىز تولۇق هېسابقا ئېلىپ بولالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە بىز بۇنى هېس قىلىپ يەتمىدۇق. مەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭ پروزا ئەسەرلىرىنى ئومۇمەن دېگۇدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئەسەرلىرىمىزدە ئوبرازلىق تىلىمىز تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمايلا قالماي، دەللىك ۋە توغرىلىقمۇ بەزىدە كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. پروزا



ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي تۇرمۇشنى ۋە مىللىي هايات كارتىنىسىنى، پېرسوناژنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى خۇددى مۇكەممەل ماي بوياق رەسىمدەك كۆز ئالدىمىزغا ئەكېلىپ بېرىشى ياكى ئەكېلىپ بېرەلمەسلىكى ئوبرازلىق تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە پايدىلىنالماسلىق مەسىلىسىدۇر.

يازغۇچىلىرىمىز مەلۇم جەهەتتە تۇرمۇشنى قائىدىلەشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىگە كىرگۈزىۋېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ هەممىلا يازغۇچىلىرىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە ئەمەس. بىر قىسىم ياش يازغۇچىلىرىمىزدا كۆپرەك كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە. بۇ هەرگىزمۇ ئورتاق ئىجتىمائىي غايىدىن كېلىپ چىققان مەسىلە ئەمەس. ئورتاق ئىجتىمائىي غايە سەنئەتكارلارنىڭ پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئەمەلىيەتكە بولغان ئوخشاشمايدىغان قاراشلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەسلىكىنى بىلىشى كېرەك. بەزى يازغۇچىلىرىمىز تەسۋىرلەۋاتقان هايات كۆرۈنۈشى ئۆزئارا شۇ دەرىجىدە ئوخشاشكى، ئۇلار ياراتقان ۋە يېزىۋاتقان ئادەملەر روهىي هالەت، هەرىكەت ۋە تەقدىر جەهەتتىن ئۆزئارا بىر - بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ هايات يولى ۋە تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ هەممىدىن زور مەغلۇبىيىتىدۇر. پروزىچىلىقىمىزدىكى بۇ هال تۈپتىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىز گەرچە يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ئۆزىگە خاس بىر دائىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنگىچىلا مۇكەممەل بىر ئىجادىي تۈر بولۇپ شەكىللەنەلمىدى. ئۇ رېئال ئادەم ۋە ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئاسا-

سي مەۋقە قىلىپ، بەدىئىي رەڭنى دىگەندەك ۋايىغا يەتكۈزەلمە-
دى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي يازغۇچىلىرىمىزغا بىرنەچچە يىللار
ئىلگىرى ئەدەبىي ئاخبارات يېزىش ۋەزىپىسى يۈكلىنىپ زورىغا
يازدىغان ۋەزىپە مەجبۇرىيىتى ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ بە-
دىئىي سۈپىتىگە بەلگىلىك سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. خېلى
داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىجتىما-
ئىي قىممەتكە ئىگە بولمىغان ۋەقەلەرنى خاتىرىگە ئېلىپ، ئەدەبىي
ئاخباراتچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىمىزدىكى ئورنىغا تەسىر
يەتكۈزدى. ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىمىزدە مۇئەللىپلەرنىڭ
يازماقچى بولغان تېمىنى تەكشۈرۈشى ۋە مۇلاھىزە قىلىشى دىگەن-
دەك يېتەرلىك بولالمىدى. هازىر يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي ئاخبارات-
لار خېلى كۆپ سانني تەشكىل قىلىسىمۇ، ئۇلاردا بايان قىلىنغان
ئەمەلىي پاكىتلارنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، تىلىنىڭ رەڭسىز،
قۇرۇق بايان تۈسىنى ئېلىپ قېلىشى، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقى-
مىزنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار-
نىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي ئاخبا-
رات يېزىشمۇ خۇددى پروزا ئىجادىيىتىگە ئوخشاش پىشقان بەدى-
ئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتى-
دۇر. ئۇنىڭ بەدىئىي ئامىللىرىغا قويۇلىدىغان تەلەپ پروزا ئىجا-
دىيىتىمىزگە قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.
پەقەت ئۇنىڭدا ھېكايە قىلىنغان ۋەقە ۋە ئادەملەرلا رېئال بولىدۇ.
گاھىدا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ رېئال ئادەم، رېئال ئىش ئىزلارنى
بايان قىلىدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى ئاپتورلىرى-
مىز ئۇنى خۇددى گېزىت خەۋىرىدەك ئەينەن خاتىرىگە ئېلىپ
قويۇشى، بەزى مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ مۇشۇ رېئال ماتېرىياللارنى
ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىشى ئەدەبىي ئاخباراتچىلى-
قىمىزدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر نۇقساندۇر. شۇنىمۇ ئېيتىپ



ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىمىزدا مۇئەييەن ئىجتى-
مائىي تەسىرگە ئىگە بولغان ئىش ئىزلار ھەققىدە مۇئەللىپنىڭ
كىشىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك ئىلمىي مۇلاھىزىلىرى دېگەندەك ۋا-
يىغا يەتمەيۋاتىدۇ.

## تۆتىنچى، نەسرچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

ھازىر نەسرچىلىك ئىجادىيىتىمىزدە بەزى ئاپتورلارنىڭ ياز-
مىلىرى زادىلا نەسرنىڭ ئۆلچىمىگە توشمايدۇ. ئۇلاردا لىرىكىلىق
پۇراق يوق. مۇكەممەل ئېپىك ئەسەرلەردە بولىدىغان بەزى ئالا-
ھىدىلىكلەرنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئېپىك ئوبراز ياكى لىرىك
ئوبرازلاردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. نەسرنىڭ باشقا
تۈرلەردىن پەرقلىنىدىغان لىرىك ئالاھىدىلىكى كاپالەتكە ئىگە
بولمىسا، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنگە تەسىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.
نەسر نىسبەتەن ئەركىن يېزىلىدىغان تۈر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ
ئىخچاملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇ جەھەتتىمۇ
نەسر ئىجادىيىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە ئاز ئەمەس. نەسر
ئىجادىيىتىدە نەسر تىلى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. نەسر
تىلى خۇددى شېئىرىيەت تىلىدەك ئوبرازلىق، تەسىر قىلارلىق،
ئىخچام، يارقىن ۋە لىرىكىغا تويۇنغان بولۇشى لازىم. نەسردە
كۆپرەك مۇئەللىپنىڭ لىرىك ئىلھامى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.
شۇنداق ئىكەن نەسردە ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملە ۋە ھەربىر
ئابزاس ئالاھىدە تاللانغان ۋە پىششىقلانغان ئىخچام تىل ئۆتكىلى-
دىن ئۆتۈشى كېرەك. ھازىر بىزنىڭ نەسر ئىجادىيىتىمىزدە نەسر
تىلى خۇددى بايان تىلىدەك ئاددىي، ئوبرازسىز، ھارارەتسىز
بولۇپ قېلىشتەك كەيپىيات ئومۇملاشماقتا. سانىۋالغۇدەك بىر-
نەچچە مۇئەللىپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپىنچە ئاپتورلار-

نىڭ «نەسر»لىرىنى ئەقەللىي نەسر ئۆلچىمىگە يەتتى دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نەسرمۇ خۇددى شېئىردەك ھېكمەتنى كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات يورۇتۇپ، ئوقۇرمەن قەلبىنى ھاياجانغا ۋە لەرزىگە سېلىشى كېرەك ئىدى. مۇشۇ تەلەپلەرنى ئارتقۇرۇۋاتقان نەسرچىلىرىمىز ۋە نەسرلىرىمىز سان جەھەتتە ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ ھال بىزنىڭ نەسر ئىجادىيىتىمىزدە يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىزدە ھازىر لىرىك ھېسسىياتتىن مۇستەسنا ھالدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنىدىغان بەزى «نەسر»لەر كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، نەسر ئىجادىيىتىدە بايانىي نەسر تۈرى بار. ئەمما، بايانىي نەسرمۇ بىزنىڭ پروزا ئەسەرلىرىمىزدىن تۈپتىن پەرق قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بايانىي نەسرمۇ تويۇنغان لىرىكا قۇچىقىدا بايان قىلىنىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بىر قىسىم نەسرلىرىمىزدىكى ھېسسىي قۇرغاقلىق، ئۇنىڭ تىلىدىكى يېقىمسىزلىق، ئەسەردىكى ئوبرازسىزلىق كىتابخانلىرىمىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. نەسرچىلىكىمىز مۇشۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا، ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ۋە كىتابخانلىرىمىزنى قايىل قىلىش ۋەزىپىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

## بەشىنچى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

خۇددى تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ مەنىۋى زەئىپلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ دەللىك ۋە ئەمەلىيلىكتىن يىراقلىقى، ئۆز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ سۇسلۇقى، باشقىلارنىڭ نەزەرىيىۋى بايانلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى نەزەرىيىۋى قائىدىلەرنى شەرھلەشنى ئەلا بىلىپ، ئەدە-



بىياتىمىزدىكى رېئال ئەدەبىي مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىمىز.»①

ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىز ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىز ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بەدىئىيەت ئىلمىگە تەۋە ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئومۇمەن كۆپ مۇھاكىمە يۈرگۈزمىدى ۋە كۆپ نەرسە دەپ بېرەلمىدى. خۇددى سەنئەت بىزگە قانداق ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئەمەس، بەلكى قانداق ياشىشىمىز كېرەكلىكىنى دەپ بېرىشى لازىم بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزمۇ بىزگە قانداق يازغانلىقىمىزنىلا ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق يېزىشىمىز كېرەكلىكىنىمۇ دەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ھازىرقى ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىز مەۋجۇت بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ كەينىدىن خۇلاسىلەپ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كەينىدە قالدى» دېيىشىۋاتىدۇ. مەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلىمەن.

تەنقىدچىلىكىمىزدىكى يەنە بىر چوڭ يېتەرسىزلىك شۇكى، تەنقىدچىلىك سېپىدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى يېتەرسىز بولماقتا. ئۇلار نۇرغۇن دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەردىن خەۋەرسىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئۈلگىلەرنى تىرىشىپ ئۆگەنمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى يېتەرسىز، تىل بىلىمى كەمچىل بولۇپ، ئەسەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى تۆۋەن. مۇبادا تەنقىدچىنىڭ تۇرمۇش بىلىمى مول بولمىسا، بىلىمى چوڭقۇر ۋە كەڭ بولمىسا،

① «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەنقىدچىلىكى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل 12 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 4 — 5 - بەتلەر.

ئېستېتىك تەربىيىلىنىشى ئەتراپلىق بولمىسا، ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. بىزدە ھازىر سەۋىيە جەھەتتىن گۇمانلىق بولغان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ تەنقىدچىلىك سېپىگە قوشۇلۇشى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

تەنقىدچىلىكىمىزدە ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بىلەن مۇئەللىپلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش قويۇق بولمايۋاتىدۇ. ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىدچى يازغۇچىنىڭ يېقىن سىردىشى ۋە سەمىمىي مەسلىھەتچىسى بولۇشى لازىم. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچىكى قويۇقلاشسا، ئەدەبىي تەنقىدتىكى دەللىك ۋە توغرىلىقنى شۇنچىكى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى يېڭىچە مۇھاكىمە شەكىللىرى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، تەسىرى زور بولغان يازغۇچى، شائىرلار بىلەن مەخسۇس تېمىلاردىكى سۆھبەت ئۆتكۈزۈش بۇنىڭ پاكىتىدۇر. ئەمما، يازغۇچىشۇناسلىق تەتقىقاتى ھەققىدە تەنقىدچىلىكىمىزنى تېخى ھېچ ئىش قىلمىدى دېيىش كېرەك. كىتابخانلىرىمىز ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە بولغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقاتلار ئىشلىنىشى كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جەريانى ۋەھاكازالار.

## ئالتىنچى، دراماتورگىيە ئىجادىيىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر

ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدا دراماتورگىيە ئىجادىيىتىدە ئۈزۈلۈش بولۇۋاتىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئۇنىۋېرسال-



لىققا ئىگە بۇ تۈرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ جىددىي رىتىمىغا ماس كېلەلمەي قالدىمۇ ياكى بىزدە بۇ ساھە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتورلار قالمىدىمۇ ۋە ياكى دراماچىلىقىمىزنىڭ ئورنىنى كولدۇرگە - ئىتوتچىلىق ئىگىلىۋالدىمۇ، ئاساسىي سەۋەب زادى نەدە؟! دەل مۇشۇ نۇقتا ئەدەبىي ئوبزورچىلىقىمىزدىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنمىدى. بۇ مەسىلە نېمە ئۈچۈنكى ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ دىققىتىنى زادىلا تارتالمىدى. مەن بۇ يەردە ئەسلىي تېما ۋە ماقالە سەھىپىسى سەۋەبىدىن بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات تۈسىنى ئالغان مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزمەيمەن. پەقەت يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرىمنىلا دەپ ئۆتىمەن. مېنىڭچە، دراماتورگىيە ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن: ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھازىر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىۋاستە كۆرۈنۈشىگە، يەنى سەھنە سەنئىتىنىڭ بىۋاستە كۆرۈنۈشىگە بولغان قىزىقىشى ئاجىزلاشتى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ جىددىيچىلىكى، ئائىلىلەردە تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى، تېلېۋىزور سەنئەت نومۇرلىرىنى تارقىتىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى، دراماغا كېرەك بولىدىغان دېكوراتسىيە ۋە باشقىلارنىڭ قىممىتىنىڭ ئۆسۈشى.

تىياتىر ئەسلىي بىۋاستە سەنئەت ئىدى. ئۇنىڭ ياراتقان ئوبرازى ئارتىسنىڭ سەھنىدىكى ماھارىتى بىلەن تاماشىبىنغا ئايدىڭ بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى بىۋاستە سەنئەت دەيمىز. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە سەنئەت بولغاچقا، ئۇنىۋېرسال ماھارەت يېتىشتۈرگەن ئارتىسلار قوشۇنىنى تەلەپ قىلىدۇ. تىياتىر سەنئىتى ئۈچۈن ئەدەبىيات، ئارتىس، رەسسام، مۇزىكانت، رەققاس، ھەيكەلتىراش، بىناكار، گىرىمچىك، لاي-

ھىلىگۈچى، چىراغچى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەنىڭ كەسپ ئەھلى لازىم بولىدۇ. نەتىجىدە بىر تىياتىرنى ئويناش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ ۋە ۋاقىت ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇڭا، بىر تىياتىرنى سەھنىگە ئېلىپ چىققۇچى تىياتىر ئۆمىكى ئۈچۈن بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، دراماتورگىيە ئىجادىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا دەل مۇشۇ مەسىلە يەنە بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

بىزدە يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان دراماتورگلار قوشۇنىمىزدا ئىلگىرىلەش بولمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، 1990 ـ يىللاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەن بەزى درامىلار بەدىئىي جەھەتتىن «گۈلىنسا» ، «غۇنچەم» درامىلىرىغىمۇ يەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دراما ئەسەرلىرى تاماشىبىنلىرىمىزنى زېرىكتۈرىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈردى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە تىياتىر سەنئىتى بۈگۈنمۇ تاماشىبىنلىرىمىزنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان سەنئەت سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ بارماقتا. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ تاماشىبىنلىرىمىزنىڭ ئېستېتىك تەربىيىلىنىشى، بىۋاستە سەنئەتكە بولغان ئېستېتىك چۈشەنچىسى ياۋروپالىقلارنىڭكىگە يەتمىسە كېرەك.

ھازىرقى ئەھۋالدا تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى تاماشىبىنلىرىمىزغا قىسقا، مەزمۇنلۇق كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە، مۇرەككەپ دراماتىك توقۇنۇشلاردىن خالىي، مۇرەككەپ دېكوراتسىيىسىز سەھنە ئەسىرىگە قىزىقىش تۇيغۇسىنى قوزغىدى. ھازىر تاماشىبىنلىرىمىزدا ئىتوتلارغا بولغان قىزغىنلىق بىرقەدەر يۇقىرى. ئەمما، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، بىزدە مەخسۇس ئىتوت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەلەمكەشلەر بارلىققا كەلمىدى. ئىتوت ۋە كۇلدۇرگە سېنارىيىلىرىمىزنىڭ خۇددى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز بىلەن ھېچـ



بىر باغلىنىشى يوقتەك يازغۇچىلىرىمىز ۋە دراماتورگلىرىمىز بۇ ساھەگە زادىلا قىزىقمايۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل سەھنە ئەسەرلىرىمىز ياخشى سېنارىيىلەرگە ئېرىشەلمەي بەزىدە دەماللىققا ئارتىسلار ئۆزلىرى قۇراشتۇرۇپ ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ سەھنىلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ھال ماھىيەتلىك تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى مۇشۇ بىۋاستە سەنئەت تۈرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ.

## يەتتىنچى، باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى. «تارىم غۇنچىلىرى» ، «ئۆسمۈرلەر گېزىتى» ۋە ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار مەلۇم سەھىپىلىرىدە باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن ھېكايە، شېئىر ۋە شېئىرىي تېپىشماقلارنى ئېلان قىلدى. يېقىندا خاس باللار ئەدەبىياتىغا تەۋە بەزى مەخسۇس رومانلارمۇ نەشر قىلىندى. مانا مۇشۇ نەتىجىلەر بىلەن بىللە باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىمىزدە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مەسىلە ساقلىنىۋاتىدۇ:

ھازىرقى ئىجادىيىتىمىزدە مۇئەللىپلەر ئۆزلىرىنى باللارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قويۇپ تۇرۇپ ئىجادىيەت قىلالمايۋاتىدۇ. باللار ئەدەبىياتىغا ئائىت كۆپىنچە ئەسەرلەردە باللارنىڭ ياخشى ئۆگىنىشى، تازىلىققا رىئايە قىلىشى، ئەخلاقلىق بولۇشى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق پەند ـ نەسىھەتلەر بىلەن تەكىتلىنىپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ساددا گۈزەل ئىستەكلىرى، ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈلمەيۋاتىدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەردە بالىلارغا خاس تىل
كاپالەتكە ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە
بالىلارغا خاس چۈچۈك تىل ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئەگەر بالىلار ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بالىلار تىلىغا ھۆرمەت قىلىن-
مىسا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە بىۋاستە تەسىر يېتى-
دۇ. بىز چەت ئەل بالىلار ئەدەبىياتى ھېكايىلەر توپلاملىرىنى
تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى-
مىزغا خاس ھېكايىلىرىمىزنىمۇ تاللاپ نەشر قىلدۇق. بىز ئۆزى-
مىزنىڭ ئاپتورلىرى يازغان ھېكايىلەر بىلەن چەت ئەل بالىلار
ھېكايىلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بەدىئىي پەرقىنىڭ ناھا-
يىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بالىلارنىڭ مەنىۋى دۇن-
ياسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا تېخى يۇكسەك
ئېتىبارغا ئېلىنمىدى.

## سەككىزىنچى، ئۇيغۇر چاغداش تەرجىمە ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە-چىلىك-مىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر

بۇ جەھەتتە 30 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى-
مىز ھەققىدە يۇقىرىقى سەھىپىلىرىمىزدە قىسقىچە توختالغان-
دۇق. بۇ يەردە پەقەت ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىلا توختى-
لىمەن.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر تەرجىمە
ئەدەبىياتى بىلەن ئەدەبىي تەرجىمە ئىككى ئۇقۇمدۇر. ئەدەبىي
تەرجىمە ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزنى بېيىتىدىغان ۋە ئۇنى
راۋاجلاندۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ئىجادىيەت شەكلىدۇر. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن، مەن ھەممىمىزگە مەلۇم بولغان، ئۇيغۇر مىللىي
ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ئۇيغۇر تەرجىمە



ئەدەبىياتى ھەققىدە توختالماي، بەلكى ئەدەبىي تەرجىمىچىلىك-
مىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىمنى
دەپ ئۆتىمەن.

تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزدا دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنىڭ ۋە خەن-
زۇ ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى چوڭ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە نۇسخى-
لىرى بەك ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. بىر ئەدەبىي تەرجىمان
قانچىلىك ئەدەبىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر بىر
نادىر ئەسەرنىڭ بىرلا خىل تەرجىمىسى ئىشلەنسە، باشقا تەرجى-
مانلار تەرىپىدىن ئىككىنچى خىل تەرجىمە نۇسخىسى زادىلا ئىش-
لەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تەرجىمە ئەسەرلەردىن ئەڭ ياخ-
شىسىنى تاللاش ئىمكانىيىتىدىن مەلۇم دائىرىدە مەھرۇم بولى-
مىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە چەت ئەل ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى
تەسىرى زور يازغۇچىلارنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ كەينىدىن ئىز قوغ-
لاپ مەخسۇس تەرجىمە قىلىش ساھەسى شەكىللەنمىدى.

بەدىئىي تەرجىمە سەۋىيىسىدە چېكىنىش بولغاندەك تۇرىدۇ.
ئەدەبىي تەرجىمە كۆپ ئىستېدات تەلەپ قىلىنىدىغان ئىجادىي
پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. ئۇ باشقا تەرجىمىلەرگە تۈپتىن ئوخشاش-
مايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمان ئالدى بىلەن مىللىي ئەدەبىياتنىڭ
ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرىنى ۋە ئەدەبىي ھادىسىلەرنى ئەتراپلىق بى-
لىدىغان، ئۆزىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان
بولۇشى كېرەك. بىزدە ھازىر ئۆزى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللىنىپ باقمىغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ئەدەبىياتىنىمۇ
چۈشەنمەيدىغان، پەقەتلا مەلۇم دەرىجىدىكى خەنزۇ تىل سەۋىيە-
سىگە ئىگە بولغان كىشىلەرمۇ ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللى-
نىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىدا ئەدەبىياتقا ئوخشىشى-
دىغان ئەسەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا قۇرغاقلىشىپ،
بەدىئىي ئامىللاردىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئەدەبىي تەرجىمىدە ھازىر كۆپرەك تەرجىمە قىلىنىۋاتقىنى پروزا ئەسەرلىرى بولۇپ، باشقا ژانىر تۈرلىرى ئىنتايىن ئاز تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى تاللاپ تەرجىمە قىلىنماي، تەرجىمان تاپالىغان، ئۆزىگە ياققان ئادەتتىكى ئاپتورلارنىڭ بەدىئىي ياقتىن پىشمىغان ئەسەرلىرىمۇ تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق تەرجىمىلەر ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنى بېيىتالمايلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

چەت ئەل ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر بىزدە ئومۇمەن تەرجىمىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بەدىئىي رەڭگىنىڭ سۇنۇشى ئېغىر دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەرجىمىدە ئانا تىلدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىش بىلەن ئوتتۇرىدىكى ۋاسىتىچى تىللاردىن تەرجىمە قىلىشنىڭ بەدىئىي رەڭگىنى ساقلاپ قېلىشتىكى، ئىپادىلەش كۈچىنى ئەينەن ساقلاپ قېلىشتىكى دەرىجىسى قەتئىي ئوخشاشمايدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا تەرجىمە ئەسەرلىرىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئىنكاسلىرىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەرجىمە تىلى» دەپ بىر تىل شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ تىل بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىنمۇ ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدىنمۇ روشەن پەرق قىلىدىغان ھارارەتسىز، رەڭسىز، ئوبرازسىز، چۈشىنىكسىز بىر تىلدۇر.

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر پەقەتلا باشقا تىللاردىن جۈملىدىن خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئوتتۇرىلىقتا بىر مەزگىل چوڭ ئۈزۈكچىلىك بولغانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ياش تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقىپ،



چاغداش ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق تەرجىمىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى رولى ئىنتايىن زور. مىللەتلەر ئارا ئۆز ئارا چۈشىنىش، ئۇچۇر ـ ئالاقە كۈنسايىن كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەملىكەتكە ۋە خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇپ بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىش ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. مەيلى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلار قوشۇنىمىز بولسۇن ياكى ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلار قوشۇنىمىز بولسۇن، كۈچ جەھەتتىن يەنىلا تەلىپىمىزدىكىدىن يىراقتا تۇرماقتا. تەرجىمانلار قوشۇنىنىڭ كۆلىمىمۇ ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مۇشۇ بىر قاتار مەسىلىلەر تەرجىمە ئەدەبىياتىمىزدا تولۇقلاشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلاردۇر.

## «مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ» رومانى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

مەتتىمىن توختايوفنىڭ 1951 - يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان «قانلىق يەر» رومانىدىن بۇگۇنگىچە ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتىدا رومان ئىجادىيىتى پەۋقۇلئاددە بىر گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتتى. ئىگىلىشىمىزچە، نەشردىن چىققان رومانلىرىمىز بۇگۇنگىچە 200 دىن ئېشىپ كەتتى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ كەچمىش تارىخى ۋە ئەقلىي ھاياتىنى بەدىئىي ياقتىن كۆرۈشكە تەشنا بولۇۋاتقان مەنىۋى چاڭقاق خەلقىمىز، تىرىشچان ۋە مېھنەتكەش يازغۇچىلار قوشۇنىمىز، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ شاماللىرىدىن سەگىگەن نەشرىياتچىلىقىمىز بار، ئەلۋەتتە! بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا رومانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ نەشردىن چىققان رومانلارنىڭ سانى بىلەن بەلگىلەنمىسە كېرەك. بەلكى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ، جۈملىدىن مىللىي ئوقۇرمەنلەر قوشۇنىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن نادىر رومانلارنىڭ كۆپلەپ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، مۇئەييەن سان شەكىللەنمىگەندە سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى رومانچىلىقى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنگە كەلگەندىلا، بىز رومانلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزەلەيدىغان ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولدۇق. دەسلەپتە بىزدە تارىخىي رومانلار بىرقە-



دەر كۆپ يېزىلدى. تارىخشۇناسلىق ئىلمى بىزگە دەپ بەرگەن تارىخىمىزدىكى چوڭراق تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر بىرەر قۇر قەلەمگە ئېلىندى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر چاغداش رومانچىلىقى رەسمىي گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويىدى دېيىشكە بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ يىلىنىڭ 90 - يىللىرىغا كەلگەندە، بەدىئىي سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، ئوقۇرمەنلەرگە بەلگىلىك زوق بېغىشلىيالايدىغان ۋە ئوقۇرمەنلەرگە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدىغان بىر قىسىم رومانلىرىمىز ۋۇجۇدقا چىقتى. رومانچىلىقىمىز تېما جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس كەڭلىك ھاسىل قىلدى. كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇكى، رومانچىلىقىمىز ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ھەقىقىي ئىنسان خاراكتېرىنى يارىتىشقا، پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزىگە خاس ئىنسانىي خاراكتېرىنى يورۇتۇشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا باشلىدى. مۇئەللىپلىرىمىز بەدىئىي ئوبراز بىلەن پىكىر قىلىشنىڭ ئىلمىي يولىغا قەدەم قويىدى. نەتىجىدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى بويىچە «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر تۈركۈم ياخشى رومانلار بارلىققا كەلدى. بۇ ھال كىشىنى چەكسىز ھاياجانغا سالىدۇ.

تارىخىي رومانلىرىمىز خەلقىمىزگە ئۆز تارىخىنىڭ قەدىمىي دەۋرلىرىدىن تاكى يېقىنقى دەۋرلىرىگىچە بولغان ھايات مۇساپىلىرىنى تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىكنىڭ بىرلىكىدە كۆرسىتىپ بەردى. مەلۇمكى، ئالدىنقى يۈز يىلنىڭ 50 - يىللىرىدىن تارتىپ تاكى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بىزدە نۇرغۇن سىياسىي كۈرەشلەر ۋە داۋالغۇشلار بولدى. نەتىجىدە بۇ تارىخىي شارائىتتا مۇئەييەن تارىخىي تېمىلاردا چەكلەنگەن رايونلار شەكىللىنىپلا قالماي، تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشكە توغرا كەلسىمۇ، تارىخىي رېئالىزمدىن چەتلەش خاھىشلىرى مۇت-

لەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز تارىخىي رېئاللىقنى تارىخ ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە رېئاللىقتا ھۆرمەت قىلىغان ئاساستا ئەينەن قەلەمگە ئالالايدىغان بولدى. مانا مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ بىز تارىخىي رومانلىرىمىزدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە زوق ئالدۇق.

شۇنداق رومانلىرىمىزنىڭ بىرى يازغۇچى ئايشەم ئەخمەتنىڭ «مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ» رومانىدۇر. ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال يازغۇچى، شۇنداقلا ئايال ئاپتورلار ئىچىدىكى تۇنجى رومان مۇئەللىپى ئايشەم ئەخمەت 1999 ـ يىلى ئىككىنچى رومانى «مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ» نى نەشر قىلدۇردى. روماندا مۇئەللىپ يەتتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ 1813 ـ يىلىدىن 1867 ـ يىلىغىچە قۇمۇل دىيارىنى ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئادىللىق بىلەن سوراپ، ئىلىمنى قەدىرلەپ، يۇرتنى گۈللەندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتتىكى ئىجابىي ئىش ئىزلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. مەن رومانىنى قىزىقىش ئىچىدە ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. ناھايەت رومان ھەققىدىكى بەزى قاراشلاردا رومان ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى. مۇئەللىپ ئۆزىمۇ مەزكۇر ئەسىرىنى ماڭا تەقدىم قىلغاندا، مۇنداق قۇرلارنى خاتىرە ئۈچۈن يېزىپ قويغانىدى: «ھۆرمەتلىك ئابدۇبەسىر شۈكۈرى مۇئەللىمگە تەقدىم. ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار. — ئايشەم ئەخمەت ھاجى قامىلىدىن. 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى.»

مۇئەللىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى قۇمۇل دىيارىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، تەبىئىي شارائىتى، ۋاڭلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئىچكى زىددىيەتلىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئەھمى-



يەتلىك تارىخىي ئىش، ۋەقەلەرنى ياخشى ئۆگەنگەن. رومانىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى مۇئەللىپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىجتىھاتىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئوقۇغۇچىنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلىدىغىنى، روماندا خاتىرىلەنگەن ئەينى دەۋردىكى ئۇردا ھاياتىنىڭ ھەقىقىي مەنزىرىسى، خەلقنىڭ ھايات تەرزى، ئەينى چاغدىكى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ھايات قارىشى، ئېتىقادى ۋە مەنىۋى دۇنياسىنىڭ دەبدەبىسىز ئاممىباب تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدۇر. بىز رومانىنى ئوقۇپ چىققىنىمىزدا، گويا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىلىرىدا، قۇمۇل تاغلىرىدا، ئىلىدا ۋە كوچىلاردا ساياھەت قىلغاندەك، ئەينى چاغلاردىكى خەلقىمىزنىڭ ئاجايىپ تۇرمۇشىنى، ھايات ھەقىقىدىكى قاراشلىرىنى بىلگەندەك بولىمىز. ئەسەر ئۆزىگە مۇشۇ جەھەتتىكى خېلى جىق تارىخىي بىلىملەرنى مۇجەسسەملىگەن.

روماندا مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس پەزىلىتى، كىشىلىك ھاياتتا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، مەرىپەتپەرۋەر ئادىللىقى باشتىن ـ ئاخىر بىر ئىزچىللىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇنى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە، ئوردا توقۇنۇشلىرىغا ۋە تاجاۋۇزچىلارغا قارىتا مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بايقىيالايدىغان چېۋەر ۋە دانىش ئادەم قىلىپ يېتىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭۋاڭنىڭ بىرقەدەر مۇقىم بولغان خاراكتېر ۋە پەزىلەت ئالاھىدىلىكى كۆز ئالدىمىزدا تەبىئىي رەۋىشتە زاھىر بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ يېتىشكەن خەلقسۆيەر ۋەتەنپەرۋەر زات. روماندا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئەمىلى ئېلىپ تاشلانغان بىر ئوردا ئەمەلدارىنىڭ خائىنلىقى ۋە قوترانقۇلۇقى تۈپەيلى يۇرت تەۋرەپ كەتكەندە، چىڭۋاڭ ئەلمىساقتىن ياشاپ كەلگەن ئانا تۇپرىقىنىڭ قارا نىيەتلەر تاپىنى ئاستىدا

ۋەيران بولۇشىنى ئەڭ چوڭ نومۇس دەيدۇ. ناھايەت ئەنە شۇ قەيسەرلىكى تۈپەيلى ئۇ ئاخىر دۈشمەن قولىدا باتۇرلارچە جان بېرىدۇ. روماندىكى بۇ ئىزچىللىق مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئوبرازىنى يەنىمۇ بىر پەللە نۇرلاندۇرىدۇ. مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭنىڭ خانىشى مېھرىبانۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى رومان ھېكايىتىنىڭ يەنە بىر راۋاج نۇقتىسى بولۇپ، دەل مېھرىبانۇ ئوبرازى ئەينى دەۋردىكى ۋاڭ ئوردىسىغا تەۋە بولغان ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مېھرىبانۇنىڭ ئىلىدىن قومۇلغا كېلىپ، چىڭۋاڭنىڭ زىددىيەتلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان ئۆزگىچە قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. مېھرىبانۇنىڭ چىڭۋاڭ، ئۇنىڭ ئەقىدىسى، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ھەممىنى بېغىشلىشى چىڭۋاڭ ئوبرازىنى ئوقۇرمەننىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا كۆچۈرۈپ، ئوقۇرمەننىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىدا بەلگىلىك چالغىتىش ھاسىل قىلىدۇ. مېھرىبانۇ ئوبرازى گاھى بىزگە ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» روماندىكى كۈمۈش بۈۋىنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. بىزدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى تېخىچە ئىلمىي رەۋىشتە قانات يايغىنى يوق. بۇ ساھەدە تېخى قېزىلمىغان، ئېچىلماي ياتقان بوزلار بىھېساب. ئەسلىي رېئاللىزملىق ئەسەرلەردە ئىنسان روھىدىكى نازۇك مەنىۋى دۇنيانى تەسۋىرلەش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنىدەك، ئوخشاشمىغان زامان ۋە ماكاندىكى مۇئەللىپلەر ياراتقان پېرسوناژلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇشمۇ بەك قىممەتلىكتۇر. مەن مەزكۇر روماندىكى مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ بىلەن مېھرىبانۇنى ھەققەتەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ياقتۇرۇپ قالدىم. يېقىندا مەن



«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئۆزبېكىستان يازغۇچىسى ئۆتكۈر ھاشىموف بىلەن تەنقىدچىسى ئۆمەر ئەلى نۇرمەتوفنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانى ھەققىدىكى تولىمۇ ئىلمىي بىر سۆھبىتىنى ئوقۇپ قالدىم. بۇ سۆھبەتتە يازغۇچىنىڭ مۇنۇ گەپلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقانىدى: «ئوقۇرمەننى ئەسەر قەھرىمانى بىلەن شۇنچىلىك ئاشنا قىلىدىغان كىتاب يېزىش قىيىن، ناھايىتى قىيىن ئىكەن. مۇكەممەل ئۇلۇغ يازغۇچى شۇنداق مەكتەپ يارىتار ئىكەنكى، ئۇنىڭ مەكتىپىدە قۇرداشلىرىمۇ، كېلەچەك ئەۋلاد قەلەمكەشلىرىمۇ، بىئىختىيار تەلىم ئالار ئىكەن. . . خاراكتېر يارىتىشتا، رومان قۇرۇلمىسى ياكى سۆز، جۈملە سىرلىرىنى ئىگىلەشتە بىر نادىر روماندىن ھەممە قەلەم ساھىبلىرى ئىجادىي بەھرىمەن بولۇۋېرىدۇ.»[1] ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى گەپلەر يازغۇچىمىز ئابدۇللا قادىرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئۆتكەن كۈنلەر» ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. بىز «مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ» رومانىنى گەرچە «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىغا سېلىشتۇرالمىساقمۇ، ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئادەمنى ئۆزىگە شۇ قەدەر تارتىشىدىن، رومانچىلىقىمىزدا ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدە ئاددىي بىر ھەقىقەت باركى، ئەسەر ئۆزىنىڭ بەدىئىيلىكى بىلەنمۇ ئوقۇرمەن روھىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ دۇنياسىدا ئۆزىگە خاس ئاھاڭ ۋە تۈيغۇ شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنى دېيىش كېرەككى، كەم ـ كۈتىسىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى رىتىمى، ئۆزىنىڭ ئىچكى كۈيى بولىدۇ. بۇنداق ئىچكى كۈيگە ئىگە بولغان ئەسەرلەر مۇئەييەن بەدىئىي نەتىجىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن بىزنىڭ رومانچىلىقىمىز تېخى ئىچكى مەنىلەرگە تويۇنغان دېيەلمەي

[1] «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2007 ـ يىل 6 ـ سان 82 ـ بەت.

مىز. شۇنى دېيىش كېرەككى، رومان پېرسوناژلىرى ئوقۇرمەن قەلبىنى قانچە ھاياجانغا سالمىسۇن، ئۇ ئەگەر ئىنسانىي قەدىر - قىممەت، ئەخلاق مىزانلىرىدىن، غايىۋى ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ پەقەت سۆزنىڭ دېتاللىرىغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەن بولىدۇ، خالاس. ھازىر بىزنىڭ بەزى رومانلىرىمىز دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئوقۇرمەن قەلبىدە ھاياجانلىق تۇيغۇلارنى پەيدا قىلالمايدۇ. «مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» رومانى بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ نەتىجە قازانغان.

«مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ» رومانى خېلى كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. تۆۋەندە مەن بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىش بىلەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ نازۇك مەسىلىلەرگە بىرقەدەر ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

(1) مەزكۇر روماندا رومان بەدىئىيلىكىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، مۇئەللىپ قۇمۇل ھەققىدە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىنى گاھىدا ئىلمىي سىستېمىغا سالالمىغان. مەسىلەن، روماندا قۇمۇلدىن توي تارتىپ ئېلىپ بارغاندا، مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭغا خانىش بولمىش تويى بولغۇچە قىز مېھرىبانۇنىڭ ياسىداق قورۇلىرى، باياشات ئۆي - روزغارلىرى تەسۋىرلەنگەندە، بەزى روزغارلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ۋاڭ ئوردىسىدا تويغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقاندا، غورۇرى مۇنداق دەيدۇ: «تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىمۇ مانا شۇنداق سىرچىلىقتا ئىشلەيدىكەن، لېكىن قۇمۇلدىكىدەك نەپىس، رەڭدار ئەمەس. قۇمۇلدىكى بۇ ھۈنەر ھېچ يەردە يوق. بىزنىڭ ئىلىدىمۇ سىر سوۋېت تەرەپتىن كىرىدۇ، ئانچە رەڭدار ئەمەس». مانا مۇشۇنداق بايانلار روماندا



بىرقانچە جايدا ئۇچرايدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، رۇسىيە تارىخىدا چار پادىشاھلىق مىلادىيە 1547 - يىلىدىن تاكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى (1917 - يىلى) غىچە داۋام قىلغانىدى. «سوۋېت» دېگەن ئاتالغۇ رۇس تىلىدا «ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆزى رۇسىيە پرولېتارىيات سىنىپى تەرەپىدىن 1907 - يىللىرى ئىنقىلاب دەۋرىدە تۇنجى قېتىم مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە رۇسىيە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ خەلق ئاممىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى تەشكىللەش شەكلىگە قارىتىلغان. بۇنى كېيىن لېنىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نامى قىلىپ بېكىتكەن. ھالبۇكى، روماندا ھېكايە قىلىنىۋاتقان ۋەقەلىك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ. بۇ دەۋردە سوۋېت دېگەن نام ئىشلىتىلگەن ئەمەس. يەنە بىر مەسىلە، روماندا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولغان بەزى يازما يادىكارلىقلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئوردىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار تىزىپ قويۇلغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. مۇھەممەت بېشىر چىڭۋاڭ ئىلى تەرەپتىن كەلگەن غورۇرى ۋە مېھرىبانۇلارغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ. بىلىش كېرەككى، بۇ ئەسەرلەر ئىسلامىيەتتىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار، جۇملىدىن ۋاڭلار تەرىپىدىن «قالماق يېزىقى»، «قالماق دەستۇرلىرى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئاساسەن 1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ياۋروپاغا ئەكېتىلگەندىن كېيىن، ترانسكرىپسىيە ۋە تەر-

جىمە قىلىنىپ، دۇنياغا ئېلان قىلىنغان. 19 - يۈز يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بۇ يېزىقلارنى ئوقۇيالايدىغان ئادەملەرنىڭ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىلىرىدا بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس.

(2) مۇئەللىپ بەزى تارىخىي ئۇچۇرلارنى، تارىخىي مەنبەلەرنى ئېنىق تەكشۈرمەيلا ئىشلەتكەندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، روماندا شۇ دەۋردە قۇمۇل ۋاڭلىقىغا قاراشلىق جايلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپلەرنى تىلغا ئالىدۇ: «... بۇلار ھازىر يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان ئون ئىككى تاغ، بەش شەھەر، قۇمۇل شەھىرى ۋە قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزا، كەنتلەردىكى 55 باشلانغۇچ مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىشكە تەييارلانغان ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئىدى. ۋاڭ بۇنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى.»

قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن كۈلكىلىك. ئۇ چاغلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر قۇمۇل دىيارىدا قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە رايونىمىز مائارىپ تارىخىدا بىز تېخى ھېچبىر ئۇچۇر كۆرمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەللىپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، 55 مەكتەپ دەپ يازىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەنبە ئېنىقلىمىسى يوق.

روماندىكى مەلۇمات بويىچە مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ 70 ياشقا كىرگەندە، ئىككى قىزى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 12 ياش ۋە ئون ياشتا بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ 58 يېشىدا پەرزەنت كۆرگەن بولىدۇ. ئەمما ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ مېھرىبانۇغا 45 يېشىدا ئۆيلىنىدۇ. روماندا توي قىلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆردى دېيىلىدۇ. دېمەك، ئەسلىي 48 يېشىدا پەرزەنت كۆرۈشى كېرەك.

روماندا يەنە مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بەزى بۈيۈك ئەسەرلىرىمىزنىمۇ ئوقۇغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرنىلا مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: «ۋاڭ غۇرۇرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، يەنە ئىككى پارچە كىتابنى كۆرسەت-



تى. بۇ پارچە - پارچە كۆچۈرۈلۈپ توپلەنگەن قولىيازمىلار بولۇپ، ناھايىتى قېلىن كىتابلار ئىدى. بۇنىڭ بىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈزۈلگەن كاتتا لۇغەت ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىدى. مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ بۇ كىتابنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى...»

بىلىش كېرەككى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە، ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان مەزكۇر ئەسەرنى 1914 - يىلى تۈركىيىنىڭ دىيار بەكرلىك ئەلى ئەمىر دېگەن كىشى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ باينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايالدىن سېتىۋالغان. ئۇ ئايال تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىكى كىتاپلارنى كوچىغا ئاچىقىپ ساتقان. شۇ كىتابلار ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان بۇ قولىيازما بۈگۈنگىچە ئىستانبۇل كۆتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. قىزىق يېرى شۇكى، قۇمۇلدا بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىلىرىنىڭ ساقلانغانلىقى ھەققىدە تۈركولوگىيە ساھەسىدە ھېچبىر مەلۇمات كۆرگەن ئەمەسمىز.

(3) روماندا بەزى جۈملىلەر ئېغىر، قوشما جۈملىلەر ھەددىدىن زىيادە ئۇزارتىۋېتىلگەن، ئېنىقسىز، خاتا جۈملىلەرگە يول قويۇلغان. مەسىلەن، «ئوردىنىڭ جاكارچىسى بېشىغا كۆك رەڭدىكى قىزىل مونچاق تاقىغان مەنسەپ قالپىقىنى كىيىپ، ئۈستىگە كىيگەن قارا تاۋار تونىنىڭ بىر پېشىنى سېرىق پوتىسىغا قىستۇرۇپ خۇشال ھالدا جاڭ ئۇرۇپ ۋاڭنىڭ پەرمانىنى خەلققە يەتكۈزمەكتە.» يەنە مەسىلەن، «ۋاڭ بۈگۈن بېشىنى چۈشۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياستىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قېنىق يېشىل دۇخاۋا تونىنى كىيگەن، بېلىنى قېنىق سېرىق رەڭدىكى يىپەك پوتا بىلەن باغلىۋالغان» (رومانىنىڭ 7 - ۋە 11 - بەتلىرى).

بۇنداق جۈملىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، رومانىنىڭ بەدىئىي تىلىغا بىۋاستە نۇقسان يەتكۈزگەن.

بۇنداق ئەھۋاللار رومانچىلىقىمىزدا ھەمىشە دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرماقتا. ئەگەر بۇنداق مەسىلىلەرگە مۇئەللىپلىرىمىز يېزىقچىلىق داۋامىدا جىددىي مۇئامىلە قىلمىسا، رومان ئىجادىيىتىمىزنىڭ تېزدىن بىرقەدەر يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە يارىتىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.



# «ئانا يۇرت» رومانىدا مۇختەر باي ئوبرازى

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزا ئىجادىيىتىدە يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارىسىدا ئەڭ زور تەسىر قوزغىغان سۆيۈملۈك يازغۇچىلىرىمىزدىن بىرى زوردۇن سابىردۇر. زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدە «ئانا يۇرت» رومانى ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە قىلدى. بۇ رومان قايتا - قايتا نەشر قىلىنىپ، رومانچىلىق تارىخىمىزدا يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىنى نامايان قىلدى. رومان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باش تېما قىلغان بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە يېزىلغان بىرنەچچە تارىخىي رومانلار ئىچىدە «ئانا يۇرت» رومانى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە يارىتىپلا قالماي، بۈگۈنكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رومانچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقانلىقى بىلەن قەدىرلەندى. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى ناھايىتى كەڭ ساھەلەر بىلەن چېتىلىدىغان مۇرەككەپ ۋەقەلىكتۇر. روماندا «ئىلى ئوغرىلىرى»نىڭ زوراۋانلىقىغا، تەڭسىزلىككە ۋە ئىستىبداتلىققا قارشى ئىستىخىيىلىك كۈرەشلىرىدىن تاكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاڭلىق رەۋىشتىكى ھەققانىي كۈرەش تارىخىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن زېمىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا يانغىنلارنى پەيدا قىلىپ، تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بىر كەچمىش بولغىنىغا قەدەر بىر پۈتۈن جەريان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا 1930 - يىللاردىن تاكى 1950 - يىللارغىچە بولغان رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت

خەلقنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىر ئاجايىپ تارىخنى
«ئانا يۇرت» رومانى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بەردى.
«ئانا يۇرت» رومانى چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومان بولغانلىقى
ئۈچۈن ئاشۇ تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارىخىي شەخسـ
لەرنى پروتوتىپ قىلدى. دېمەك، بۇ رومان رومانچىلىق تارىخىـ
مىزدا پېرسوناژلار ئەڭ كەڭ ۋە ئەڭ كۆپ تەسـۋىرلەنگەن رومانـ
لارنىڭ بىرىدۇر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاپتور ھەربىر
پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال ھايات ۋە
بۈگۈنكى تارىخ تەتقىقاتى بىزگە بەرگەن ئۇچۇرلار بىلەن ئىلمىي
ۋە بەدىئىي رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈپ، ھەربىر تارىخىي شەخسنى
ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە روماندا تەسۋىر-
لەنگەن پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىندىۋىدۇئاللىق دەرىجىسىگە كۆـ
تۈرۈلۈپ، رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك
خىزمەت قىلدى. روماندا دىنىي زات ۋە ئۆلىمالار، ئەينى دەۋردىـ
كى سىياسىئونلار، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە كىشىـ
لەر، دېھقانلار، ئائىلە ئاياللىرى، كاسىپلار، غايىلىك ۋە ۋىجدانـ
لىق ياشلار، ھەتتا مۇناپىق خائىنلارغىچە ھەر خىل ئادەملەر
تەسۋىرلەندى. ئەمما بۇلار ئەينى زامان ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا
مۇرەككەپ سىياسىي مۇھىتتا ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىرى بىلەن
ئوقۇرمەنـلەرنى پەۋقـۇلـئاددە جەلىپ قىلىـدىـغان دەرىـجىدە
يورۇتۇلدى.

رومان پېرسوناژلىرى قاتارىدا مۇختەرباي ئوبرازىنى ئالاھىدە
تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇر رومانچىلىق ئىجاـ
دىيىتىدە ئەڭ يۇكسەك تىپىكلىكنى نامايان قىلالىغان بەدىئىي
ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. تۆۋەندە مەن نۇقتىلىق ھالدا مۇشۇ ئوبراز
ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

روماندا مۇختەرباي باشتىن ـ ئاخىر ئىزچىل كۆرۈلىدىغان
ئوبرازلارنىڭ بىرى. ئۇ ئالاھىدە جەلپكار ئوبراز. ئۇ ئۆزىگە خاس



مۇرەككەپ خاراكتېرى، ئىنسانغا خاس تەبىئەتلىرى، دەۋرگە
خاس روھى، جەمئىيەتكە خاس مۇناسىۋەت ئۇسۇلى، شۇنداقلا يەنە
مەھەللىۋى ئېڭى بىلەن ئاجايىپ بىر ئوبراز. ئۇنى بىز رومان
سەھىپىلىرىدە تۇنجى ئۇچراتقىنىمىزدا مەھەللىۋى قاراشلار ئىسـ
كەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان، شەخسىيەتچى، يۇرتۋاز، چوڭ باي،
زوراۋان، خوتۇنپەرەس كىشى سۈپىتىدە تونۇيمىز. ئەمما مۇخـ
تەرباي ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئۆزگىرىش ۋە خەلقنىڭ
تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ بىر ئىنقىلابنىڭ يوقلۇقتىن بارـ
لىققا كېلىپ، قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىشى نۇرغۇن ئادەملەرنى
ئۆزگەرتكىنىدەك مۇختەربايىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ. مۇئەللىپنىڭ قەـ
لىمىدە مۇختەرباي ئۆزىنىڭ كىچىككىنە 92 تۇتۇنلۇك مەھەللىسى
بىلەن غۇرۇرلىنىدىغان، مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئابرۇيى ئۈچۈن ھەرـ
قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان، نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن
تار، چىدىماس بىر ئادەم. ئۇنىڭ ئالدىدا يۇرت كاتتىسى نېمە،
ئاقساقال نېمە، ئىمام نېمە، ھەممىسى بىر تىيىن. ئەمما ۋاقىتـ
نىڭ ئۆتۈشى، مۇختەر باينىڭمۇ ئاشۇ ئىجتىمائىي ھاياتتا تەبىئىي
رەۋىشتە ئىنقىلابقا قاتنىشىشى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بەزى
تەرەپلەر ئۆزگىرىدۇ. ئەمما، بۇ ئۆزگىرىش بىراقلا بولمايدۇ.
ئۇ يەنە بەزى خاراكتېرلىرىنى خېلى ئۇزاققىچە، بەلكى ھاياتىنىڭ
ئاخىرلىرىغىچە ساقلاپ قالىدۇ. ئىنساندىكى خاراكتېر نىسپىي
مۇقىملىققا ئىگە. بەلكىم مۇشۇ مۇقىملىققا ئىگە بولغان خاراكتېر
قىسمى ئىرسىي بولۇشىمۇ مۇمكىن. مۇختەربايىنىڭ گەپ ـ سۆز
ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە قەدەممۇقەدەم ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىـ
دۇ. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا
مەنىۋىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مەنبە قىلغاندۇر. دەل مۇشۇ
نۇقتىلاردىن مۇختەرباي ئوبرازى رېئال ئادەمگە چەكسىز يېقىنلاـ
شىدۇ. دۇنيادا ئىنسان خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشكە قابىل كۆچـ
لەر ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىكى ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولۇـ

شىدۇر. ھەققانىي ئىنقىلابنىڭ بورانلىرى ئىلىنىڭ چەت يېزىلىرىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن مۇشۇ يېزىدىكى بارچە ئادەملەر قاتاردا مۇختەربايىنىڭ دۇنيا قارىشىدىمۇ بەلگىلىك چالغىتىشلار بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ھەق - ناھەق تۇيغۇسى باش كۆتۈرىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇ تۇيغۇسىنى ئۆز مەھەللىسىگە چىقىپ ھۆركىرەپ زىياۋۇدۇننى تۇتماقچى بولغان بايلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشتە ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىنقىلابنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلەن پەرۋايى پەلەك بىر يەرلىك پومېشچىك ئىدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان تەڭسىزلىكلىرى كۈچەيگەنسېرى بۇ تەڭسىزلىكلەر ئادەملەرنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇلىرىنى تېز ۋە بىمالال ئۆستۈرىدىغان، يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلىنىدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت. ئەينى چاغدا گومىنداڭچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل قىلمىشلىرى تەبىئىي رەۋىشتە مۇختەربايدەك ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىمۇ ھەق - ناھەق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈپ قويىدۇ. ناھايەت، دەسلەپتە بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يۇقىرىقىدەك سەلبىي قىياپەتتە زاھىر بولغان مۇختەرباي كېيىن قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەشنىڭ جەڭگىۋار ئىشتىراكچىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ھەتتا قورقۇمسىزلىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن جەڭلەردە خىزمەت كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشلار مۇختەربايغا ئۆزگە يۇرتلارنى، ئاجايىپ ئادەملەرنى كۆرسىتىدىغان سەھنە بولىدۇ. مانا مۇشۇ رېئاللىقلار ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەق - ناھەق تۇيغۇسى ئېنىق بولغان ۋەتەنپەرۋەر ئۇلۇغ زاتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. نەق مۇشۇ جايغا كەلگەندە ئوقۇرمەن ھەقىقىي بىر رېئال ئادەمنى كۆرىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىگە «خەلق نېمە كويدا، سەن مۇختەر نېمە كويدا» دېگەن سوئالنى قويىدۇ. بۇ مۇختەر باينىڭ ھەقىقىي بىر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا نۇرغۇن ئاجايىپ تارىخىي شەخسلەر ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ تارىخىنى



ئۆگەنسەك ئۇلارنىڭمۇ ئەسلىدە ئاددىي ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايمىز. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇشىدا زامان، دەۋر تارىخى رېئاللىقنىڭ ئالاھىدە رولىنى ھېسابقا ئالماي تۇرالمايمىز. بىز بۇ يەردە شۇنى رايىشلىق بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، مۇختەرباي ئوبرازىدەك ئىجابىي ۋە سەلبىي سۈپەتلەرنى بىر پۈتۈن ھايات مۇساپىسىدە ئۆزىگە مۇجەسسەملىيەلىگەن ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى پروزا ئىجادىيىتىمىزدىكى، بولۇپمۇ رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزدىكى زور ئىلگىرىلەشتۇر.

يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم» دا: «ئەدەبىياتىمىز، ئۆز مىللىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ روھىدىكى ئەڭ گۈزەل، نازۇك نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىشى، ئۇنى ئۆز خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشى كېرەك»① دېگەنىدى. ئىقتىدارلىق يازغۇچىلار بۇ نۇقتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. بىلىم قۇرۇلمىسى بىرقەدەر پۇختا يازغۇچىلار مانا شۇنداق قىلالايدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىرنى مۇختەرباي ئوبرازىنى ياراتقاندا مۇشۇ نۇقتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى دېيىش مۇمكىن. مۇختەرباي ئوبرازىدا خەلقىمىز روھىيىتىدىكى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋردىكى ئېلى ئۇيغۇرلىرى روھىيىتىدىكى ئىنتايىن نازۇك تەرەپلەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ساددىلىقتىن كېلىپ چىققان مەھەللىۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىق، زۇلۇمدىن كېلىپ چىققان ئادالەت تۇيغۇسى بىرلا ۋاقىتتا ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا يازغۇچى مۇشۇ بىر نۇقتا ئۈچۈن مۇختەرباي ئوبرازىغا ئالاھىدە ئىجتىھات سىڭدۈرىدۇ. بىزدە سىياسىي مەيدان ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان تارىخىي شارائىتلاردا مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ قەلىمىدە ئۇدۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن سىياسىي ئىدىيىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش تۇيغۇسى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىشتىمۇ ئۆز ئىپا-

① زوردۇن سابىر: «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 4 - سان 44 -، 45 - بەتلەر.

دىسىنى تېپىپ كەلگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا 1980 - يىللاردىن ئىلگىرىكى پروزا ئىجادىيىتىمىزدە مۇختەربايدەك ئوبرازلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ بىر چوڭ كەنتنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىدىغان، ھېچنېمىسى كەم ئەمەس، گېپى گەپ، خورىكى ئۈستۈن بىر پومېشچىك ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز خەلقى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىنمۇ ئايانماي قولىغا قورال ئېلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى كۈرەشكە ئاتلىنىشى، ئاخىرقى ھېسابتا ئەڭ مۇنەۋۋەر جەڭچى بولۇپ چىقىشى ۋە ئۆز جېنىنى ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن بېغىشلىشى ئەدەبىياتىمىزدا تۇنجى قېتىم قەلەمگە ئېلىنىۋاتقان بەدىئىي كارتىنا دېيىش مۇمكىن. شۇڭا يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئانا يۇرت» رومانىدا ئاساسلىق پېرسوناژ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن مۇختەرباي ئەڭ يارقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوبرازدۇر. بۇ ئوبراز مەزكۇر ئەسەردە باشقا بارلىق ئوبرازلارنىڭ تىپىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈنمۇ پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدۇ. يازغۇچى ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىلا بىلىدىغان، ئۆمۈر بويى يوشۇرىدىغان رەزىل ئىشلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نىسبىتىلا ئوخشاشمايدۇ، خالاس.»[1] راست، مۇختەربايىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدە رەزىللىكلەر غەلىيان قىلاتتى، ئەمما ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا گۈزەللىك ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ جەھەتتىمۇ مۇختەرباي ئوبرازى بىر مۇكەممەللىكنى نامايان قىلىدى. بىز بۇنىڭدىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئىنسان گۈزەللىكىنى، بىر ئىنسان ۋۇجۇدىدا كۆرۈلىدىغان سەلبىي ۋە ئىجابىي سۈپەتلەرنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىشىدە، ناھايەت ئىجابىي سۈپەتلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىدە دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا مۇختەرباي ئىجتىمائىي تارىخىي رېئاللىق سۈپىتىدە مەنىۋىيىتىدىكى يۈكسەكلىك بىلەن ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭەلەيدىغان، مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي قىممەتنى چۈشىنىدىغان زەبەردەس ئادەمگە ئايلىنالايدۇ.

① زوردۇن سابىر: «قوياش ۋەھىمىسى»، «قەرزدار»، «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»، 1999 - يىل 10 - ئاي 556 - بەت.



«ئانا يۇرت» رومانىدىكى مۇختەرباي ئوبرازى مۇشۇ بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەنىۋىيىتى مۇرەككەپ، ھايات مۇساپىسى ئەگرى - توقاي بولغان رېئال ئادەملەرنىڭ ئەڭ تىپىك، ئەڭ سۆيۈملۈك ئوبرازىنى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز مۇختەرباي ئوبرازىنى بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز، بولۇپمۇ رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزدىكى بىر زور نەتىجە دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

# یازغۇچی ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ رومانچىلىق ئىجادىيىتى توغرىسىدا

یازغۇچی ئالىمجان ئىسمائىل بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پروزىچىلىق ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق، تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە بىرمۇنچە ھېكايە، پوۋېستلارنى، «دەسلەپكى مۇھەببەت»، «ھەر كاللىدا بىر خىيال»، «ئوي مەھەللىنىڭ ئادەملىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرىنى، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»، «خىلۋەتتىكى بىنا»، «يىغلىما قىز» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تەقدىم قىلىپ ئەدەبىياتىمىزدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق تىرىشتى. ئۇنىڭ بەدىئىي مېھنەتلىرى تېخىمۇ يىرىك ۋە زور ئىجادىي يوللارغا تىنىمسىز يۈرۈش قىلىپ، پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ مۇشكۇل ۋە بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان رومان ئىجادىيىتىگە ئىشتىراك قىلدى. بۇ ھوسۇللۇق يازغۇچى 2004 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن «تۇمانلىق ئۇپۇق» (2004 ـ يىل)، «زامانداشلار» (2004 ـ يىل)، «قىممەت» (2007 ـ يىل)، «يېگانە دۇنيا» (2008 ـ يىل) قاتارلىق تۆت رومانىنى بىزگە تەقدىم قىلدى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق ئىجادىيىتى ھەممىدىن تېز تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بىر ساھە بولۇشقا قارىماي، كىتابخانلار قوشۇنىمىزنى ھەممىدىن بەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقان ئەدەبىي تۈر ئىدى. مەنمۇ شۇ كىتابخانلار قاتارىدا يازغۇچىنىڭ ياخشى ئوقۇرمىنى بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھېكايە ـ



پوۋېستلىرىنى ئوقۇغاندەكلا قىزىقىش ئىچىدە تۆت رومانىنى كەينى ـ كەينىدىن ئوقۇپ تۈگەتتىم. راستىنى ئېيتسام مەن يازغۇچىنىڭ «زامانداشلار» رومانىنى ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭدىن بەزى تەسىراتلارنى خاتىرەمگە يېزىپمۇ ئۈلگۈردۈم. ئەمما ئۇنى تولۇقلاپ، ئېلان قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر ئاز ۋاقىت كېرەك ئىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە يازغۇچىنىڭ كېيىنكى رومانلىرىمۇ نەشردىن چىقىپ، داۋاملىق ئوقۇشقا تەقەززا قىلغانىدى. ناھايەت، مۇشۇ تەقەززالىق مېنى تۆت رومان ھەققىدە ئورتاق پىكىر قىلىش قارارىغا ئېلىپ كەلدى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ زور ئۇتۇقلىرى بىلەن خاراكتېرلەندى دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۈگۈنگىچە يازغۇچىلىرىمىز ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن 200 پارچىدىن ئارتۇق رومانىنى روياپقا چىقىرىپ، پروزا ئىجادىيىتىمىزدىكى تولىمۇ چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئەمدى بىز رومانلىرىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىلىرى ھەققىدە ھەر خىل سورۇنلاردا — كەسپداشلار ئارا سۆھبەتلەشكەندە، ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە، يازغۇچىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە مەتبۇئاتلاردا كەڭ ـ كۇشادە سۆھبەت بايان قىلىدىغان ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشتۇق. راستىنى ئېيتقاندا يېقىنقى 30 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسىدە نەشر قىلىنغان رومانلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلاندى. رومان ئىجادىيەت تارىخىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرسەك، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىياتىدا يۈز بەرگەن چوڭ ـ چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە بىرەر قۇر ئىجتىھات قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، مىلادىيە 740 ـ يىللاردىن تارتىپ يېقىنقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخىي ھايات رومان

سەھىپىلىرىمىزدە ھەر خىل شەكىللەردە تولۇق ياكى تولۇقسىز قەلەمگە ئېلىندى. ئەمما شۇنى دېيىش كېرەككى، ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى بىزگە بەرگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلار تېخى ئەتراپلىق يورۇپ بولالمىدى. بىر تېما پەقەت بىر رومان بىلەنلا توختىدى. ئوخشاش بىر تارىخىي تېمىسىنى ھەر تەرەپتىن يورۇتقان بىرقاتار بەدىئىي رومانلار تېخى يېزىلمىدى. شۇڭا كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئەڭ مول تارىخىي ئۇچۇر بېرىدىغان، بەدىئىي قىممىتى ئەڭ يۇقىرى رومانلارنى تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى تېخى ھازىرلانغىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك «تارىخىي تېمىلار رومانچىلىقىمىزدا ھەممىسى يېزىلىپ بولۇندى، تارىخىي تېمىدىكى رومان كۆپىيىپ كەتتى، تارىخىي تېمىدىكى رومانلارنى يېزىشنى ئەمدى توختىتىش كېرەك، بۈگۈنكى ھاياتىمىزنى تېما قىلغان رومانلارنى يېزىشقا يۈزلىنىش كېرەك» دېگەن گەپلىرى مېنىڭچە ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. قايسى مۇئەللىپ قانداق تېمىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ جۇغلانمىلىرىنى ھازىرلىيالىسا، شۇ تېمىدا يازسا بولۇۋېرىدۇ. تارىخىي تېمىلارغا قىزىقىدىغانلارمۇ، بۈگۈنكى ھاياتىمىزدىن ماھىيەتلىك ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە دىققەت قىلىدىغان يازغۇچىلىرىمىزمۇ بولىدۇ. بۇ ئەجەبلىنىدىغان مەسىلە ئەمەس. ھازىرچە تارىخىي تېمىغا قىزىقىدىغانلار كۆپرەك نىسبەتنى ئىگىلەيدىغاندەك تۇرغىنى بىلەن كەلگۈسىدە مۇشۇ دەۋر تېمىلىرىنىمۇ قەلەمگە ئېلىشقا قىزىقىدىغان يازغۇچىلىرىمىز كۆپىيىشى مۇمكىن.

يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل دەۋرىمىز تۇرمۇشىدىن دېتال ئېلىپ، بىرقاتار رومانلارنى يازدى. بۇمۇ يازغۇچىنىڭ قىزىقىش دائىرىسىگىلا باغلىق مەسىلە. بەزىلەر «ئالىمجان ئىسمائىل رومانچىلىقىمىزدىكى بۈگۈنكى ھايات تېمىسىنى يازماسلىقتىن ئىبا-



رەت بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىپ، شۇنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىغان» دېيىشتى. مېنىڭچە، مەسىلە ئۇنداق ئاددىي بولمىسا كېرەك. يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن ھايات جۇغلانمىسى ۋە يېزىش ئىستىلى بەلكىم تارىخىي تېمىلارغا قارىغاندىمۇ بۈگۈنكى تېمىلارغا بەكرەك مايىل بولغانلىقتىن، شۇنداقلا يازغۇچىغا بۇ تېمىلار ھايات چۈشەنچىلىرىنىڭ غىدىقلىشىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىشقا ئوخشىمايدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتتا ئۆزىڭىز ئىزدىنىۋاتقان ساھەدىكى بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىسىڭىز شۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ئۇنىڭ ئىلمىي دەلىللىرىنى يەكۈنلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما بەدىئىي ئىجادىيەت يازغۇچىغا ئىلھام بېرەلىگەن ھايات ھەقىقەتلىرىنىڭ-مۇئەييەن جۇغلانمىنىڭ يارىتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، رېئال تۇرمۇش كۆرۈنۈشىگە بەكرەك نەزەر ئاغدۇرۇپ، مۇشۇ تۇرمۇشتىن بەلگىلىك ھايات ھەقىقەتلىرىنى تېپىشقا ئىنتىلدى. بۇ يەردە شۇنى دېيىش كېرەككى، ئىسلاھاتتىن كېيىن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، ھايات ھەقىقىدىكى قاراشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. مەنىۋىيەتتىكى بۇ ئامىللار ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

يازغۇچىنىڭ «تۇمانلىق ئۇپۇق» رومانىدا بازار ئىگىلىكىگە ئۆتكەن دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكنى تاشلاپ يېڭىچە تۈزۈلمە بىلەن تېگىرقاشلىرى، يېڭىچە غەيرەت بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئىنتىلىشلىرى، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كارخانىچىلىق ھاياتى ئاساسىي تېما قىلىنىدۇ. «تۇمانلىق ئۇپۇق»

رومانىدا ئەيساجان ئوبرازى دەل مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتكە تولغان يېڭىچە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئاجايىپ توقايلىرىدا شىجائەت بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ تىپىك ئوبرازىدۇر. رومانىدا ئەيساجان بىلەن بيۇروكراتلىق تۈيغۇلىرى تېخى قەلبىدىن كەتمىگەن شەخسىيەتچى ساتتارنىڭ كەسكىن زىددىيەتلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. بىز بۇ سۈژىت لىنىيىسىدىن مۇشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە دۇچ كېلىۋاتقان مۇرەككەپ زىددىيەتلىرىنىلا كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى ئادىمىيلىك، ئەخلاق قاتارلىق ئىجتىمائىي كاتېگورىيىلەرنىڭ روھىيەت بىلەن چەمبەرچاس بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنە مەنپەئەت، دەرىجە دېگەندەك ئىجتىمائىي تەقسىماتلار بىلەنمۇ گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەڭ مۇھىمى يازغۇچى مۇشۇ پېرسوناژلىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت ۋەقەلىكى ۋە تاشقى ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن توختاپ قالماي، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى خېلى ئىنچىكە ۋە يارقىن قازىدۇ. رومانچىلىقىمىزنىڭ بۈگۈن بىزنى سۆيۈندۈرۈۋاتقان زور ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى ياخشى يېزىلغانلىرى پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كىتابخانغا ھادىسىلىك كۆرۈنۈشنى ئەمەس مەنىۋى ئىچكى دۇنيانى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ.

يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «تۇمانلىق ئۇپۇق» رومانىدىكى ئەيساجان ۋە ساتتارلارنىڭ مەنىۋىيىتى بىزگە شۇ دەرىجىدە روشەن بولىدۇكى، بىز تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن ئەتراپىمىزدىكى ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى مەنبە قىلغانلىقىنى بىلىمىز. يازغۇچى دەل مۇشۇ مەسىلىدە ھېچقانداق كۈچىمەي تۇرۇپ، كىتابخانغا تېخى ئۆزلىرى بىلىپ يەتمىگەن مول ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

«تۇمانلىق ئۇپۇق» رومانىدىكى باش پېرسوناژلارنىڭ بىرى



بولغان ئەيساجان دەھشەتلىك كۈنلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىرادىلىك ۋە قەيسەر بىر ياش. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئەخمىقانە يىللارنىڭ قۇربانى. ھاياتنىڭ دەھشىتى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى چېنىقتۇرغان. ئەيساجاننىڭ مۇبارەك بېشى ئاشۇ دەھشەتلىك كۈنلەردە ئۆز يۇرتىغىمۇ سىغماي قالىدۇ. ناھايەت ئۇ ئاشۇ بېشىنى ئېلىپ قېچىپ چەت ئەللەردە، ياقا - يۇرتلاردا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ پۇلدارمۇ بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن كېيىن ئەيساجان ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ يۇرتداشلىرىنىڭ يەنىلا نامرات ھالەتتە تۇرغان ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۇلارغا ياردەم قىلغۇسى كېلىدۇ، ئەيساجان يۇرتداشلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئۇنۇم ياراتماقچى بولۇپ بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمما ھە دېگەندىلا ئۇ نۇرغۇن توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدۇ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ ياخشى نىيەت - ئىستەكلىرى تېزلا كۆپۈككە ئايلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن، كۆپنى كۆرگەن، ئاجايىپ قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ھايات سوغۇقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇپ يېتىلگەن ئەيساجان قەتئىيلىك بىلەن ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندىكى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر، ھەر خىل دۇنيا قاراش، ھەر خىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئەيساجاندىن ئىبارەت بۇ باش پېرسوناژ ئەتراپىدا زاھىر بولۇپ، ئوقۇرمەنگە دەۋرىمىز ھاياتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە تىپىكلەشتۈرۈلگەن بىر كارتىنىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ قەلىمىدىكى ياسىنجان ئوبرازى غۇرۇرلۇق، ئۆز خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ناھەقچىلىكلەرگە باش ئەگمەيدىغان، قەيسەر ئادەم. ئۇنىڭ بۇ پەزىلەتلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى

كىشىلەردە ھەر خىل چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىسمۇ، بۇنداق مۇرەككەپ مەنىۋى دۇنيا سۈژىت قۇرۇلمىسىنى قىزىقارلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ ئوقۇرمەننى ئۆزىگە تارتىدۇ. رومانىنىڭ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ سىيۇژىت قاتلىمىدا كۆرۈلىدۇ، يەنى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلار خېلى مۇكەممەل بەدىئىي ئىستىبدات بىلەن جەلپكارانە ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

روماندا بىز ھازىرقى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ھايات، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. روماندىكى گۈلجەننەت ئوبرازى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھاياتىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ كەچمىشلەر، ئۆمۈر مەنزىلىدىكى كىچىككىنە بىر يېڭىلىش، چوڭ ھاياتىي پاجىئەلەرگە ھامىلە بولۇپ، ھاياتىي ھېكمەتلەرگە ئورۇن ھازىرلايدۇ. مەسىلەن، ئەيساجان بىلەن گۈلجەننەت ياشلىقىدا ئۆزئارا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، قەلبلىرىدە ھاياتقا بولغان چەكسىز، سۆيگۈ، ئىپتىخارلىق تۇيغۇلار، كېلەچىكىگە بولغان پۈتمەس ئىشەنچلەر ئويغانغان ياشلار ئىدى. ئەمما ھايات ھە دېگەندە ئېقىن سۇدەك راۋان بولماي ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ئاجايىپ چاقچاقلارنى قىلدى، ناھايەت ئىككىلىسى يۇرتلىرىنى تاشلاپ سەرسانلىق يوللىرىنى تاللىۋالدى. ھاياتتا ئەنە شۇنداق كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى ئويلىغاندەك گۈزەل ئىستەكلەرنىڭ يوققا چىقىپ، كۈتۈلمىگەن ھايات سوققىلىرىغا دۇچ كېلىشى، كىتابخاننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېڭىدىن - يېڭى سۈژىت قۇرۇلمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىستىبداتلىق يازغۇچى مانا شۇنداق سۈژىتلارنى مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەشنى بىلىدۇ.

يازغۇچىنىڭ ئىككىنچى رومانى «زاماندىشلار» مەركىزىي



شەھەردىكى بۈگۈنكى زىيالىيلار تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان. روماندا گېزىتخانىنى نۇقتا قىلغان بىر سۈژىت لىنىيىسى ئەركىن قانات يېيىپ، بىزنى خېلى مۇرەككەپ مەنىۋى دۇنيانىڭ كەڭ مەنزىرىسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. «زاماندىشلار» دەۋرىمىز زىيالىيلىرىنىڭ ھايات قاراشلىرىنى خېلى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەرگەن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرى. روماندىكى ئەركىن يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، تۈز نىيەت، ئوچۇق پىكىر، مەسئۇلىيەتچان يىگىت. ئۇ ھالال ياشاشنى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تىرىشچانلىق بىلەن تېپىشنى خالايدىغان زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئۈلگىلىك تىپلىرىدىن بىرى. ئۇ ھە دېگەندىلا زەيتۇن ئەمەتتەك بيۇروكرات مەنسەپدارلىقنى ھاياتىي مىزانى قىلغان كۈچلەرنىڭ ھەر خىل زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرايدۇ. رومانىنىڭ باشلىنىشى ئوقۇرمەننى دەسلىپىدىلا، مۇرەككەپ زىددىيەتلەر قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. روماندا ئىلىم خۇمار، ھەققانىيەتچى زىيالىيلار بىلەن زىيالىيلار قاتلىمىغا مەنسۇپ دەپ قارالغان، ئەمما ھالاۋەتنى ھەقىقەتتىن، مەرتىۋە ۋە ئۇنۋاننى ئىلمىي ئادالەتتىن ئۈستۈن قويىدىغان، مەنىۋىيىتى زەئىپ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆتكۈر زىددىيەتلەر باشلىنىدۇ، بۇ ھال بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزدا شۇ دەرىجىدە ئومۇملاشقانكى ھەرقانداق سورۇندا، ھەرقانداق بىر ئىدارىدە مۇشۇ ئىككى خىل تىپتىكى ئادەملەرنى ئۇچراتماي قالمايسىز. ئاپتور مۇشۇ زىددىيەتلەر لىنىيىسىنى چىقىش قىلىپ رومانىنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان ئۇچۇر ۋە ئەقلىي دائىرىسىنى چەكسىز كېڭەيتىدۇ. مەسىلەن، بىز رومانىنىڭ باشلىنىشىدىكى گېزىتخانىدا بولۇۋاتقان مۇنۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ باقايلى،

«. . . سادىر ئەركىنگە تاماكا تۇتقاچ سورىدى:

— دادىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئاغرىپ قاپتۇ، دەيدۇ. . .

— خېلى ياخشى، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق ئىكەن، ئاپام

قورقۇپ كېتىپ تېلېگرامما بېرىپتۇ.

— سىزگىمۇ تۆۋەنگە كەتكىلى ئىككى ئاي بولدىغۇ دەيمەن، مەن كەلسەم سىزنىڭ كەتكىنىڭىزگە بىر ئاي بولغانىكەن.

— ئىككى ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ قالدىم.

— تۆۋەندە گېزىتكە قانداق پىكىر - ئىنكاسلار بار ئىكەن، ئاڭلىغانلىرىڭىز باردۇ؟

— پىكىرلەر ھەر خىل... راست گەپنى قىلغاندا دېھقانلار گېزىتنى ئانچە كۆرۈپ كەتمەيدىكەن...

— نېمىشقا؟ ھەرقاچان گېزىتتە دېھقانلارنىڭ قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپلەرنىڭ ئاز بولغانلىقىدىندۇر، شۇنداقمۇ؟

ئەركىن راست دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

......

سادىر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى:

— دېھقانلارنىڭ گېزىتكە قىزىقماسلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەگەر مەنمۇ دېھقان بولسام دېھقانلار ھەققىدىكى بەزى خەۋەرلەردىن زېرىككەن بولاتتىم. گېزىتنىڭ قايسى بېتىگە قارىماڭ بىرلا مەزمۇن... پالانچى يېزا ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى، پوستانچى دېھقان چارۋا بورداپ بېيىدى، دېگەندەك خەۋەرلەر، ئۇنداقتا شۇنچىۋالا نامرات يېزا، نامرات ناھىيىلەر نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئۇلار نېمىشقا تېخىچىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ؟ دېھقاننى چۈشەپ تۇرغان نەرسە زادى نېمە؟ بۇلار توغرۇلۇق زۇۋان سۈرمەيمىز، ھەقىقەتتىن قاچىمىز، شۇڭا دېھقانلارنىڭ گېزىتكە قىزىقماسلىقىمۇ يوللۇق. سىز ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان، ئاخباراتنىڭ جېنى — چىنلىق، شۇنداققۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— بىز مۇشۇ ئۆلچەمگە زادى قانچىلىك سادىق بولدۇق؟ بىزنىڭ گېزىتچىلىكىمىزدە بۇرۇندىن تارتىپ يامان بىر ئادەت



شەكىللىنىپ قالغان، پەقەت ماختاش كېرەك، قانچە كۆپتۈرۈپ ماختىساق شۇنچە ياخشى، ماختاۋاتقىنىمىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق، شۇڭا تولا چاغلاردا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز...»

مانا بۇ دىئالوگلار ئەركىن بىلەن سادىرغا ئوخشاش ئادالەتنى ياقلايدىغان، ئىلىم خۇمار زىيالىيلار ئارىسىدىلا بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا قارشى ئۆسۈشنى، مەنسەپنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، نەپسانىيەتچى زىيالىيلارنىڭ بولۇپمۇ گېزىتخانىدىكى نەپسانىيەتچى زىيالىيلارنىڭ زور قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ دىئالوگدىن بىز يەنە زامانىمىزدىكى خېلى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلار بىلەن ئۇچرىشىمىز.

دەۋرىمىزدىكى زىيالىيلار تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىنى، زىددىيەتلىك دۇنيا قاراشلىرىنى تېما قىلغان رومانلار بىزدە كۆپ ئەمەس. «زاماندانشلار» دەل مۇشۇنداق تېمىغا ئىشتىراك قىلغان بىر روماندۇر. روماندا سابىر بىلەن پەزىلەتنىڭ پاك مۇھەببىتى ناھايىتى كۆپ ھايات پېشكەللىكلىرىگە دۇچار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس داغلارنى قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى، كىشىلىك ھايات قاراشلىرى يارقىن ئەكس ئېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، رومان تاق يۆنىلىشلىك سۇژېت قۇرۇلمىسى بىلەن راۋاجلانغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر ۋە ئەڭ سەزگۈر نۇقتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئوقۇرمەننى ناھايىتى كەڭ مەنىۋى بوشلۇققا يېتەكلەيدۇ. روماندا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى خېلى روشەن سىزىپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ سابىر، ئەركىن، پەزىلەت، باراتجان، زەيتۇن ئەمەتتەك پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرلىرى ئۈچۈن

مۇئەللىپ زور ئەجىر سىڭدۇرگەن. «زاماندashلار» رومانى بەدى-
ئىيلىك جەھەتتىن خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان رومانلارنىڭ
بىرىدۇر.
يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «قىسمەت»ناملىق رومانى
زامانىمىزدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل-
دارلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، تۇرمۇش، جەمئىيەت، ھايات ھەق-
قىدىكى قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە بېغىشلانغان. بۇ روماي-
دىكى سۇژىت راۋاجى مەلۇم بىر ۋىلايەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك
ئەمەلدارلار دەپ قارىلىدىغان ياسىن ۋالىي بىلەن ۋىلايەتنىڭ مۇئا-
ۋىن سېكرېتارى تۇردى ئارىسىدىكى ياشلىق مەزگىللىرىدىن قال-
غان خۇسۇسىي ئاداۋەتلەر، مەنسەپ دەرىجە ھەلەكچىلىكى بىلەن
قوشۇلۇپ، كەسكىن زىددىيەتلەرنى شەكىللەندۇرۇپ، خۇشامەت،
نىزا، ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۇنۇپ چىقىشىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاي-
دۇ. رومانىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئوقۇرمەن بۇ ئىككى ئەمەلدارنىڭ
ئۆتكۈر زىددىيەتلەر قاينىمىغا كىرىپ قالىدۇ، تەقدىرنىڭ ئويۇن-
لىرى قىزىق، بىر - بىرى بىلەن پېتىشالمايدىغان بۇ ئىككى
ئادەم بىر ۋىلايەتنىڭ تەڭ دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى. ئۇلار بىرگە
يىغىنغا قاتنىشىدۇ، ئارىتام قوشنا بولۇپ ئولتۇرىدۇ، ئىككىلى-
سى مەنسەپ، دەرىجىگە ھېرىسمەن، شۆھرەتپەرەس ۋە شەخسى-
يەتچى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە بىۋاستە نەشتەر
سانجىشى ئۈچۈن كەڭ مەيدان ھازىرلاپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار
ئارىسىدىكى زىددىيەت ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ۋە
بەزى ئىجتىمائىي پاجىئەلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئابرۇي-
لىرى، ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا باشقىلارنىڭ ھەرقانداق قۇربان
بېرىشىنى ھېسابقا ئالمايدۇ. رومان ۋەقەلىكى جەلپكار ۋە قىزى-
قارلىق بولۇپ ئوقۇش بىلەنلا ئوقۇرمەننى تەبىئىي رەۋىشتە قاينام -
تاشقىنلىق، قىزىقارلىق ھايات مەنزىرىسى ئىچىگە، مۇرەككەپ



ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. رومانىنىڭ تىلى
ئاممىباب ۋە چۈشىنىشلىك، سۇژىت قۇرۇلمىسى پۇختا ۋە قىزى-
قارلىق، شۇنداقلا تاق لىنىيىلىك بولۇپ، ئوقۇغۇچىغا يەڭگىل-
لىك ۋە قىزىقارلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. رومان پېرسوناژلىرى
ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرگە باغلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئۈچىنچى ئەۋلاد ئەۋ-
ۋەر ۋە گۈلشەنلەر كىچىكىدىن بىرگە چوڭ بولغان ۋە بويىغا
يەتكەندە بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن بىر جۈپلەردىن ئىدى.
ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى يەنىمۇ مۇرەككەپ ئائىلى-
ۋى زىددىيەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. بىز ئاشۇ ۋەقەلىكتىن شۇنى
روشەن ھېس قىلىمىزكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى
ئىجتىمائىي پاجىئەلەر ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قەلبلىرىدە سا-
قايماس جاراھەت داغلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۈچىنچى ئەۋلاد-
تا بۇنداق ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بولمىغاچقا
ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق بىر ئۆچمەنلىك باش كۆتۈرمەيدۇ.
دېمەك، رومان بىزگە ئەنە شۇ قالايمىقان يىللارنىڭ ئىجتىمائىيد-
تىمىزدە ساقلىنىپ قالغان ئىزلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن ئاشۇ
دەۋرلەر ھەققىدىمۇ ئېنىق ئۇنلىمەي تۇرۇپ، كۆپ نەرسىلەرنى
دەپ بېرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئىچىدە ياسىن
ۋالىي چىرىكلەشكەن بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ تىپى سۈپىتىدە
بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇ ھەممىلا ئىشنى ھوقۇق، مەرتى-
ۋە، مۇناسىۋەت ۋە پۇلغا تايىنىپ ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى
پۇختا بىلىدۇ. بىز ياسىن ۋالىينىڭ ئوغلى ئادىلجان ۋەقە سادىر
قىلغاندا ساقچى باشلىقى بىلەن ۋالىي ئوتتۇرىسىدىكى ئىخچام
سۇژىت كۆرۈنۈشلىرىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوب-
رازلىق ۋە ئېنىق كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، بىز رومانىنىڭ تۆۋەن-
دىكى سەھىپىلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى.
«ساقچى باشلىقى ياسىنجان ۋالىيغا ئادىلجانىنىڭ يېقىندىن

بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

— ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار، ھازىر قانۇن ئورۇنلىرىدىكى خىزمەتچىلەرگە قويۇلۇۋاتقان تەلەپ بەك قاتتىق، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — ئادىلجانمۇ بىلىدۇ، بىز يېقىندىلا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقاندا ھاراق ئىچىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بىر ساقچىغا چارە كۆرۈپ خىزمەتتىن بوشاتتۇق، ئادىلجان بولسا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ۋەقە تۇغدۇردى. شۇ كۈنىمۇ ئەسلىدە ئادىلجاننى ئىدارىدە نۆۋەتچىلىككە بەلگىلىگەنىكەن. لېكىن ئۇ ئەترەت باشلىقىغا: «مومام ئوپېراتسىيە قىلىنغان، مەن كەچتە مومامغا قارىمىسام بولمايدۇ» دەپ يالغان ئېيتىپ، ئولتۇرۇشقا كېتىپ ئاخىر بۇ ۋەقەنى سادىر قىلدى. ئىلگىرى بىز سىلىنىڭ يۈزلىرىنى قىلىپ تەربىيە بېرىپلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ كەلگەن، بۇنىڭغا ئىدارىدە باشقىلارنىڭ پىكرىمۇ جىق. بۇ ئىشنى ئەمدى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولىدىكىن، بىزنىڭمۇ بېشىمىز قېتىپ قالدى...

«بۇ ئاداش زادى نېمە دېمەكچى؟ — ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىزار بولۇپ قاراپ قويدى، — مېنى چېكىپ باقاي دەۋاتامدۇ؟ ياكى مۇشۇ باھانىدە بىرەر نەرسە ھەل قىلىۋالماقچىمۇ؟... مەن ساڭا ئوخشاش نېمىلەرنى كۆپ كۆرگەن، قېنى نېمە دەيسەنكىن، يۈرىكىڭدىكى مەقسىتىڭنى ئاڭلاپ باقاي...»

— ئادىلجانغا قانداق چارە كۆرمەكچى سىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەنغۇ ئامال بار يېنىكرەك بىر تەرەپ قىلىش تەرەپدارى، ئۆزلىرىمۇ بىلىلا، بۇ يالغۇز مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس...

— مەن سىلىگە باشتىلا دېگەن، — ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ



سۆزىنى بۆلدى، — ئادىلجان سەل شوخراق، شۇڭاك چىڭراق تۇتۇڭلار دەپ. مەسئۇلىيەتنىڭ بىر قىسمى سىلەردىمۇ بار، نېمىدەپ ئۇنىڭغا ماشىنا تۇتقۇزۇپ قويىسىلەر؟

— جىنايى ئىشلار ئەترىتىدىكىلەرگە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ماشىنا سەپلەپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسى.

ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىغا قاراپ قويۇپ سورىدى.

— سىلىنىڭمۇ بالىلىرى باردۇ؟

ۋالىينىڭ سوئالى ساقچى باشلىقىنى ئەجەبلەندۈردى.

— بار، — دېدى ئۇ، — مەن بالىغا خېلى باي. تۆت بالا بار.

— ھەممىسى خىزمەت قىلامدۇ؟

— ئۈچى خىزمەتكە ئورۇنلاشتى.

— تۆتىنچىسىچۇ؟

— كەنجىسى قىز ئىدى، سىفەننى پۈتتۈرۈپ كەلگىلى بىر يىل بولدى، شەھەردە ھېچ ئورۇن چىقمايۋاتىدۇ، مائارىپتىكىلەر بىلەن كۆرۈشسەم يېزا مەكتەپلىرىنى دەۋاتىدۇ، قىزىم بولسا يېزىغا بېرىشقا ئۇنىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ.

«مۇنداق يېرىڭ بار ئىكەن - دە. بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ؟»... ياسىنجان ۋالىي ساقچى باشلىقىنىڭ ئىلتىجا بىلەن دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - دە:

— شەھەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئوغرىدىن - توغرا دېمەستىن.

— كۆرۈشكەن، تۇرغۇن شىجاڭغا دېگەنتىم، ئۇ ئادەم شەھەردىكى مەكتەپلەردە شتات ئېشىپ كەتتى، ئورۇن يوق دەيدۇ.

ئەسلىدە شەھەر باشلىقى تۇرغۇن ئۆز ۋاقتىدا بىر تۇغقىنىنىڭ نوپۇسىنى ھەل قىلىپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساقچى باشلىقىنى سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قايتۇرغانىدى.

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى ياسىنجان ۋالىي سائىتىگە قاراپ قويۇپ، — سىلىدىمۇ بالا دەردى بار ئىكەن - دە، مۇنداق قىلايلى، سىلى ئەتە بالىنىڭ ئەھۋالىنى يېزىپ ئىشخانامغا بېرىڭلار، مەن تۇرغۇن شىجاڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي...

ساقچى باشلىقىنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى، ئۇ خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

— رەھمەت، ۋالىي، — دېدى ئۇ خۇشامەت بىلەن ئېگىلىپ، — نەچچە ۋاقىتتىن سىلىنى ئىزدەپ بارايمۇ دېگەن، لېكىن سىلىنى بىسەرەمجان قىلىشقا پېتىنالمىدىم، سىلىنىڭ بۇ غەمخورلۇقلىرىنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن...

— ئادىلجاننىڭ ئىشىنى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى ياسىنجان ۋالىي ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ.

— ئادىلجاندىن خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ساقچى باشلىقى دەرھال، — مەنمۇ ئوبدان نەسىھەت قىلدىم. سىلى دېگەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بىر ۋىلايەتنىڭ رەھبىرى، سىلىنىڭ ئابرۇيلىرىنى قوغدىمىساق قانداق بولىدۇ؟ بىز ئادىلجاننىڭ ئىشىنى قايتا مۇزاكىرىلىشىپ باقارمىز، ياش باللار ئەمەسمۇ، تەربىيە قىلىۋالساق بولىدۇ...»

بۇ دىئالوگلاردىن يەنە شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، زامانىمىزدىكى بەزى ئاز ساندىكى مەنسەپدارلار مەنسەپ ۋە ھوقۇقنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ مۇستەھكەم قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇلاردا نە ئادالەت، نە خەلقچىللىق تۇيغۇسى بولسۇن يۇقىرىقى دىئالوگدىكى ياسىن بىلەن ساقچى باشلىقى ئارىسىدىكى «كېلىشىم» شۇقەدەر جانلىق يېزىلغانكى، بىز ئۇنىڭدىن ئاشۇ ئىجتىمائىي چىرىكلىكلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا ھېس قىلالايمىز.



يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «قىسمەت» ناملىق رومانىدىمۇ خۇددى ئالدىنقى ئىككى رومانغا ئوخشاشلا كىشلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە كۆرۈنۈشلىرى كەڭ قەلەمگە ئېلىنىدۇ، روماندا ياسىن ۋالىي بىلەن ھەلىمە ئارىسىدىكى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈش قەدەممۇقەدەم بىر - بىرىدىن يىرگىنىچكە ئۆزگىرىپ، چىن سۆيگۈ، سەممىي مۇھەببەت ياسىن ۋالىيدەك مەنسەپپەرەس ھوقۇقدارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ھال بىزگە يەنە زامانىۋى ئاڭنىڭ بەزى تەرەپلىرى بولۇپمۇ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىدە ئاجايىپ زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي پاجىئەلەر دەل ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ يازغۇچىلارغا خاس سەزگۈر دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقاندۇر.

«قىسمەت» رومانىدا يازغۇچى ھېچقانچە زورۇقماي تۇرۇپلا ھېكايە ۋەقەلىكىنى تۇپتۇز لىنىيە بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ نۇرغۇنلىغان ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئوقۇرمەن قەلبىگە تىنۋىشسىز قويۇپ قويىدۇ. بۇ قەلىمى پىشقان، ئىجتىمائىي ھاياتنى كۆزىتىشكە ماھىر، ئىزدىنىش روھىغا باي قەلەم ئىگىلىرىلا ئورۇندىيالايدىغان مۇشكۈل ۋەزىپىدۇر.

يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «قىسمەت» ناملىق رومانىمۇ خۇددى ئالدىنقى رومانلىرىغا ئوخشاش بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي تېما قىلغان رومان بولۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى خېلىلا رازى قىلىدى دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى 2008 - يىلى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يەنە بىر يېڭى بەدىئىي مېۋىنى تەقدىم قىلدى، ئۇ بولسىمۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي يېتىلىشىنى ئەڭ گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەرلىرىدىن

بىرى «يېگانه دۇنيا» دۇر. «يېگانه دۇنيا» رومانى ئىلى ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ بولۇپمۇ تارانچىلارنىڭ قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە يېزا
تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ روماندا يازغۇچى ۋەكىللىك خاراك-
تېرگە ئىگە بولغان بۇلاقساي كەنتىدىكى تارانچىلارنىڭ يېڭى
دەۋردىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار ئالدىدا ھەر خىل زىددىيەتلەر-
گە دۇچ كەلگەن سۇژېتىنى رومانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى سۈپە-
تىدە ئەكس ئەتتۇرىدۇ. رومان دەسلىپىدىلا ناھىيىدىن يىراق
بۇلاقساي كەنتىنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە نامرات
يېزا تۇرمۇشى بىلەن ئوقۇرمەننى ئۇچراشتۇرىدۇ. كىتابخان دەس-
لەپتىلا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ھايات قاراشلىرىنى
ۋە گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇلارنىڭ ساددا، جاپاكەش كىشىلەر
ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ سادda ھاياتىي قاراشلىرىدىن باشقا بىر
يۈكسەك غايىلىرىنىڭمۇ يوق ئىكەنلىكىنى كىتابخانلارغا تەبىئىي
رەۋىشتە ئۇقتۇرىدۇ. رومانىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار مەھەللى-
دىكى بىردىنبىر ماگىزىن يارىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا توپلىشىپ
قارتا ئوينىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. رومانىدىكى مەسۇم تاران، تې-
يىپ، ئىسراپىل ئىلەك، نۇرى، پەرىدە قاتارلىق ئاساسىي
پېرسوناژلار روماندا باشتىن ـ ئاخىر مۇرەككەپ ئىجتىمائىي
زىددىيەتلەر ئىچىدە يۈكسەك ئومۇملاشقان ئوبرازلار سۈپىتىدە
رول ئوينايدۇ.

تارانچىلار ئاجايىپ خەلق. ئۇلار تۇرمۇشىنىڭ ئاجايىپ دەھ-
شەتلىرىنىمۇ ناخشا، چاقچاق، قىزىقچىلىق ۋە لەتىپىلەر بىلەن
ھايات كۈلكىلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ياشاپ كەلگەن. شۇڭا تارانچى-
لاردا چاقچاق قىلالمايدىغان ۋە چاقچاقنى كۆتۈرەلمەيدىغان بىرمۇ
ئادەم يوق. بۇ ھال ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەن-
دۇرگەن. «يېگانه دۇنيا» روماندا يازغۇچى تارانچىلارنىڭ مانا
شۇ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى خېلى ياخشى يورۇتقان. رومانىدىكى



پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك لەقىمى بار. مەسىلەن،
مەسۇم تاراننىڭ لەقىمى «توك»، كەنت باشلىقى تېيىپنىڭ لەقە-
مى «كالا». بۇ ئىككىيلەن ئارىسىدىكى مۇنۇ دىئالوگ تەسۋىرىنى
كۆرەيلى.

«بىزنىڭ ھويلىدا تۇۋلىغان ئاۋازى مەسۇم تاراننىڭ كۆڭۈل-
سىز خىياللىرىنى چېچىۋەتتى، مەسۇم تاران ھويلىغا قاراپ،
كەنت باشلىقى تېيىپنى تونۇپ، جايىدىن مىدىرلىمىدى.
‹ئەتىگەندە بۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ — دېدى ئۇ خۇشياقمى-
غاندەك تەرىنى تۇرۇپ، — ھەرقاچان، شۇ پۇلنى تاپشۇر دەپ
كەلدى. مۇشۇ تاپتا ئىچىدىغان چايغا تېيىن يوق، ساڭا نەدىكى
پۇل؟ . . . دەپتىرىڭگە يېزىپ قويۇپ تۇرارسەن. . . ›
مەسۇم تاراننىڭ خىيالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ كەنت باشلىقى
ئۆيىگە ئېگىز بويلۇق ئىسراپىلنى باشلاپ كىرىپ كەلدى، ئىسرا-
پىل ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىۋېتىپ، بېشىنى ئىشىككە ئۇرۇۋال-
دىيۇ، چاندۇرماستىن ئاغرىقنى ئىچىگە يۇتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن
كىرگەن تېيىپ كۈلگىنىچە:
— يەنە ئۇرۇۋالدىڭمۇ، — دېدى بېشىنى چايقاپ، —
بۇلاقسايدا بىرەر يىل تۇرساڭ خېلى پاكارلاپ قالىدىغان ئوخشاي-
سەن. . .
ئىسراپىل گەپ قىلماستىن كۈلۈپلا قويدى.
— مەسۇمكا، بارمىسەنوي؟ — تېيىپ پەنجىر ئالدىدا ئول-
تۇرغان ئۆي ئىگىسىگە قاراپ گەپ قىلدى، — پاھ، ئىسسىقتا
ئېرىپ كەتمەي دەپ ئۆيگە تىقىلىۋاپسەن ـ دە ـ ھە؟ دېدى مەسۇم
تاراننىڭ لەقىمىنى شەپە كەلتۈرۈپ.
— ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئاڭلىسام، سېنى كۆكۈيۈن-
دىن قېچىپ گەمىدە يېتىپ يۈرىدۇ دەيدىغۇ؟ . . .
— ئۆيۈڭ گەمىدىنمۇ بەتتەر ئىكەن، مۇز چىقىدىغۇ؟ قىش

كەلسە يايراپ كېتىدىكەنسەن - دە - ھە، مەسۇمكا؟

— مەندىن بەكرەك سەن خۇش بولارسەن، بىكار يېتىپ يەيسەن - دە؟ . . .

. . . . . .

سالام - سەھەتتىن كېيىن تېيىپ ئىسراپىلنى تونۇشتۇردى. . .

— بۇياقنى تونۇمايسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئىسراپىلنى كۆرسىتىپ، — بۇ بىزنىڭ يېزىغا يېقىندىن شياڭجاڭ بولۇپ كەلگەن، ئىسمى ئىسراپىل بولىدۇ، ئۇ بۇ يىل بىزنىڭ بۇلاقسايدا نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەشكە كەلدى، بۈگۈن ئەزالار بىلەن تونۇشاي دېۋىدى، ئۆيلەرنى ئارىلاۋاتىمىز، ئىسراپىل باياتىن ئىسسىپ كەتتىم دېگەنتى، ئۇنداق بولسا يۈرە، ماۋۇ يەردە مۇزدەك بىر ئۆي بار دەپ سىنىڭكىگە باشلاپ كەلدىم.

— ياخشى قىلىپسەن، — دېدى مەسۇم تاران، — بۇ گەپچە، بۈگۈن نۇرغۇن ئۆيلەرگە ئۇسۇپ بېقىپسەن - دە؟ . . .

. . . . . .

— شياڭجاڭ دېدىڭما؟ — دەپ سورىدى مەسۇم تاران ئىسراپىلغا قاراپ قويۇپ، — ياخشى بوپتۇ، قېنى، تۆپىگە ئۆتۈڭلار. . . ھاي، شەرۋان! — ئۇ دالان ئۆيىدە بىر نەرسە قىلىۋاتقان ئايالىنى چاقىردى، — مېھمانغا كۆرپە سېلىپ قويغىنا، قېنى، يۇقىرى. . .

— بولدى، بولدى، — دېدى ئىسراپىل سۇپىغا چىقىپ، كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن كىگىزگە قاراپ قويدى، ئاڭغىچە شەرۋان كونا بىر كۆرپىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندى، ئىسراپىل ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— كۆرپە سالمايلى، ئىسسىپ كېتىدىكەن.

— ماقۇل دە، — دېدى تېيىپ ئۇنىڭغا قاراپ، — بۇ ئۆيدە



ھېلىلا توڭلايسەن.

— تېيىپنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغىن، — دېدى مەسۇم تاران ئايالىغا، — ھېلى توڭلىسا دۈمبىسىگە ياپىمىز. . .

. . . . . .

— ئىسراپىل شياڭجاڭنى كۆرگەندەك قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى تېيىپ بىرئازدىن كېيىن، مەسۇم تاران مېھمانخانىغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى. . .

— چىرايىغۇ تونۇشتەك قىلىدۇ. . .

— ئىسراپىل شياڭجاڭ بىزنىڭ بۇلاقسايلىقكەن.

— بۇلاقسايلىق دەمسەن؟ — مەسۇم تاران ھەيران بولغاندەك ئىسراپىلغا قاراپ قويدى.

— كىمنىڭ بالىسى بولىدۇ؟

— ھاشىركامنى بىلىسەنغۇ؟ مەسچىتنىڭ كەينىدە ئۆيى بار. . .

— ھەئە ھاشىر «بوران» نى دەمسەن؟ . . . نېمىشقا بىلمەيمەن، بىز كىچىكىمىزدە بىللە ئوينايتۇق. . .

— شۇ ھاشىركامنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — . . . مەسۇم تاران ئىسراپىلغا قىزىقىش بىلەن قاراپ قويدى.

— مۇنداق دېگىنە، بوي - تۇرقى ئوخشاپ تۇرىدۇ . . . ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ تارانچى بالىسى ئىكەنسەنغۇ؟ — . . . مەسۇم تارانغا جان كىرگەندەك تېتىكلەشتى.

— ھە، ئاپاڭ تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق. . . — دېدى ئىسراپىل كۈلۈپ قويۇپ.

— داداڭچۇ؟

— دادامۇ ياخشى، سىزگە سالام ئېيتتى. . .

— سالامەت بولسۇن، — دېدى مەسۇم تاران ئېچىلىپ، بىردىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ قالدى، — بىز دېگەن سېنىڭ داداڭ

بىلەن كىچىكىمىزدە قىلىن دوست ئىدۇق. . . ئۇ ئوقۇپ قويغاچقا كادىر بولۇپ كەتتى، ھە، داداڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ يەنە شۇ بۇرۇنقى ئورۇندا ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ھى - ئە، ھەئە. . . شۇ ئىدارىدە. . . دادام بىرەر يىل بولدى ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، تولىراق دوختۇرخانىدا. . .

— نېمە كېسەل بولدى؟

— رېماتىزم. . .

— شامال تەگكۈزۈۋاپتۇ - دە؟ — مەسۇم تاران ئۇنىڭ ‹بوران› دېگەن لەقىمىگە توغرىلاپ چاقچاق قىلدى.

تېيىپ دەرھال گەپ قىستۇردى. . .

— سېنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈپ كىچىكىدە تەگكەن سوغۇق دېگىنە. . .

— ئۇمۇ ناتايىن، — دېدى مەسۇم تاران تېيىپقا قاراپ، — ھەرقاچان، يەرلىك بىرنېمىنىڭ گۆشىنى جىق يەپ قويدىمىكىن؟ . . .

. . . . . .

— داداڭ بۇلاقسايغىمۇ چىقماسلا بولۇپ كەتتى.

— دادامۇ دائىم بۇ يەرنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، پېنسىيىگە چىقسام بۇلاقسايغا كېتىمەن دەپ يۈرىدۇ.

— بۇلاقسايغا يېتەمدۇ؟ . . . شەھەرگە كىرىپ قالسام يېنىپ چىققۇچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ. . . ھە، ئۆزۈڭ ھەرقاچان ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇپ كەلگەن بولغىيتىڭ؟

— ھە، ئۈرۈمچىدە ئوقۇدۇم.

— نېمىنى ئۆگىنىپ كەلدىڭ؟

— ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغانتىم، كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بەش يىل ئىشلەپ، بۇ يىل يېزىغا چىقتىم. . .



— مۇنداق دېگىن، ھەي — مەسۇم تاران ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — ياخشى كەپسەن، بىزنىڭ ھالىمىز مۇشۇ، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ماكان تۇتقان يۇرتنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمىز. . . خۇداغا شۈكۈر، ئاچ - يالىڭاچ قالمىدۇق، بايمۇ بولۇپ كەتمىدۇق.

— توڭلاپمۇ قالمىدۇق دېگىنە، — تېيىپ چاقچاق قىلدى.

— كالىدەك سۆرىلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى مەسۇم تاران دەرھال.»

دېمەك، بۇ دىئالوگدىن بىز تارانچىلارنىڭ چاقچاقخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارانچىلار تىلىدىكى يەرلىك شېۋە پۇرىقىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە بېرىلگەن. بۇ يازغۇچىدىن مىللىي تۇرمۇشنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە ئەتراپلىق ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل «يېگانە دۇنيا» رومانىدا تارانچىلار تۇرمۇشىنى يازغۇچىلارغا خاس ئىستېداد بىلەن خېلى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن.

روماندا پېرسوناژلار خاراكتېرى ئىندىۋىدۇئاللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ مەسۇم تاران، تېيىپ، نۇرى، پەردە، خۇرشىدە، ئىسرايىل، ئىلەك ۋە ئۇماي قاتارلىق پېرسوناژلار ئۆزىگە خاس خاراكتېر بىلەن ئوقۇرمەننى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يازغۇچى مۇشۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى ھېچقانچە كۆچىمەي تۇرۇپ ھېكايە سۇژېتى مۇھىتىدا قىزىقارلىق تەسۋىرلەيدۇ.

روماندا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يېزىلىرىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشنىڭ شەپقەتسىز شاماللىرى مەنىۋىيىتىمىزگە قانچىلىك زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئاساسىي تىندىنسىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، ئەمما مۇئەللىپ

هېكايىنى تىندىنسىيگە بويسۇندۇرۇشنى ئويلىمىغان. مەسىلەن،
بۇلاقسايىنى ساياھەتچىلىك نۇقتىسى قىلىپ ئېچىش، بۇلاقسايلىق-
لارنى يېڭى مەھەللىگە كۆچۈرۈش، مەسۇم تاراننىڭ ئاتا مىراس
ئەسكى تۈگمىنىنىڭ تەقدىرى، بۇلاقسايدىكى نەچچە ئەۋلاد ياشى-
غان ئەجدادلارنىڭ روھى، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرى. . .
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇلاقسايلىقلار ئۈچۈن نۇرغۇن ئىدىيىۋى
توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولغان مەنبەلەر ئىدى. مەسۇم تاراندەك
ئۆتكەن كۈنگە شۈكۈر قىلىدىغان بۇلاقسايلىقلار يۇرتىنى تاشلاپ
باشقا بىر يۇرتقا كۆچۈشنى ئەسلىنى ئۇنتۇش بىلەن باراۋەر دەپ
بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز قاراشلىرىدىن، ئۆز ئەقىدىلىرىدىن
تەزمىدى. بۇ ھال زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپىنى شەكىللەندۈرگە-
نىدى. دەل مۇشۇ نۇقتىنىمۇ يازغۇچى رومانىدا چەكسىز مۇھەب-
بەت بىلەن يازدى. ھەرگىزمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ۋە مۇشۇنداق
پېرسوناژلارنى سەلبىي سۈپەتلەر بىلەن كۆرسەتمىدى. مانا بۇ
رومانىنىڭ يەنە بىر ئۇتۇقى. مېنىڭچە، يازغۇچى ئالىمجان ئىسما-
ئىلنىڭ «يېگانە دۇنيا» ناملىق رومانىنى ئۇنىڭ ئالدىنقى رومانلى-
رىغا قارىغاندا بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرگە ئېرىشكەن رومان دېيىش مۇمكىن.
يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئارقا ـ
ئارقىدىن تۆت پارچە رومانىنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەقدىم
قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلدى.
چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ رومانلىرى پۈتۈنلەي بۈگۈنكى ئۇيغۇر تۇرمۇ-
شىغا بېغىشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رومانلارنىڭ ھەممىسى
دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ رو-
مان ئىجادىيىتى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي
سالمىقىنى، شۇنداقلا بەدىئىي سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدۇ. ئا-
لىمجان ئىسمائىل رومانلىرى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلى-



رى ئىخچام، كونكرېت، ۋەقە ياكى سۇژېتنى ئاساس قىلغان
بولسىمۇ ئەمما مۇشۇ ئىخچام ۋە كونكرېت سۇژېتلار بۈگۈنكى
ھاياتىمىزدىكى ئىنتايىن مۇھىم كونكرېت ۋە سەزگۈر ئىجتىمائىي
مەسىلىلىرىگە باغلانغان. رومانلارنىڭ مەزمۇنى شەھەر تۇرمۇشى-
دىن يېزا تۇرمۇشىغىچە، زىيالىيلار تۇرمۇشىدىن مەنسەپدارلار
تۇرمۇشىغىچە بولغان كەڭ ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا
مۇشۇ ساھەلەردە ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەت ـ كەچمىشلەر-
نىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرلىرى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مەزمۇنلى-
رى، ھاياتنىڭ كۆپ قاتلاملىق مۇرەككەپ كۆرۈنۈشلىرى ئالىم-
جان ئىسمائىل رومانلىرىدا كەڭ ـ كۇشادە قەلەمگە ئېلىنىدۇ.
يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل رومانلىرىنىڭ سۇژېت قۇرۇل-
مىسى تاق لىنىيىلىك ۋە ئوڭ بايان شەكلىدە بولسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭ ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھاياتىي مەزمۇنلىرى
خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر. بۇ ئالاھىدىلىك يازغۇچىنىڭ ئەسەر
قۇرۇلمىسىغا بىرقەدەر ماھىر ئىكەنلىكىنى، ئاددىي، ئاممىباب
ۋە ئىخچام سەھىپىدە كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىشكە تىرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئالىمجان ئىسمائىل رومانلىرىدا ئاپتور تىلىدا بېرىلىدىغان
بايانلار كۆپ سەھىپىلەرنى ئىگىلىمەيدۇ، دىئالوگلۇق قۇرۇلمىلار
مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە
خاس خاراكتېرلىرى ھەققىدە ئۆزۈن بايانلارنى بەرمەيدۇ. پەقەت
دىئالوگ يولى بىلەنلا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىشكە
تىرىشىدۇ. شۇڭا يازغۇچىنىڭ بۇ تۆت رومانى بىز يۇقىرىدا بايان
قىلغىنىمىزدەك كۈچلۈك رېئال تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە.
ئەلۋەتتە، يازغۇچى ئالىمجان ئىسمائىل رومانلىرىنىڭ بەدى-
ئىي مۇۋەپپەقىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما مې-
نىڭ ھېس قىلىشىمچە بۇ رومانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەندىكىدەك

بىرقانچە مەسىلە ساقلانغان:

ئالدى بىلەن، ئالىمجان ئىسمائىل رومانلىرىدا سۇژىت تەرەققىياتى بىر خىل تۈز سىزىقلىق لىنىيە بويىچە ئىنتايىن نورمال راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئوقۇرمەن تېخى ئويلاپ يەتمىگەن ئاجايىپ ئىجتىمائىي پاجىئەلەر ۋە تراگېدىيىلەر ئەكس ئەتمەيدۇ. ئەمەلدە بەدىئىي ئەدەبىيات ھاياتىنىڭ تېخى كىتابخانغا مەلۇم بولمىغان كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. بۇ رومانلاردىكى يەنە بىر مەسىلە شۇكى، رومانلار مەيلى تەسۋىر، مەيلى مۇئەللىپ تىلى نۇقتىسىدىن بولسۇن، كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات تۈيغۇسى ئاتا قىلالمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىنىڭ رومانلىرىدا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرلىرى ئاپتورنىڭ كۈچلۈك لىرىك ھېسسىياتى بىلەن يېزىلمىغان.



مەسئۇل مۇھەررىر : تۇرغۇن داۋۇت
مەسئۇل كوررېكتور: قەلبىنۇر ياسىن

# ئەدەبىياتىمىز نېمە دەيدۇ

ئابدۇبەسىر شۈكۈرى

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2010 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2010 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 10.75 |
| سانى | : | 0001-2000 |
| باھاسى | : | 15.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-10770-4/I.2150 (维 303)

## 借书还期表

| 还　期 | 还　期 |
|---|---|
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |
| | |

图书在版编目(CIP)数据

论维吾尔现代文学：维吾尔文/阿布都拜斯尔·许库尔著. —北京：民族出版社， 2010.5
ISBN 978-7-105-10770-4

Ⅰ.论··· Ⅱ.①阿··· Ⅲ. ①维吾尔族—现代文学—文学研究—中国 —维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 088324 号

责任编辑：图尔贡·达吾提
责任校对：凯丽比努尔·亚森
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京市艺辉印刷有限公司
版　　次：2010 年 6 月第 1 版 2010年 6 月第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：10.75
印　　数：0001-2000
定　　价：15.00 元

ISBN 978-7-105-10770-4/I.2150（维 303）